مۇھەممەت زۇنۇن

# مەدەنىيەت ـ سەنئەت
# ۋەسوتسىيالىستىك بازارئىگىلىكى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مۇھەممەت زۇنۇن

# مەدەنىيەت ـ سەنئەت ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى

( ماقالىلەر )

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# مۇھەررىردىن

مۇھەممەت زۇنۇن ( ئاتىسىنىڭ ئىسمى مۇھەممەتئىبلى ) 1937 ـ يىل 10 ـ ئايدا قەشقەردە تۇغۇلغان. 1951 ـ يىلى شىنجاڭ داشۆسىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا كىرىپ ئوقۇغان. 1953 ـ يىلى بېيجىڭ پېداگوگىكا داشۆسىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن. 1958 ـ يىلى ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭ داشۆسىگە ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىنغان. ئۇ مەملىكەتلىك ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ پېداگوگىكا داشۆسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1988 ـ يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

مۇھەممەت زۇنۇن 60 ـ يىللاردىن بۇيان ھەر قايسى مەتبۇئاتلاردا كۆپلىگەن شېئىر، ئىلمىي ماقالە ۋە ئەدەبىي تەرجىمە ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلدى. « جۇڭگودىكى تارىختىن بۇيانقى ئاز سانلىق مىللەتلەر توغرىسىدىكى ماقالىلەردىن تاللانما »، « جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخى »، « ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى » ( ئالتە كىتاب ) قاتارلىق مۇھىم ئەسەرلەرنى تۈزۈشكە قاتناشتى.

ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ، لۇشۈن تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ۋە جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى، شىنجاڭ ئۇن ئىككى

ـۇقام تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ۋە شىنجاڭ تاشقى دوستلۇق
جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، پروفېسسور.

بۇ كىتابقا ئۇنىڭ يېقىنقى يىللاردا يازغان بىر قىسىم
ـاقالىلىرى كىرگۈزۈلدى.

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ۋە مەدەنىيەت ـ سەنئەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ........................................ 1
جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ قىبلىنا ـ مىسى ........................................ 26
ئىدىيىنى دادىل ئازاد قىلىپ، كۆزقاراشنى يېڭىلاپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىسلاھاتىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى ........................................ 51
ئېسىل ئەسەرلەر ئارقىلىق كىشىلەرگە ئىلھام بېرىش لازىم ... 73
« نۇتۇق » مەڭگۈ پارلاق نۇر چاچىدۇ ........................ 90
شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى ۋەتەن بىرلىكىنى مۇستەھ ـ كەملەش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرايلى ........................................ 111
ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋە ـ زىيەت يارىتايلى ........................................ 121
ئىتتىپاقلىشىپ ئىزدىنىپ، شىنجاڭنىڭ تىياتىر چىلىق سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرايلى ۋە گۈللەندۈرەيلى ........................ 141
ئاممىۋى مەدەنىيەتنى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدا گۈللەندۈرەيلى ........................................ 157
شىنجاڭنىڭ بۈگۈنكى مەدەنىيەت ـ سەنئەت مۇۋەپپەقىيەتلى ـ رى ھەققىدە ........................................ 185
ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ يېڭى باھارى ........................ 197
« مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش قانۇنى » نى

تېخىمۇ ياخشى ئىزچىللاشتۇرايلى .................... 233

يىپەك يولى باغرىدىكى مېلودىك چەشمە ئۇيغۇر خەلق ناخشىلى-
رى توغرىسىدا .................................... 255

شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ كەلگۈسى تەرەق-
قىيات نىشانى ۋە نۆۋەتتىكى ۋەزىپىلەر .................. 271

سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى ئىجادىيەتتە .......... 306


www.uyghurkitap.com

# سوتسيالىستىك بازار ئىگىلىكى ۋە مەدەنىيەت ـ سەنئەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى

## مەدەنىيەت ـ سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەررەر يولى

يولداش جياڭ زېمىن پارتىيىنىڭ 14 ـ قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا : ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ نىشانى ــ سوتسيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ، دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى . بۇ ، سوتسيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ھەل قىلغۇچ تەدبىر . ئۇ ، ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى ، ئېلىمىزنىڭ ئىگىلىكىنى تېز راۋاجلاندۇرۇشقا غايەت زور ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قوشتى ، ئۇ ، مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە .

سوتسيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىش ــ جۇڭخۇا ئېلىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەررەر يولى ، ھازىرقى باسقۇچتا جۇڭگودا سوتسيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئەڭ زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇشتىكى تارىخىي تاللاش .

سوتسيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدىكى زور ئۆزگىرىش بولۇپ ، بىر قېتىملىق ئۇلۇغ ئىنقىلاب . ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىكى بۇ زور ئۆزگىرىش سوتسيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزنىڭ يېڭى بىر تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بەردى . بۇ ئۆزگىرىش ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ساھەسىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپلا

قالماستىن، ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ساھەسىنىمۇ زىلزىلىگە كەلتۈردى. ئىقتىسادىي ھەرىكەت ئۇسۇلىنىڭ تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشى مەدەنىيەت ـ سەنئەت تۈزۈلمىسىنىڭ مۇناسىپ ئىسلاھ قىلىنىشىغا مۇقەررەر چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ ھەم ئۇنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرىمىزنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ھەم پۇرسەت يارىتىپ بەردى، ھەم ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى يېڭى رىقابەتكە يۈزلەندۈرۈپ، قانداق قىلغاندا مەدەنىيەت ـ سەنئەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى بىلەن ماسلاشتۇرۇپ ئېلىپ بارغىلى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ھەم مەدەنىيەت ـ سەنئەت تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرغىلى بولىدۇ، دېگەن چوڭ مۇھاكىمىنى چۆرىدىگەن ھالدا نۇرغۇن نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ئالدىمىزغا قويدى.

## قاتمال تۈزۈلمە، ھازىرقى ھالەت، يېڭى خىرىس

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ساھەسى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئېچىۋېتىش داۋامىدا ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشى ۋە بارچە گۈللەر تەڭ ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش فاڭجېنىدا، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ كۆپ خىل رولىنىڭ بىرلىكىدە، تېمىنى كۆپ خىللاشتۇرۇش بىلەن دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامىنى گەۋدىلەندۈرۈشنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىسىل

مىللىي مەدەنىيەتنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، ئەدەبىيات، كىنو، تېلېۋىزىيە، مۇزىكا، ئۇسسۇل، گۈزەل سەنئەت، تىياتىر قاتارلىق تۈرلۈك مەدەنىيەت ئىشلىرىدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى دەۋر روھىغا ۋە شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ساغلام مەنىۋى مەھسۇلاتلار بىلەن تەمىن ئېتىپ، خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى، گۈللىنىشىنى، مەدەنىيەتلىك بولۇشىنى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا مۇھىم تۆھپە قوشتى. لېكىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بەرپا قىلىش تەلىپىگە ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشالمايۋاتىدۇ. پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈشتىن ئىبارەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئارقىلىق رېئال تۇرمۇشىمىزدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەن جۇشقۇن ۋەزىيەتتە مەدەنىيەت ـ سەنئەت ساھەسى يېڭى خىرىسقا دۇچ كەلمەكتە:

مەدەنىيەت ـ سەنئەتنىڭ ھازىرقى تۈزۈلمىسى پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇلغان ھالدا ئورنىتىلغان. بۇ خىل تۈزۈلمىدە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىغا قارىتا ئاساسىي جەھەتتىن دۆلەت ھۆددىگە ئېلىش چارىسىنى قوللىنىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇ ئەينى تارىخىي شارائىتتا ھەقىقەتەن بىر مۇنچە ئىجابىي رول ئوينىغان بولسىمۇ، بۇ خىل تۈزۈلمە ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ تەشەببۇسكارلىق، ئىجادچانلىق روھىنى، رىقابەت ئېڭىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەشكىلاتلىرى «داشقازان تامىقى»، «تۆمۈر تاۋاق» قا

ئادەتلىنىپ قالدى . « داشقازان تامىقى » ، « بۇمۇر قاۋاق » تۈزۈمى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك مەنىۋى ئەمگەكتىن ئىبارەت ئىچكى مېخانىزمنى بۇزۇپ تاشلاپلا قالماستىن ، بەلكى كىشىلەرنىڭ ماھىيەتلىك ئىجادىيەت ئىقتىدارىنىڭ چېكىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ ، كىشىلەرنى ئالغا ئىنتىلىشنى ئويلىمايدىغان ، تەقسىماتنىڭ تەڭ ـ باراۋەر بولۇشىنى تىلەيدىغان قىلىپ قويۇپ ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشىنى ، كىشىلەرنىڭ ئىجادچانلىق كۈچىنىڭ قېتىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ ، قاتمال تۈزۈلمىنى مۇستەھكەملەپ ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ، جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىدىكى جاھىل توسالغۇغا ئايلىنىپ قالدى . ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۈچلىرىنى ئازاد قىلىشقا ئېغىر توسالغۇ بولدى ؛ ھەر دەرىجىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرىدە ئىشتىن ئادەم كۆپ بولۇش ، سەھنىگە چىقىدىغانلار بىلەن چىقمايدىغانلار ئوخشاش بولۇش ، ئىشقا كېلىدىغانلار بىلەن كەلمەيدىغانلار ئوخشاش بولۇش ، ياخشى ئىشلىگەنلەر بىلەن ياخشى ئىشلىمىگەنلەر ئوخشاش بولۇشتەك تولىمۇ نورمالسىز ھادىسىلەر كېلىپ چىقتى . نامۇۋاپىق كونا تۈزۈلمىدىكى قاتماللىق ، بەزى سەنئەت ئۆمەكلىرى تاماشىبىنلارغا يىللاپ تۈزۈك ئويۇن قويمىسىمۇ ، بىر تىيىن ئىقتىسادىي كىرىم قىلمىسىمۇ ئۆمەك خادىملىرىنىڭ مائاشى بىلەن مۇكاپات پۇلى ئوخشاشلا تارقىتىلىۋېرىدىغان « ئىشلىمەي چىشلەش » تەك تەقسىماتچىلىق ئۇسۇلى سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ رىقابەت ، خەۋپ تۇيغۇسىنى ، ئىزدىنىش ، ئىجاد قىلىش ھەم ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىش ئىقتىدارىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويدى . سەنئەت تەشكىلاتلىرى ۋە سەنئەتكارلاردا سەھنە ، ئېكران ، بازار ھەم خېرىدار تالىشىدىغان جانلىق رىقابەت مۇھىتى ھەقىقىي تۈردە

شەكىللەنمىدى .

يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھازىر بىر مۇنچە سەنئەت ئۆمەكلىرى، ھەتتا داڭلىق سەنئەت ئۆمەكلىرىمۇ خەلقتىن ئايرىلىپ قالدى . بەزى سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ ئويۇننى ھېچكىم كۆرمەيدىغان ھالەت شەكىللەندى . پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە تاۋار بازىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى، تېلېۋىزىيىنىڭ ئومۇملىششى ؛ كۆپلىگەن ئائىلىلەردە ئۈنئالغۇ، سىنقويغۇلارنىڭ ئومۇملىششقا باشلىغانلىقى ؛ جەمئىيەتتە ئاممىۋى خاراكتېرلىك كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنىڭ شىددەت بىلەن كۆپىيىشى ؛ خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە كۆپ خىللىششى بىلەن ھەرخىل تىپتىكى كىنو، تىياتىرخانىلار ھەر قېتىمدا تاماشىبىنلار بىلەن لىق تولىدىغان ھالەت يوقالدى . نۇرغۇن ئەدەبىيات ـ سەنئەت تۈرلىرىنىڭ تاماشىبىنلىرى كۈنسېرى ئازىيىپ كېتىش ئەھۋالى كېلىپ چىقتى . بولۇپمۇ، سەنئەت ئۆمەكلىرى ھازىر ئېغىر ۋەزىيەتكە دۇچ كەلمەكتە . ئەمدى مەدەنىيەت ـ سەنئەت ساھەسى پۈتكۈل زېھنىنى يىغىپ بازار رىقابىتىگە توغرا تۇرمىسا بولمايدىغان بولۇپ قالدى .

### ئالدىنقى بىر مەزگىللىك ئىسلاھاتنىڭ قىسمەن تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى

شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ساھەسىدە ھازىرغا قەدەر ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاھات جەريانىدا مەدەنىيەت نازارىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ باشلىقلىرىنى تاللاشتا ئاشكارا خېرىدار چاقىرىپ قىسمەن ھۆددىگە بېرىش قاتارلىق ئىسلاھات تەدبىرلىرى يولغا قويۇلدى . بۇنىڭدا ئىسلاھاتنىڭ ئومۇمىي

يېتەكچى ئىدىيىسى توغرا بولۇپ مەلۇم ئۈنۈمگە ئېرىشتى . لېكىن ، مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ئىسلاھاتتا ساقلانغان ئاچقۇچلۇق مەسىلە — قاراپ بېقىش پوزىتسىيىسىدە بولۇپ ، ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلاشمىغانلىقى ، دادىل ئېلىپ بېرىلمىغانلىقى ، ئۈزۈل - كېسىل بولمىغانلىقىدا ؛ بىر تەرەپلىمە ھالدا شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە مۇقىملىق تەكىتلىنىپ ، ھازىرقى ھالەتتىن قانائەتلىنىش ، ئالدىرىماي ئىش كۆرۈش ئىدىيىسىنىڭ بىرقەدەر ئومۇميۈزلۈك ساقلانغانلىقى ، يېڭىلىق يارىتىشتىكى ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەشتىكى ، باتۇرلۇق بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتىكى پىكىر يوللىرىنى توسۇپ قويىدىغان بېكىنمە ئىدىيە ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان كونىچە كۆزقاراشلار چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىدا ؛ سەنئەتچىلەرنىڭ روھىي ھالىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، بىر تەرەپتىن ، ئەدەبىيات - سەنئەتنى بازارغا يۈزلەندۈرۈشنى ئاكتىپ ياقىلاش پوزىتسىيىسىدە بولسىمۇ ، يەنە بىر تەرەپتىن ، ئۇلاردا تاۋار ئىگىلىكىدىن ئىبارەت زور دولقۇننىڭ زەربىسى ئاستىدا شاللىنىپ كېتىشتىن ئەنسىرەشتەك روھىي ھالەت ئومۇميۈزلۈك ساقلانغانلىقىدا .

ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىش كىشىلەردىن ئىدىيىنى ئازاد قىلىشنى ۋە ئىجادىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇشنى تەلەپ قىلىدۇ . مەدەنىيەت - سەنئەت خادىملىرىنىڭ جانلىق تەپەككۇرى ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى يول ئېچىش كۈچى خەلق ئاممىسىغا ، ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىغا بىۋاسىتە ، ئۈنۈملۈك ۋە ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ . لېكىن مەدەنىيەت - سەنئەت خادىملىرى يۇقىرىقىدەك روھىي ھالەت تۈپەيلىدىن ئىسلاھاتنىڭ ئېھتىياجى ۋە تەلىپىگە ماسلىشالمايۋاتىدۇ .

ئالدىنقى بىر مەزگىللىك ئىسلاھات ئەمەلىيىتىنى باشتىن

www.uyghurkitap.com

كەچەرگەن مەدەنىيەت ـ سەنئەت ساھەسى تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلىشىمىز ، ئۆزىمىزگە ھەققەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ئاساستا سوغۇققانلىق بىلەن باھا بېرىپ ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ھەققىدىكى چوڭ مۇھاكىمىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ بازارغا يۈزلەندۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىق ھالدا نۇقتىئىنەزەرنى ئۆزگەرتىش ، مېخانىزمنى يەڭگۈشلەشنىڭ ، « داشقازان » ، « تۆمۈر تاۋاق » ، « تۆمۈر ئورۇندۇق » نى چېقىپ تاشلاشنىڭ ، مەدەنىيەت ـ سەنئەت كۈچلىرىنى ئازاد قىلىشنىڭ ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق قوزغاش ۋە جارى قىلدۇرۇشنىڭ ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تېخىمۇ زور گۈللىنىشىنىڭ بىر قېتىملىق تارىخىي پۇرسىتى دەپ تونۇشىمىز ؛ ئىسلاھاتقا بولغان يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇمىز بىلەن ئەقىل ـ پاراستىمىز ۋە كۈچىمىزنى ئىشقا سېلىپ ، ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ ، كاللىنى يېڭىلاپ ، ئويلاشقا ، ئىشلەشكە ، ئىزدىنىشكە ، يېڭىلىق يارىتىشقا ، دادىللىق بىلەن سىناق قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ ، تارىخ بىزگە يۈكلىگەن مەدەنىيەت ـ سەنئەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى « سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش » نى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ نىشانىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز لازىم .

## سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجتىمائىي رولى ۋە بەدىئىي فۇنكسىيىسىنى توغرا تونۇش ، جارى قىلدۇرۇش كېرەك

ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى بازار ئىگىلىكىگە يۈزلەندۈرۈشتە ھەل

www.uyghurkitap.com

قىلىشقا تېگىشلىك جىددىي مەسىلە ئەدەبىيات ــ سەنئەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجتىمائىي رولى ۋە بەدىئىي فۇنكسىيىسىنى ئويىنىتىپ، سوغۇققان ۋە ئەتراپلىق چۈشىنىشتە. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مەملىكەتلىك 4 ــ نۆۋەتلىك ئەدەبىيات ــ سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىدا سۆزلىگەن سۆزىدە: «خەلقىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدىكى كۆپ تەرەپلىمە ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتا بولسۇن، سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشتە بولسۇن، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئىدىيە، مەدەنىيەت، ئەخلاق سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە بولسۇن، ئەدەبىيات ــ سەنئەت باشقا تارماقلار ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان» دەپ ئەدەبىيات ــ سەنئەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجتىمائىي رولى ۋە بەدىئىي فۇنكسىيىسىگە يۇكسەك باھا بەرگەنىدى.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئەدەبىيات ــ سەنئەتنىڭ ئېستېتىك زوق بېغىشلاش، كۆڭۈل ئېچىش، بىلىش، تەربىيىلەشتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي رولى ۋە بەدىئىي فۇنكسىيىسى ئۆزئارا ئورگانىك باغلانغان بولۇپ، بۇلار بىر ــ بىرىنى ئۆزئارا تەقەززا قىلىدۇ ۋە تولۇقلايدۇ.

ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 ــ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ــ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئەدەبىيات ــ سەنئەتتە مىسلىسىز گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، «سول» چىللىق بىلەن «ئوڭ» چىللىق، بولۇپمۇ «سول» چىللىق خاھىشى ئەدەبىيات ــ سەنئەت ئىشلىرىمىزغا تەسىر يەتكۈزۈپ ۋە توسقۇنلۇق قىلىپ كەلدى. ئەدەبىيات ــ سەنئەتنىڭ رولى، نىشانى ۋە ئۆلچىمىگە قارىتا بىر تەرەپلىمە چۈشەنچە ھۆكۈم سۈرۈپ كەلدى. ئىجتىمائىي ئۇنۇم بىر تەرەپلىمە ھالدا ھەددىدىن ئارتۇق تەكىتلىنىپ، ئىقتىسادىي

ئۈنۈمگە سەل قارالدى؛ ئىگىلىك باشقۇرۇش جەريانىدا ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى تەكىتلەش بولسا «ھەممىدە پۇلغا قاراش» دەپ قارالدى.

بىز ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى بازار ئىگىلىكىگە يۈزلەندۈرۈشتە ئىدىيىنى داددىل ئازاد قىلىشىمىز، كاللىنى يېڭىلىشىمىز، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بازىرىنى بەرپا قىلىشتا ھەم ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تاۋارلىق خۇسۇسىيىتىنى باتۇرلۇق بىلەن ئېتىراپ قىلىپ، بازار كۆز قارىشىنى ئورنىتىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى دادىللىق بىلەن بازارغا كىرگۈزۈپ، بازار ئىگىلىكىنىڭ قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىپ، بازارنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشىغا بولغان تەڭشەش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى بازارغا تېز ئويغۇنلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنىمۇ تولۇق نەزەرگە ئېلىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنى ئۆزىنىڭ روشەن بەدىئىي خاسلىقىنى باشتىن ـ ئاخىر ساقلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ بىردەكلىكى پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، مەنىۋى مەھسۇلات قىممىتى يۆنىلىشىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئەڭ ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەڭ ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم يارىتىشىمىز لازىم. ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ بىردىنبىر يولى سۈپەتلىك بەدىئىي ئەسەرلەرنى كۆپلەپ مەيدانغا كەلتۈرۈشتە.

ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى بازار ئىگىلىكىگە يۈزلەندۈرۈشتىن مەقسەت ـــ مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىش،

خەلق ئاممىسىنىڭ كۆڭۈل كۆتۈرۈشكە بولغان قانداق بىر ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ زور گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت . ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش بىزدىن « خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش » يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، « بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش ، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش » فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ . سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بەرپا قىلىنىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ توغرا يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈپ ، مىللىي مەدەنىيەتنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشىمىز ؛ سەنئەت قانۇنىيىتىگە ، سەنئەتكارلارنىڭ ئىجادىي ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلىشىمىز ، ئىجادىيەت ئەركىنلىكى ۋە قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈشىمىز ؛ يازغۇچى ، سەنئەتكارلارنىڭ نېمىنى يېزىشى ، قانداق ئويۇننى قويۇشىنى « خەلق ئۈچۈن ، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش » يۆنىلىشى ۋە « بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش ، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش » فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت ئالدىنقى شەرت ئاستىدا تولۇق ئەركىنلىككە ۋە قانۇنىنىڭ كاپالىتىگە ئىگە قىلىشىمىز ، ئۇنىڭغا يولسىزلىق بىلەن ئارىلىشىۋالماسلىقىمىز ؛ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئىدىيىسىنى ئازاد قىلىپ ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارغا ئىتتىپاقلاشقان ، دېموكراتىك ، دوستانە ، تىنچ ـ ئازادە كەيپىيات ۋە مۇھىت يارىتىپ بېرىشىمىز ، ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلىرىنى قايناق تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ ، ئىسلاھات ،

www.uyghurkitap.com

ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى مەدھىيىلەيدىغان، بەدىئىي جەزىبىلىككە ئىگە مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى تېخىمۇ كۆپ ئىجاد قىلىپ، مەزمۇنى مول، كۆپ قاتلاملىق، خىلمۇخىل سەنئەت ئەسەرلىرى بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇشىمىز كېرەك.

## ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە مەدەنىيەت بازىرى

مەنىۋى مەھسۇلات ھېسابلىنىدىغان ئەدەبىيات ـ سەنئەتمۇ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا مۇقەررەر ھالدا بازارغا، رىقابەتكە قاتنىشىدۇ ھەمدە رىقابەت جەريانىدا بازارنىڭ شاللىشىدىن ئۆتۈپ، ۋاقتى ئۆتكەن نامۇۋاپىق قۇرۇلمىلىرىنى تەگشەپ، ئامما بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇپ تېخىمۇ زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇپ تەرەققىي قىلىدۇ.

ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە مەنىۋى مەھسۇلات ئادەتتىكى ماددىي مەھسۇلاتلاردىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەت گەرچە تاۋارلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ماھىيىتى تاۋار ئەمەس، ئۇ ئىدېئولوگىيە كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ تاۋار سۈپىتىدە بازارغا يۈزلەندۈرۈلۈشى مەدەنىيەت ساھەسىدە قىممەت قانۇنىيىتىنى قوللىنىش ئارقىلىق مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپ چىقىرىش باشلانغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىراق مەدەنىيەت بازىرى ئادەتتىكى تاۋار بازىرى ئەمەس. ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت بازىرى سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى

سۈپىتىدە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئەخلاق سەۋىيىسى ۋە مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە پايدا يەتكۈزىدۇ. مەدەنىيەت بازىرىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەھسۇلاتلىرى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئوخشاش بولمىغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەھسۇلاتلىرى ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي تەسىر، ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي ئۈنۈم پەيدا قىلىدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ھەرقايسىسى ئۆزگىچە خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە، لېكىن يەنە ئورتاق ئىقتىسادىي قىممەتكە، ئىدىيىۋى، ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە. ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت داۋامىدا، ئۇ، مەدەنىيەت ئىدىيىسى ۋە ئېستېتىك قانۇنىيەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولىدۇ، ئوبوروت ساھەسىگە كىرىش جەريانىدا يەنە ئىقتىسادىي قانۇنىيەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولىدۇ. ئۇ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم كەلتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى يەنە جەمئىيەتكە مەدەنىيەت ئۈنۈمى كەلتۈرۈشى لازىم.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ھەممىسىنى نۇقۇل تاۋار دەپ قاراپ، ئۇنىڭ خاراكتېرىنى ئايرىماستىن قارىقويۇق تاۋارلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ خەلق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندا، ئاممىۋى مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى مەدەنىيەت ۋە ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت خاراكتېرىدىكى مەدەنىيەت دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. بۇ ئىككى خىل مەدەنىيەتنىڭ بازار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندا، ئاممىۋى مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى مەدەنىيەت بازار خاراكتېرىنى ئالمىغان، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت خاراكتېرىدىكى مەدەنىيەت تىجارەت خاراكتېرىنى ئالغان، بازارغا يۈزلەنگەن بولىدۇ.

خەلق ئاممىسى كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن ئۆز ئىختىيارى

بىلەن ئۇيۇشتۇرغان تۈرلۈك مەشرەپلەر، ئاقىنلار ئېيتىشىشى، چېلىشىش، ئات بەيگىسى، «قىز قوۋۇار»، خىلمۇخىل ئەدەبىيات ـ سەنئەت شەكىللىرى بىلەن تەركىبلەنگەن سەيلە ـ بايراملار مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت خاراكتېرىنى ئالغان ئىشتىن سىرتقى ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيىتى بولۇپ، مەدەنىيەت بازىرىغا يۈزلەندۈرۈلمەيدۇ.

مەدەنىيەت يۇرتى، كۇتۇپخانا، ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى، گۈزەل سەنئەت سارىيى، تارىخ مۇزېيى قاتارلىق ئورۇنلار ئاممىۋى مۇلازىمەت خاراكتېرىنى ئالغان بولۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ؛ تۈرلۈك مول مەزمۇنلۇق ئاممىۋى پائالىيەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ؛ ۋەتەنپەرۋەرلىك، تارىخ، دۆلەت ئەھۋالى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، خەلقنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتۇپ، ئۇيۇشۇش كۈچىنى كۈچەيتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئېتىقادىنى چىڭىتىپ، مىللىي غۇرۇر، مىللىي ئىشەنچ، تارىخىي بۇرچ تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بۇ مەنىۋى بايلىقلار بازار ئارقىلىق تەقسىم قىلىنمايدۇ؛ بازارنىڭ تەڭشەش چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ؛ ئۇنى قىممەت قانۇنى بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدۇ. دۆلەت بۇ مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق كۈچەيتىدۇ.

مىللەتنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان مىللىي مەدەنىيەت گۆھەرلىرى — «ئون ئىككى مۇقام»، چاڭچىلە، شۇنداقلا بالېت، سىمفونىيە قاتارلىق يۇقىرى سۈپەتلىك سەنئەت تۈرلىرى گەرچە تاۋارلاشتۇرۇلۇپ مەدەنىيەت بازىرىغا يۈزلەندۈرۈلسىمۇ، لېكىن بۇلارنىڭ قىممىتى رىقابەت

مېخانىزمى بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ. ئىقتىسادىي ئۇنۇم ئاساس قىلىنمايدۇ. دۆلەت مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئائىت نۇقتىلىق تۈرلەر قاتارىدا ئاسرايدۇ، يۆلەش سىياسىتىنى يولغا قويىدۇ.

تىجارەت خاراكتېرىدىكى زور كۆپچىلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەھسۇلاتلىرى تاۋار خاراكتېرىنى ئالغان بولۇپ، بازار ئارقىلىق ئوبوروت قىلىنىدۇ. بازار رىقابىتى ئارقىلىق تەرەققىي قىلىدۇ.

لېكىن ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن بازارنىڭ مۇناسىۋىتىدە، خاراكتېرىنى ئېنىق پەرقلەندۈرۈش، تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش، ھەم بازارغا يۈزلىنىش، ھەم سەنئەت قانۇنىيىتى بويىچە ئىش كۆرۈش لازىم. ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ھەممىسىنىلا قارىقويۇق بازارغا يۈزلەندۈرۈش، بازار ئىگىلىكى قانۇنىيىتى بويىچە باشقۇرۇش، ئومۇمىيۈزلۈك قويۇۋېتىشنى تەشەببۇس قىلىش توغرا ئەمەس. ئۇ، مەنىۋى مەھسۇلات ئىشلەپ چىقىرىشدا پۇلغا چوقۇنۇشقا، پايدىنىلا كۆزلەپ، سىياسىي تەسىرى، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى بىلەن كارى بولماسلىققا، ھەتتا بەزىلەرنىڭ مەنىۋى ئەپيۇن ئىشلەپ سېتىپ، خەلق ئاممىسىنى زەھەرلىشىگە ئېلىپ بارىدۇ.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا مەنىۋى مەھسۇلاتلارنىڭ تاۋارلىق خۇسۇسىيىتى كۈندىن ـ كۈنگە گەۋدىلىك بولىدۇ. مۇشۇنداق شارائىتتا مەنىۋى مەھسۇلاتلارنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش، ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتا ئىقتىسادىي ئۈنۈم بىلەن ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى بىرلەشتۈرۈش، كۆپ پۇل تاپقىلى بولسىمۇ ئىدىيىسى ناچار بولسا ئۇلارنى تاشلاش كېرەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭ كۆرسەتكەندەك: «ئىدىيە، مەدەنىيەت، مائارىپ،

سەھىيە تارماقلىرى ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى بارلىق پائالىيەتلەرنىڭ بىردىنبىر مىزانى قىلىش، ئۇلارغا قاراشلىق كارخانىلارمۇ ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى ئەڭ ئالىي مىزان قىلىشى لازىم. ئىدىيە، مەدەنىيەت ساھەسى ئەڭ ياخشى مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى كۆپلەپ ئىشلەپ چىقىرىشى لازىم».

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا بازارغا يۈزلەندۈرۈلىدىغان ئەدەبىيات - سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ تاۋارلىق خۇسۇسىيىتىنى ئېنىق تونۇپ، بازار ئېڭى، رىقابەت ئېڭىنى تىكلەپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن بازارغا ماسلاشتۇرۇشىمىز، پائال شەرت - شارائىت ھازىرلاپ، يېڭى - يېڭى مەدەنىيەت بازارلىرىنى ئېچىشىمىز، بەرپا قىلىشىمىز، مەدەنىيەت بازىرىغا رىقابەت مېخانىزمىنى ئەكىرىپ، سەنئەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور دەرىجىدە ئازاد قىلىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، بازارغا يۈزلەنگەن مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى بازار رىقابىتى ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان، بازار رىقابىتى ئىچىدە تەرەققىي قىلىدىغان ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىشىمىز لازىم. مەدەنىيەت بازارلىرىغا نىسبەتەن ھەم پائال قۇرۇش، راۋاجلاندۇرۇش، ھەم باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك. بازار مېخانىزمىنىڭ مەدەنىيەت بازىرىنى گۈللەندۈرۈشتىكى غايەت زور پېشاڭلىق رولىنى توغرا تونۇپ، خەلقنىڭ روھىنى ئۇرغۇتىدىغان، كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىپ، ئالىيجاناب ئىرادىسىنى تەربىيىلەپ ۋە چېنىقتۇرىدىغان ھەم ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا شاد - خۇراملىق بېغىشلايدىغان تېخىمۇ كۆپ، مەزمۇنى ساغلام، پايدىلىق، جانلىق، مول مەزمۇنلۇق، كۆپ خىللاشقان مەنىۋى مەھسۇلاتلار بىلەن سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بازىرىنى ئىگىلەپ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىش

لازىم.

شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، مەدەنىيەت بازىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ئاكتىپ رول ئوينايدۇ. لېكىن سەللا ئېھتىيات قىلىنمىسا، باشقۇرۇش، قانۇن - تۈزۈم بوشاشتۇرۇۋېتىلسا، مەدەنىيەت بازارلىرىدا مەنىۋى ئەخلەتلەر پەيدا بولۇپ، ھەتتا بىر مەزگىل يامراپ كېتىپ جەمئىيەتكە نىسبەتەن پاسسىپ، يامان تەسىر پەيدا قىلىشى مۇقەررەر. بىز بۇنىڭغا نىسبەتەن يۇكسەك دەرىجىدە ھوشيار بولۇپ، بىر تەرەپتىن، تەرتىپكە سېلىشنى تۇتۇپ مەدەنىيەت بازىرىنى پاكلاشتۇرۇشىمىز، يەنە بىر تەرەپتىن، گۈللەندۈرۈشنى تۇتۇپ مەدەنىيەت بازىرىنى جانلاندۇرۇشىمىز، بارلىق چىرىك، چاكىنا ئىدىيىلەرنىڭ چىرىتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئۇنى چەكلەپ، خەلقنىڭ ئىدىيە، مەدەنىيەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشىمىز، ئىككى قول قاتتىق بولۇشنى، «قويۇۋېتىش بىلەن باشقۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش، پائال يېتەكلەش» نى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، مەدەنىيەت بازىرىنىڭ سوتسىيالىستىك يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم.

## سەنئەت ئۆمەكلىرى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ دەسلەپكى تەسەۋۋۇرى

ئەدەبىيات - سەنئەتنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، كۆزقاراشنى يېڭىلاش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى يېڭى تۈزۈلمىسىنىڭ تەلىپى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى بويىچە مەدەنىيەت - سەنئەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت

ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ زور گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك .

مەدەنىيەت ـ سەنئەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى مۇرەككەپ ، جاپالىق ۋەزىپە . بىز مەدەنىيەت ـ سەنئەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى رەھبەرلىكى بولغان ھالدا پىلانلىق ، قەدەم ـ باسقۇچلۇق ئېلىپ بېرىشىمىز ، ئىسلاھات داۋامىدا دۆلەتنىڭ پىلان ، مالىيە ، باج ، سودا ـ سانائەت ، ئەمگەك ـ كادىرلار خىزمىتى ئورگانلىرىنىڭ ماسلىشىشى ۋە قوللىشىنى ئاكتىپلىق ۋە تەشەببۇسكارلىق بىلەن قولغا كەلتۈرۈشىمىز ، بۇ يىل قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ، پائال ۋە سالماق ھالدا سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ ، تۈرلۈك مەدەنىيەت باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ ، جۈملىدىن ، ئاممىۋى مەدەنىيەت ، كۇتۇپخانا ، كىنو ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن ئىبارەت كارخانا ، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ، گوۋۇيۈەن ماقۇللاپ تارقاتقان « مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى پىكرى » نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ، ئەمەلىيەت جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن ئىشەنچلىك ھەم ئۈنۈملۈك ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز ھەمدە يېڭى ۋەزىيەتكە ئاساسەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە تولۇق دەلىللەش ئاساسىدا ، ئاپتونوم رايون بويىچە سەنئەت ئۆمەكلىرى تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىغا دائىر ھەقىقىي ئىشەنچلىك ئومۇمىي تەسەۋۋۇر ۋە لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز كېرەك .

ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدا بار بولغان 89 سەنئەت ئۆمىكىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىنى ئاساس قىلىدۇ ؛ ئۇنىڭدىن باشقا ، ئوپېرا ، دراما ، يەرلىك تىياتىرلارنى ئاساس قىلغان سەنئەت ئۆمەكلىرىمۇ

www.uyghurkitap.com

بار . بۇ سەنئەت ئۆمەكلىرى مەمۇريي رايونلار بويىچە ئايرىلغان بولۇپ ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكى ئالتە ، ۋىلايەت ، ئوبلاست ، شەھەر دەرىجىلىكى 26 ، ناھىيە دەرىجىلىكى 57 ، ئاپتونوم رايون ، ۋىلايەت ، ئوبلاست ، ناھىيە دەرىجىلىك ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمەك ـ ئەترەتلىرى 134 ، خەلق باشقۇرغان سەنئەت ئۆمىكى ئازراق يەتتە ، ئون نەچچە ناھىيىدە سەنئەت ئۆمىكى يوق .

ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە كۇتۇپخانا 63 ، ئاممىۋى مەدەنىيەت ئورۇنلىرى 964 ، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ـ بازار مەدەنىيەت پونكىتى 746 ،يېزا ـ بازارلاردىكى قىرائەتخانا 1704 ، كىنو فىلىم تارقىتىش ئورنى 94 ، كىنو قويۇش ئورنى 2141 ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى 35 ، مەدەنىيەت ـ سەنئەت تېخنىكۇمى ئۈچ بولۇپ ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسىدا ئاپتونوم رايون ، ۋىلايەت ، ئوبلاست ، شەھەر ، ناھىيە ، يېزىدىن ئىبارەت تۆت دەرىجىلىك مەدەنىيەت تورى شەكىللەنگەن بولسىمۇ ، مەدەنىيەت ـ سەنئەت خىزمىتى نۆۋەتتە بىر قانچە جەھەتلەردە ئىجتىمائىي ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ، ئىشكىنى ئېچىۋېتىشكە ، خەلق ئاممىسىنىڭ يېڭى تەلەپلىرىگە ماسلىشالمايۋاتىدۇ . بۇنىڭ كونكرېت ئىپادىسى شۇكى ، نومۇر ، ئەسەرلەرنىڭ سانى ئاز ، سۈپىتى تۆۋەن ، مەدەنىيەتكە سېلىنىدىغان مەبلەغ ئاز ، تەرەققىيات ئاستا ، مەدەنىيەت بازارلىرىنىڭ يېتىلىشى يەنىلا ئانچە مۇكەممەل ئەمەس . قانۇن ـ تۈزۈم قۇرۇلۇشىمۇ يېتىشىپ ماڭالمايۋاتىدۇ ، مەدەنىيەت كەمبەغەللىكى تېخى ھەل بولغىنى يوق . يەنە ئون ناھىيىدە مەدەنىيەت يۇرتى ، 32 ناھىيىدە قىرائەتخانا ، سەككىز ناھىيىدە تېخى كىنوخانا سېلىنمىدى . 108 يېزىدا مەدەنىيەت پونكىتى يوق . مەدەنىيەت ئورگانلىرى ئاساسەن مەركەزلەشكەن

پىلانلىق ئىگىلىك سىستېمىسى ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، باشقۇرۇش قۇرۇلمىسى قاتمال، ھاياتىي كۈچى كەمچىل، شەھەرلەر بىلەن يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىدە پەرق زور، مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئاستا، ئۈنۈم تۆۋەن بولماقتا.

مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىدىكى ئۆلچەم ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق قوزغاش ۋەجارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش ـ بولماسلىقىغا، يېڭى ئەسەرلەرنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشى ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەشكە، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈپ، كىشلەرنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان مەدەنىيەت تۇرمۇشى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا پايدىلىق ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىگە، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق ياكى ئەمەسلىكىگە قاراشتىن ئىبارەت.

مەدەنىيەت ـ سەنئەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ قىيىن ۋە مۇھىم نۇقتىسى يەنىلا ھەر دەرىجىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرىدۇر.

بۇ يەردە يەنە شۇنى قايتا تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان سەنئەتنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئازاد رايونلاردىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت تۈزۈلمىسى ئاساسىدا، ئاساسەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈلگىسىدىن پايدىلىنىپ، دۆلتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىنكى پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇلغان ھالدا ئورنىتىلغان بولۇپ، سەنئەت ئۆمەكلىرىدە يول قويۇلۇۋاتقىنى دۆلەت ھەممىنى بىر تۇتاش ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرىدىغان تۈزۈلمىدىن ئىبارەت. ئۇ، تارىختا ھەقىقەتەن بىرمۇنچە ئىجابىي رول ئوينىغان بولسىمۇ، لېكىن بىرمۇنچە ئىللەتلىرىمۇ قالدۇرغان. ئارىدىن قىرىق نەچچە يىل ئۆتۈپ

دۆلىتىمىز غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ، كونا تۈزۈلمە بىلەن يېڭى تۈزۈلمە ئالمىشىۋاتقان ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت بازار ئىگىلىكىگە يۈزلەنگەن بۈگۈنكى كۈندە يېڭى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىگە تۈپتىن ماسلىشالماسلىقتىن ئىبارەت ئىللەتلىرى ئەمدى ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى . بىرىنچىدىن ، ھەممىنى بىر تۇتاش ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرغاندا ، سەنئەت ئۆمەكلىرىدە كەسىپ ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇشتا ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجايىنلىق قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ . ھەممىنى يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ تەستىقلىشىغا توغرا كېلىدۇ ، راسخوتنى دۆلەت پىلانىغا ئاساسەن ئايرىپ بېرىدۇ ، سەنئەت ئۆمەكلىرى ھېچقانداق خىيىم ـ خەتەرنى ئۈستىگە ئالمايدۇ ، ئىگىلىك باشقۇرۇشنىڭ ياخشى بولۇش ـ بولماسلىقى ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىگىلىك باشقۇرۇش ئاكتىپلىقى كۈنسايىن ئاجىزلىشىپ ، « كۈتۈپ تۇرۇش ، يۆلىنىۋېلىش ، تەلەپ قىلىش » ئىدىيىسى بارغانسېرى ئېغىرلاشتى . ئىككىنچىدىن ، تەقسىمات تۈزۈمى جەھەتتىكى ئېغىر تەڭ تەقسىماتچىلىق تۈپەيلى بار سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئاكتىپچانلىقىغا تەسىر يەتكۈزۈپ ، ياخشىلار ئۈزۈپ چىقىپ ، ناچارلىرى شاللىنىۋېتىلىدىغان رىقابەتنىڭ بولۇشىغا توسالغۇ بولدى . ئۈچىنچىدىن ، كادىرلار تۈزۈمى جەھەتتىكى ئارتىسلارنىڭ باقىۋەندىلىك تۈزۈمى سەنئەت ئۆمەكلىرىدىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ كىرىش ـ چىقىش يولىنى توسۇپ قويدى . تۇراقلىق شتات ۋە خىلمۇخىل تۈزۈملەرنىڭ چەكلىمىسى ئاستىدا ، قابىل كىشىلەر بىرلىشىشكە ئامال بولمىدى . شاللىنىۋېتىشكە تېگىشلىكلەر چىقىرىۋېتىلمەي ، قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىكلەر كىرەلمەي ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سەنئەت قوشۇنىدىكى خادىملار تەدرىجىي

قىرىپ، سۈپەت كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەپ كەتتى. ئارتۇق خادىملار بارغانسېرى كۆپىيىپ، دۆلەت بەرگەن راسخوتنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئادەم بېقىشقىلا سەرپ قىلىنىپ كەتتى. تۆتىنچىدىن، سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشى دېگەندەك مۇۋاپىق ئەمەس. ناھىيە، شەھەرلەر مەركەزلەشكەن رايونلاردا ۋە بەزى شەھەرلەردە سەنئەت ئۆمەكلىرى تەكرار قۇرۇلۇپ كەتكەن؛ يەنە بەزى رايونلار ياكى ناھىيەلەردىكى سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ سەنئەت كۈچى ئاجىز، تاماشىبىنلىرى ئاز، شۇڭا مەۋجۇت بولۇش، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارى ئىنتايىن ناچار، يەرلىك مالىيە ئۇلارنى راسخوت بىلەن قامداشقا ئامالسىز بولغاچقا، ھازىر پۈت دەسسەپ تۇرالىشى قىيىن بولماقتا.

پاكىتلار تولۇق ئىسپاتلىدىكى، ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئاكتىپلىقىنى بوغۇپ، سەنئەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى چۈشەپ قويىدى. كۆز ئالدىمىزدىكى رېئاللىق — ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرىنى ئىسلاھ قىلمىسا بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى پارتگۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈپ، ئۇنى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن، سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئاساسىي نۇقتا قىلىپ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى بازار ئىگىلىكىگە يۈزلەندۈرۈش توغرىسىدا بىر قاتار تەسەۋۋۇرلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇ تەسەۋۋۇرلاردا مۇنۇلار بەلگىلەندى:

« مەدەنىيەت ـ سەنئەت تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش يەنىمۇ

چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، نازارەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق سەنئەت ئۆمەكلىرىدە ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدۇ. ئۆمەك باشلىقلىرى ئاشكارا تەكلىپ قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ھۆددىگە ئېلىش توختام تۈزۈمى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدۇ. خادىملارنىڭ مۇۋاپىق تۈردە ئالمىشىپ تۇرۇشىغا ئىلھام بېرىلىدۇ. سەھنىدە ماھارەت كۆرسىتىش خىزمىتى بىلەن ماسلىشالمىغان ئارتىسلارغا قارىتا كەسپىنى ئۆزگەرتىش ياكى مۇددەتتىن بۇرۇن دەم ئېلىشقا چىقىرىش سىياستى يولغا قويۇلدۇ. سەنئەت ئۆمەكلىرىدىكى تەكلىپ قىلىنمىغان ئارتىسلارنىڭ خىزمەتتىن ئىستېپا بېرىشىگە، خىزمەت ئورنىدىن ئايرىلىپ باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ئىلھام بېرىلىدۇ. كەسپىي جەھەتتە مۇئەييەن ماھارەتكە ۋە تەسىرگە ئىگە داڭلىق ئارتىسلارنىڭ ئىجادىيەت تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىش، ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك، مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويۇلدۇ.

سەنئەت ئۆمەكلىرىنى بازارغا يۈزلەندۈرۈپ، مۇلازىمەت خاراكتېرىدىن تىجارەت خاراكتېرىگە ئۆزگەرتىلىدۇ. شارائىتى يار بەرگەن سەنئەت ئۆمەكلىرى تىجارەت خاراكتېرىدىكى ئويۇن قويۇش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، تەدرىجىي ھالدا ئۆزىنى ئۆزى باقىدىغان ئىگىلىك باشقۇرۇش گەۋدىسىگە ئايلاندۇرۇلىدۇ. سەنئەت ئۆمەكلىرىدە كۆپ خىل تۈزۈم يولغا قويۇلۇپ، ئوخشاش بولمىغان شەكىل، ئوخشاش بولمىغان تۈزۈلمىلىك ئويۇن قويۇش گەۋدىلىرى قۇرۇلىدۇ. ئۆمەكلەر ھۆددىگە ئېلىش، بىرلىشىپ تىجارەت قىلىش، مۇستەقىل ھېسابات قىلىش ئارقىلىق ئويۇن قويۇپ پۇل تاپسا بولىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سەنئەت سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان سەنئەت ئۆمەكلىرىنى ياخشى باشقۇرۇش بىلەن بىللە،

www.uyghurkitap.com

جايلىشىشى مۇۋاپىق بولمىغان سەنئەت ئۆمەكلىرىنى تەڭشەپ، ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا تېگىشلىكلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ، بىرلەشتۈرۈشكە تېگىشلىكلىرى بىرلەشتۈرۈلىدۇ. مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىجادىيەت فوندى تەسىس قىلىنىپ، ئىجادىيەتنى باشقۇرۇش تۈزۈمى ۋە مۇكاپاتلاش ـ جازالاش چارىسى يولغا قويۇلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئورۇنلار ۋە ئارتىسلارغا يەنىمۇ ئىلھام بېرىلىدۇ. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئويۇن قويۇشنى باشقۇرۇش شىركەتلىرى ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، تۈرلۈك ئويۇن قويۇشنى باشقۇرۇش ئورگانلىرى قوشۇمچە قىلىنغان ئويۇن قويۇش بازىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش سىستېمىسى شەكىللەندۈرۈلۈپ، سودا خاراكتېرىدىكى ئويۇن قويۇش پائالىيەتلىرى ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ. تۈرلۈك شەكىلدىكى ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلىدۇ.»

بىز مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىسلاھاتىدا سەنئەت خادىملىرىنىڭ «چىقالايدىغان، كىرەلەيدىغان بولۇش» نى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت مۇشۇ ئاچقۇچلۇق مەسىلىدە بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، ئەڭ ياخشى لايىھە تېپىپ چىقىشىمىز لازىم. ئارتۇق خادىملارنى كۆپ خىل يوللار بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ، كەسىپ ئالماشتۇرغان خادىملار ۋە مۇددەتتىن بۇرۇن دەم ئېلىشقا چىققان خادىملارنىڭ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم. سەنئەت تەشكىلاتلىرىنى رىقابەتلىشىشكە ئىلھاملاندۇرۇش، ياخشىلىرىنى ساقلاپ قېلىپ، ناچارلىرىنى شاللىۋېتىپ، تالانتلىق كىشىلەرنىڭ ۋە ياخشى سەنئەت نومۇرلىرىنىڭ، ياخشى ئىجتىمائىي ھەم ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ بارلىققا كېلىشىگە پايدىلىق بولۇشى ئۈچۈن، سەنئەت تەشكىلاتلىرىنى تۈزۈلمە تەۋەلىكى بويىچە

www.uyghurkitap.com

دەرىجىگە ئايرىشتەك دەرىجە باقىۋەندىلىك تۈزۈمىنى پەيدىنپەي بۇزۇپ تاشلىشىمىز لازىم. مەدەنىيەت ــ سەنئەت ئورۇنلىرى مەمۇرىيەت بىلەن كەسىپنى ئايرىۋېتىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىپ، مېخانىزمنى ئۆزگەرتىپ، دۆلەت باشقۇرغان مەدەنىيەتنى ئاساس قىلىپ، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەر مەدەنىيەت ئىشلىرى بىلەن بىرلىكتە شۇغۇللىنىش يېڭى تۈزۈلمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، مەدەنىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش جەھەتتىكى كۆپ خىل ئەندىزە ئۈستىدە پائال ئىزدىنىشىمىز؛ مەدەنىيەت ــ سەنئەت ئورۇنلىرى قانداق قىلىپ مۇلازىمەتنى كېڭەيتىشكە تايىنىپ ئۆزىمىزنىڭ تەرەققىيات مەبلىغىمىزنى توپلاشنى تەتقىق قىلىشىمىز، دۆلەت ئىچىدىكى مەدەنىيەت بازارلىرىنى پائال راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا خەلقئارا سەنئەت بازارلىرىنى ئېچىپ ۋە كېڭەيتىپ، سەنئەت تەشكىلاتلىرىنىڭ قانۇنىي ھالدا چەت ئەللەرگە چىقىپ ھەقلىق ۋە سودا خاراكتېرلىك ئويۇن قويۇشىنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىمىز لازىم.

بىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى توغرىسىدىكى چوڭ مۇھاكىمىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، «سول» چىللىقنىڭ ئاسارىتىنى تۈگىتىپ، مېڭىنى يېڭىلاپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت مەركەزگە يەنىمۇ بويسۇنۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىگە لايىقلىشىپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى دادىل بازارغا يۈزلەندۈرۈشىمىز؛ مەدەنىيەت ـ سەنئەت سىستېمىسىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى پىلانلىق، قەدەم ـ باسقۇچلۇق ئېلىپ بېرىشىمىز؛ بۇ جەرياندا «سول» چىل تەپەككۇر ئۇسۇلىنى، مۇقىملىقنى تەكىتلەپ، قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىشتىن قورقۇش روھىي ھالىتىنى

تەلتۆكۈس چۆرۈپ تاشلىشىمىز ، ئىسلاھات داۋامىدا ھەم ئىدىيىۋى بوپىنى تاشلاپ ئويلاشقا ، ئىشلەشكە جۈرئەتلىك بولۇشىمىز ، ھەم ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىشىمىز ، ھەم ئاكتىپ ، تەشەببۇسكار ، ھەم سۇغۇققان بولۇشىمىز ، باشقىلارنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى ئەينەك قىلىشقا ، ھەم ئۆز يېرىمىزنىڭ تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەشكە ماھىر بولۇشىمىز ؛ لايىھە تۈزۈشتە ھەم ئاكتىپ بولۇپ ، يېڭىلىق يارىتىپ ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى يۈزلىنىشىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشىمىز ، ھەم سالماق بولۇپ توغرا دەپ قارىغاننى دادىل ئىشلىشىمىز ، دەماللىققا كۆز يەتمىگەن ، سىياسەتچانلىقى كۈچلۈك ، چېتىلىش دائىرىسى كەڭ بولغانلىرىنى پائال سىناق قىلىشىمىز ؛ ئىسلاھات لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىشتا يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ، تۆۋەندىن يۇقىرىغا قايتا ـ قايتا مۇزاكىرە قىلىشىمىز ، ھەرمىللەت مەدەنىيەت ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ مەنپەئەتى ، ئارزۇسىنى گەۋدىلەندۈرۈشىمىز ؛ چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ، ھەرقايسى تەرەپلەردىن كەڭ دائىرىدە پىكىر ئېلىش ئاساسىدا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئىسلاھات لايىھىسىنى ئىجابىي ، يولغا قويغىلى بولىدىغان قىلىشىمىز كېرەك . يولىمىز توغرا ، ئۇسۇلىمىز مۇۋاپىق ، تەدبىرىمىز كۈچلۈك بولسىلا مەدەنىيەت خىزمىتىدە پارتىيە 14 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئوموميۈزلۈك ، توغرا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ، 14 ـ قۇرۇلتايدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش ، مەدەنىيەت ئىشلىرىغا دائىر ئىقتىسادىي سىياسەتلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئۈچ ۋەزىپىنى ئوڭۇشلۇق تاماملىيالايمىز .

# جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ قىبلىنامىسى

باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدە، ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى يۇكسەكلىكىدە تۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى تۈپ خۇسۇسىيىتى ۋە تەلىپىنى نەزەرىيىۋى جەھەتتىن مۇكەممەل شەرھلەپ ۋە خۇلاسىلەپ، سوتسىيالىزمنىڭ زامانىمىزدىكى ئاساسىي مەسىلىلىرىگە ئېنىق مۇپەسسەل جاۋاب بەرگەن. «سۆز» پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىدىيىسىنى، ھەرىكىتىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نىشانى بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى، ھەر قايسى سەپلەردىكى خىزمەتلەرنىڭ پروگراممىسى، شۇنداقلا جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ قىبلىنامىسىدۇر.

يولداش جياڭ زېمىن «1 ـ ئىيۇل» دا سۆزلىگەن سۆزىدە جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ماركسىزم ـ لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىشى كېرەك، يېتەكچى ئىدىيىنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈشكە بولمايدۇ؛ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىدە ۋە 〈 بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش 〉 فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈشى ۋە



www.uyghurkitap.com

راۋاجلاندۇرۇشى، خەلقنى زەھەرلەيدىغان، جەمئىيەتنى بۇلغايدىغان، سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرىدىغان نەرسىلەرنىڭ يامراپ كېتىشىگە يول قويماسلىقى كېرەك؛ ئېسىل مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىشى ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشى، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك دەۋر روھىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈشى، دۆلىتىمىزنىڭكىنى ئاساس قىلىشى، شۇنداقلا دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئېسىل نەتىجىلىرىنى تولۇق قوبۇل قىلىشى كېرەك، مىللىي ئىنكارچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا ۋە پۈتۈنلەي غەربلەشتۈرۈشكە يول قويۇلمايدۇ. بۇ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ ئاساسىي تەلىپى.»

بۇ بايانلاردا پارتىيىنىڭ ماركسىزملىق مەدەنىيەت تەلىماتىغا ۋارىسلىق قىلغانلىقى ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرغانلىقى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئۇ، ماركسىزملىق مەدەنىيەت قارىشىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە يىغىنچاقلىنىشى. ئۇنىڭدا مەدەنىيەت مەسىلىسى ۋە قۇرۇلۇشىدا ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىش لازىملىقى، يېتەكچى ئىدىيىنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈشكە بولمايدىغانلىقى تەكىتلەنگەن، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ مەدەنىيەتكە بولغان تۈپ كۆز قارىشى ۋە مەيدانى نەزەرىيە جەھەتتە يۈكسەك دەرىجىدە يىغىنچاقلانغان ۋە راۋاجلاندۇرۇلغان. سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت خىزمىتى ئالاھىدە تەكىتلىنىپ، ئۇنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئۈچ چوڭ تەركىبىي قىسمىنىڭ بىرى دەپ قەيت قىلىنىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئورنى ۋە رولى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. بۇ، بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىنتايىن مۇھىم. بۇ نۇقتىنى مەھكەم ئىگىلەش ـ ئىگىلىمەسلىك بىزنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىزنىڭ

www.uyghurkitap.com

خاراكتېرىنى، يۆنىلىشىنى بەلگىلەيدۇ، بىرىنىڭ سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا قوللىنىدىغان فاڭجېن، سىياسەتلىرىمىزنى بەلگىلەيدۇ.

يولداش جياڭ زېمىننىڭ «1 ـ ئىيۇل» دا سۆزلىگەن سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى ئىدىيە قىلىشتا ھەقىقىي چىڭ تۇرۇش، ئىلمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى توغرا، ئومۇمىيۈزلۈك تونۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەتنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشكەن، بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان بىر پۈتۈن گەۋدە دەپ قاراپ، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەتنى تەڭ تۇتۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىلمىزنىڭ سوتسىيالىستىك سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ماسلاشقان ھالدا راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى تۆت جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەش كېرەك:

### 1. جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتا، ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش لازىم

جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ــــ ھازىرغا قەدەر ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدىكى تەلپىي يۇقىرى، پۈتۈنلەي يېڭى مەدەنىيەت بولۇپ، ھەر قانداق مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئۆزىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە بولمايدۇ. بىر پۈتۈن مەنىدىن

ئېيتقاندا، بۇ خىل مەدەنىيەتنى كونا مەدەنىيەتكە «ۋارىسلىق قىلىش» قىلا تايىنىپ ياراتقىلى بولمايدۇ. ئۇنى ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىگە تايىنىپ بەرپا قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى — سىستېمىلاشقان، مۇكەممەل بولغان ئىلمىي دۇنيا قاراش توغرىسىدىكى پەن. ئۇ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماستىن، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنىمۇ توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇنىڭ مۇكەممەل ئىدىيىۋى سىستېمىسىنى ۋە نەزەرىيىۋى ئاساسىنى شەكىللەندۈردى. شۇ ئاساستا پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتكە ئائىت بىر قاتار تولۇق ۋە مۇقىم بولغان سىياسەت، فاڭجېنلىرى تۈزۈلۈپ ۋە ئىجرا قىلىنىپ، ئۇزۇن يىللىق ئەمەلىيەت ئۇ سىياسەت، فاڭجېنلارنىڭ تامامەن توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت كۆزقارىشى يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا مۇنۇلاردىن ئىبارەت: ئىلغار ئەدەبىيات - سەنئەت جەمئىيەتنى ئالغا باستۇرۇش ۋە ئۆزگەرتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم. پرولېتارىيات ئەدەبىيات - سەنئىتى پرولېتارىيات ئىنقىلابى ۋە كوممۇنىزم ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، كەڭ خەلق ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك. پرولېتارىيات ئەدەبىيات - سەنئىتى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيىتى بولۇشى كېرەك.

ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسى ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ جۇڭگونىڭ ئىنقىلابىي

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەمەلىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى. يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» ناملىق ئەسىرى ماركسىزم ـ لېنىنىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسى توغرىسىدىكى كلاسسىك ئەسەر، يولداش ماۋزېدۇڭ «نۇتۇق» تا تۇنجى قېتىم سىستېمىلىق ھالدا ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ بىردىنبىر بۇلىقى ئىكەنلىكى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەكلىكى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى ئۆگىنىپ، خەلق ئاممىسى بىلەن بىرلىشىش يولىدا مېڭىشى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن دەۋر، دۇنياغا قاراش بىلەن ئىجادىيەت، ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن ئۆستۈرۈش، ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭىلىق يارىتىش، مەدھىيىلەش بىلەن پاش قىلىش قاتارلىق بىر قاتار پرىنسىپال مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ۋە ھەل قىلىپ، ماركسىزم ـ لېنىنىزمنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىنى بېيىتتى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى. ئازادلىقتىن كېيىن «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش»، «قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، چەت ئەللىكنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش»، «كونىلىرىدىن يېڭىنى يارىتىش» قاتارلىق مۇھىم ئىلمىي، ئىجادىي تەشەببۇس ۋە سىياسەت، فاكچېنلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىنى تېخىمۇ تولۇق، مۇكەممەل ئىلمىي سىستېمىغا ئايلاندۇردى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى تۈپ پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تارىخىي تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەپ، ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىنى تەرەققىي قىلدۇردى ۋە چوڭقۇرلاشتۇردى. ئۇنىڭ: ئەدەبىيات ـ سەنئەت خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش كېرەك؛ خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئانىسى؛ خەلق سەنئەتكە موھتاج؛ سەنئەت خەلققە موھتاج؛ ئەدەبىيات ـ سەنئەت سىياسىيغا بېقىنمايدۇ، لېكىن سىياسىيدىن ئايرىلمايدۇ؛ مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنا ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى ئەڭ ئالىي ئۆلچەم قىلىش كېرەك، قاتارلىق يېتەكچى خاراكتېردىكى پىكىرلىرى ۋە ئىلمىي بايانلىرى ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىنى يېڭى مەزمۇن، يېڭى ھاياتىي كۈچ بىلەن بېيىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۇرۇپ، يېڭى باسقۇچتىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمەتلىرىمىزدە پروگراممىا خاراكتېرلىك مۇھىم ھۆججەت بولۇپ قالدى. ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسى ۋە «دېڭ شىياۋپىڭنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت توغرىسىدا» دېگەن ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان پرىنسىپلار پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىشتىكى كوللېكتىپ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، ئىلمىي يېڭى دەۋر ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ تۈپ يېتەكچى ئىدىيىسى.

ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى سىستېمىلاشقان، مۇكەممەل بولغان ئىلمىي دۇنياغا قاراش توغرىسىدىكى ئۆتكۈر ئىدىيىۋى قورال بولغىنى ئۈچۈن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت دۇنيا قارىشىنىڭمۇ تۈپ قانۇنىيىتى ۋە نەزەرىيىۋى ئاساسىنى تىكلەپ بەردى.

ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت دۇنيا قارىشىنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى — بىرى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت — ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ يازغۇچى مېڭىسىدىكى پائالىيەتچان، ئېستېتىك ئىنكاسى ئىكەنلىكى؛ يەنە بىرى، مۇتلەق كۆپ سانلىق

ئەدەبىيات ـ سەنئەت هادىسىلىرى پەۋقۇلئاددە ئىدېئولوگىيە بولۇپ، روشەن سىنىپىيلىقتا ۋە خاھىشچانلىقتا ئىگە بولغانلىقى. بۇ ئىككى نۇقتا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ مەنبەسى، ماھىيىتى، رولى قاتارلىق تۈپ مەسىلىلەرنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مۇشۇ ئىككى نۇقتىنى چوڭقۇر ئىگىلىگەندە، « ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ چىقىش نۇقتىسى مۇھەببەت، ئىنسانغا بولغان مۇھەببەت »، « ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئۆز ـ ئۆزىنى ئىپادىلەشنىڭ مەھسۇلى »، « ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ئىدېئولوگىيىسىزلەشتۈرۈش »، « ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ۋەزىپىسى ئەزەلدىن پاش قىلىش » دېگەندەك بۇرژۇئازىيە ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆز قاراشلىرىدىن چەك ـ چېگرىنى ئېنىق ئايرىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى توغرا يول بىلەن ساغلام راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ.

ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ئىلمىي دۇنيا قاراش توغرىسىدىكى پەن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتىنىمۇ تولۇق ئېچىپ بەرگەن. مەسىلەن، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ نىشان ۋە يۆنىلىش جەھەتتىكى بىردەكلىكى بىلەن مەزمۇن، شەكىل، ۋەقەلىك، ئۇسلۇب جەھەتتىكى كۆپ خىللىقنىڭ دىئالېكتىكىلىق بىرلىكى، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ئاساسىدىكى ئىجادىيەت ئەركىنلىكى ۋە ئوبزور ئەركىنلىكىنىڭ بىرلىكى، سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت ئورتاق نىشان ئاستىدا شەخسنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقى ۋە شەخسىي ماھارىتىنى جارى قىلدۇرۇشتا كەڭ زېمىن هازىرلانغانلىقى ۋە باشقىلار. بۇلارنىڭ ھەممىسى ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ، جەزمەن ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك پرىنسىپلاردىن ئىبارەت. پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە دائىر سىياسەت، فاڭجېنلىرى

ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدىن ئىبارەت ئىلمىي دۇنيا قاراش ئاساسىدا تۈزۈلگەنلىكى، جۈملىدىن خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى يېتەكچىلىكىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆزقارىشى ئاساسىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولغىنى ئۈچۈن جەزمەن ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە چىڭ تۇرۇشى لازىم. بۇ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ تۈپ ئاساسى ۋە جان تومۇرى. يېتەكچى ئىدىيىنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈشكە بولمايدۇ. يولداش ماۋزېدۇڭ «مەملىكەتلىك تەشۋىقات خىزمەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆز» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دېگەنىدى: «دۇنيا قاراش نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ھازىرقى دۇنيادا ياكى پرولېتارىيات دۇنيا قارىشى ياكى بۇرژۇئازىيە دۇنيا قارىشى مەۋجۇت. كوممۇنىستىك دۇنيا قاراش — پرولېتارىيات دۇنيا قارىشى، باشقا بىر سىنىپنىڭ دۇنياقارىشى ئەمەس» دېگەنىدى. ئەگەر يېتەكچى ئىدىيىنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغاندا، ئىدىيىۋى قالايمىقانچىلىق پەيدا بولۇپ، چوقۇم قىڭغىر يولغا مېڭىش كېلىپ چىقىدۇ.

### 2. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش — پۈتۈن ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ تۈپ ئاساسىي يۆنىلىشى

ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش — كەڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىدىن خەلقنىڭ مەنپەئىتى ۋە ئېھتىياجى ئۈچۈن،

ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتىنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش بىردەكلىككە ئىگە. خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش دېگەندە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن قان بىلەن گۆشتەك يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ، كىم ئۈچۈن ئىشلەيدىغانلىقى ئېنىق تەكىتلەنگەن. سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش دېگەندە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان قان بىلەن گۆشتەك يېقىن مۇناسىۋىتىنىڭ دەۋر مەزمۇنى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتىنىڭ سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي ئاساس ۋە بىر پۈتۈن سوتسىيالىستىك تۈزۈم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى روشەن گەۋدىلەنگەن. شۇڭا، ئەدەبىياتـ سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ــ بىر گەۋدە، بىر پۈتۈن سىستېما، دەۋر روھى چاقناپ تۇرغان بىردىنبىر توغرا يۆنىلىش. بۇ توغرا يۆنىلىشتە جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن كاپىتالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ چەك ـ چېگرىسى ئېنىق ئايرىلغان. بۇ توغرا يۆنىلىشتىن چەتنەشكە زادى بولمايدۇ. بۇ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ھاياتىي كۈچى.

ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنىڭ مەزمۇنى ۋە تەلىپى ھەر تەرەپلىمە، كەڭ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سوتسىيالىستىك، كوممۇنىستىك ئىدىيىۋى مەزمۇنغا ئىگە ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يارىتىپ، ئۇنى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ يادروسى،

www.uyghurkitap.com

يېتەكچى تەرىپى قىلىش بىلەن بىرلىكتە ۋەتەنپەرلىكنى، ئىلغار ئىدىيە ۋە بىلىملەرنى تەشۋىق قىلىدىغان ئەسەرلەرنىمۇ يارىتىپ، خەلقنىڭ ئوخشاش بولمىغان قاتلامدىكى، كۆپ تەرەپلىمە، مول، ساغلام مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىن ئىبارەت. شۇڭا، دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامىنى ئىپادىلەشنى تەكىتلەش بىلەن بىرلىكتە مەزمۇن ۋە شەكىلنىڭ كۆپ خىللىقىنىمۇ تەكىتلەش كېرەك. لېكىن، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنىڭ تۈپ مەزمۇنى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى مەنىۋى مەھسۇلات يارىتىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالايدىغان، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان، ۋەتەننى، خەلقنى، ئەمگەكنى قىزغىن سۆيىدىغان يېڭى كىشىلەرنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت. بۇ، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىغا ئاتا قىلغان شەرەپلىك ۋەزىپىسى. شۇڭا، خەلق ئاممىسىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى تەكىتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوتسىيالىستىك دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئاساسىي مۇقام بولۇشنى ئالاھىدە تەشەببۇس قىلىش لازىم.

ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتا، كۆپ مىللەتلىك ئاپتونوم رايونىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، ۋەتەن بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، سوتسىيالىستىك يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئالاھىدە تەكىتلەش لازىم. يولداش ماۋزېدۇڭ ئېيتقاندەك: «ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مەملىكەت ئىچىدىكى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى — ئىشلىرىمىزنىڭ جەزمەن غەلىبە قازىنىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى » ، ئۇ شىنجاڭغا نىسبەتەن چوڭ ئومۇملۇق . ھەر مىللەت ئەدەبىيات — سەنئەت خادىملىرى ماركسىزم — لېنىنىزم ، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى مىللەت قارىشى ۋە ئەدەبىيات — سەنئەت قارىشىنىڭ يېتەكچىلىكىدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ باراۋەر ، ئىتتىپاق بولۇپ ئورتاق گۈللىنىۋاتقانلىقىنى مەدھىيىلەپ ، ھەرمىللەت خەلقى ئىچىدىكى سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىپ ، مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرۇپ ، باراۋەر ، ئىتتىپاق بولغان ، بىر — بىرىدىن ئۆگىنىپ ، ھەمكارلىشىپ ، ئورتاق گۈللىنىدىغان يېڭىچە سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ راۋاجلىنىشىنى تېخىمۇ ياخشى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم . بۇ شىنجاڭدىكى كۆپ مىللەتتىن تەركىب تاپقان ئەدەبىيات — سەنئەت خادىملىرىنىڭ شەرەپلىك ۋەزىپىسى ۋە بۇرچى .

سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات — سەنئەت ئىشلىرى خەلقنىڭ ئىشى بولغانلىقى ، جۇملىدىن ئۆزىگە خاس تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن ، جۇڭگوچە ئەدەبىيات — سەنئەت جەزمەن سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە يولى بىلەن تەرەققىي قىلىشى كېرەك . « بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش ، ھەممە ئېقىملار بەس — بەستە سايراش » فاڭجېنى سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ ئەدەبىيات — سەنئەت خىزمىتىدىكى ئىپادىسى بولۇپ ، پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات — سەنئەت ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ئۇنى گۈللەندۈرۈشتىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك فاڭجېنى . سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ، سەنئەت جەھەتتە ئەركىن ئىجاد قىلىش ، نەزەرىيە جەھەتتە ئەركىن مۇھاكىمە — مۇنازىرە قىلىش ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن ھەربىر گراژدانىنىڭ

ئەركىنلىك ھوقۇقى. ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى ئەسەر ئېلان قىلىش، ئورۇنداش، نۇتۇق سۆزلەش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن جەمئىيەتكە ئارىلىشىدۇ، ئۆزىنىڭ ئەركىنلىك ھوقۇقىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي قانۇن ۋە ھەر خىل قانۇن ـ پەرمانلارغا ئەمەل قىلسىلا، يازغۇچى ـ سەنئەتكار يازغان، ئويناپدىغان ئەسىرى ۋە نۇتقىنىڭ تېمىسىنى، ۋەقەلىكىنى، شەكلىنى پۈتۈنلەي ئىختىيارىي تاللايدۇ. ئۆزىنىڭ ئوخشىمىغان پىكرىنى، كۆز قارىشىنى ئەركىن ئوتتۇرىغا قويىدۇ. تەنقىد ۋە قارشى تەنقىد قىلىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. خىلمۇخىل ئۇسلۇب ۋە ئېقىملار رىقابەت ۋە مۇسابىقە جەريانىدا ئەركىن تەرەققىي قىلىدۇ. يازغۇچى، سەنئەتكارلارنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقى، ئالاھىدىلىكى، ئۇسلۇبىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئىنتايىن كەڭ زېمىن ھازىرلانغان. سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەقىقىي ئەركىن ئەدەبىيات ـ سەنئەت. شۇڭا، بىز تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا باتۇرلۇق بىلەن ئىزدىنىدىغان، يېڭىلىق يارىتىدىغان جۇشقۇن كەيپىياتنى تىرىشىپ بارلىققا كەلتۈرۈشىمىز، ھەر خىل ئىلمىي كۆز قاراش، سەنئەت ئېقىملىرىنىڭ بەس ـ بەستە سايرىشى ۋە مۇھاكىمىسىنى تەشەببۇس قىلىشىمىز، يولداشلارچە تەنقىد ۋە قارشى تەنقىدنى تەشەببۇس قىلىشىمىز لازىم.

تارىختىكى تەجرىبىلەر دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش» فاڭجېنىنى توغرا تونۇش ۋە ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشتا، بىز ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى يېتەكچىلىكىدىكى «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش» نى تەشەببۇس قىلىمىز، بىز

زەھەرلىك چۆپلەرنىڭ يامراپ كېتىشىنى ئەمەس ، « بارچە گۈللەرنىڭ تەكشى ئېچىلىش » ىنى تەشەببۇس قىلىمىز؛ بىز ماركسىزم يېتەكچىلىكىدە ، خەلقنى زەھەرلەيدىغان جەمئىيەتنى بۇلغايدىغان ، سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئەركىن يامراپ كېتىشىنى ئەمەس ، ھەرخىل ئىلمىي كۆز قاراش سەنئەت ئېقىملىرىنىڭ ئەركىن مۇھاكىمە قىلىنىشىنى ۋە كېڭىشىشىنى تەشەببۇس قىلىمىز؛ « بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش ، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش » فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى تۈپ مەقسەت ئىلىم ـ پەن ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت جەھەتتە ئەركىن مۇھاكىمىنى قانات يايدۇرۇش ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنى باتۇرلۇق بىلەن ئىزدىنىپ ، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىپ ، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ ، خاتالىقنى تۈزىتىپ ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشكە ئىلھاملاندۇرۇشتىن ئىبارەت .

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى ۋە نەزەرىيە مۇھاكىمىلىرىدە خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەتنى پەرقلەندۈرۈشكە ماھىر بولۇپ ، ئادەتتىكى ئىلمىي كۆز قاراش مەسىلىسىنى سىياسىي مەسىلە ، مەيدان مەسىلىسى دەپ قارىماسلىقىمىز ، جۈملىدىن ، سىياسىي مەسىلىنى كونكرېت ئانالىز قىلماي ئىلمىي مەسىلە ، مەيدان مەسىلىسى دەپ قارىماسلىقىمىز لازىم . ئومۇمەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتى مېخانىزمى تېخىمۇ كەڭ ، تېخىمۇ كۆپ دائىرىدىكى كىشىلەرنىڭ سوتسىيالىستىك ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاشقا ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت يولىنىڭ ماڭغانسېرى تېخىمۇ كېڭىيىشكە پايدىلىق بولۇشى ، توغرا يۆنىلىش ئاساسىدا سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى تېخىمۇ كەڭ جارى قىلدۇرۇشى ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدە تېخىمۇ

ئىناق ، كۆڭۈل ئازادە بولغان ئىجتىمائىي كەيپىيات شەكىللەندۈرۈشى لازىم .

## 3 . مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى جارى قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ، يېڭىلىق يارىتىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش لازىم

جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ھەم چوڭقۇر ، كەڭ سوتسىيالىستىك مەزمۇنغا ، ھەم روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە . شۇڭا ، چوقۇم مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى جارى قىلىش ، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ، يېڭىلىق يارىتىش يولىدا مېڭىش لازىم .

يولداش جياڭ زېمىن : « جۇڭخۇا مىللىتى ئۇزاق تارىخقا ۋە ئېسىل مەدەنىيەتكە ئىگە ئۇلۇغ مىللەت ، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىزدا تارىخنى ئۇزۇپ قويماسلىق كېرەك » دەپ تەكىتلەپ ئېيتقىنىدەك ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئورنىنى چوڭقۇر تونۇش لازىم .

ئېلىمىزنىڭ مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ، مەدەنىيەت تارىخىنىڭ تولىمۇ ئۇزۇنلۇقى ، تەسىر تىرەنلىكى ، مەزمۇنىنىڭ موللۇقى ، مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنىڭ ھەر مىللەتتىن تەركىب تاپقانلىقى ، زېمىن دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى ۋە ئىنسانىيەت تارىخىغا قوشقان غايەت زور تۆھپىسى ئارقىلىق دۇنياغا مەشھۇر بولۇپ كەلمەكتە . ئۇ ، كۆندىن ـ كۈنگە يېڭىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا ئۆزىنىڭ ئۆچمەس شانلىق نۇرىنى چاچماقتا . بۇ ئېسىل مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ھازىرمۇ مىللىتىمىزنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ زۆرۈر شەرتى بولۇپلا قالماي ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت

يارىتىشىنىڭمۇ زۆرۈر شەرتى . شۇڭا ، ئېسىل مىللىي مەدەنىيەت تارىخىغا ھۆرمەت قىلىشىمىز ۋە ئۇنى ئۈزۈپ قويماسلىقىمىز لازىم .

ماركسىزملىق مەدەنىيەت قارىشى شۇنداق ھېسابلايدۇكى ، دۇنيادا ئۆزگەرمەس ، قاتمال مەدەنىيەت بولمايدۇ . جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي فورماتسىيىسى ۋە ماددىي ئىشلەپچىقىرىش شەكلىدە بارلىققا كەلگەن مەدەنىيەت تىپىدىكى ئۆزگىرىش ئەنئەنىنى ئۈزۈپ قويماستىن ، كونا مەدەنىيەتنى تۈپتىن يوقىتىش ، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تەلتۆكۈس قۇرۇتۇۋېتىشتىنمۇ دېرەك بەرمەيدۇ . خۇددى يېڭى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى كونا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئاساسى بولغىنىغا ئوخشاش ، يېڭى مەدەنىيەتمۇ ئەسلىدە بار مەدەنىيەت ئاساسىدا مەيدانغا كېلىشى كېرەك . يېڭى مەدەنىيەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاپ ، ئۇنىڭ ئېسىل قىسمىنى قوبۇل قىلىپ ، ئۇنى سوتسىيالىستىك يېڭى مەدەنىيەتكە سىڭدۈرۈپ ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ ئورگانىك تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك . شۇنىڭ ئۈچۈن ، بىز بىر تەرەپتىن ، تارىخنى ئۈزۈپ قويۇشقا ، ئۆزىمىزنىڭ ئەنئەنىسىنى ئىنكار قىلىدىغان مىللىي ئىنكارچىلىققا ، تارىخ ئىنكارچىلىقىغا قەتئىي قارشى تۇرۇشىمىز ، « پۈتۈنلەي غەربلەشتۈرۈش » تەك خاتا سىياسىي تەشەببۇسقا قەتئىي قارشى تۇرۇشىمىز ؛ يەنە بىر تەرەپتىن ، مىللىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى قارىغۇلارچە مەدھىيىلەيدىغان بىر تەرەپلىمىلىك ۋە ماركسىزملىق ئىلمىي تەھلىل كەمچىل بولىدىغان ئۇسۇللارغىمۇ قارشى تۇرۇشىمىز لازىم .

مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلغاندا ، چوقۇم تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش پوزىتسىيىسىنى قوللىنىش لازىم . تارىخىي مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت شۇ دەۋردىكى تارىخىي

www.uyghurkitap.com

رېئاللىقنىڭ ئىنكاسى، ئىدېئولوگىيە شەكلىنى ئالغان بولۇپ، هامان روشەن سىنىپىيلىققا ۋە ئىدېئولوگىيە خاراكتېرىگە ئىگە. ئۇنىڭدا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپنىڭ مەدەنىيىتى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ئىلغار، دېموكراتىك مەدەنىيىتى بولىدۇ. دېمەك، مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئىلغار، دېموكراتىك مېغىزىمۇ، فېئوداللىق شاكىلىمۇ بولىدۇ. بىز ئۇلارنى پەرقلەندۈرۈشىمىز، تاللىشىمىز لازىم. مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مېغىزى بىلەن شاكىلىنى، دېموكراتىك مەزمۇن بىلەن فېئوداللىق ئەخلىتىنى پەرق ئەتمەي شۇ پېتىلا سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت سەھنىسىگە كۆتۈرۈپ چىقىش كونسېرۋاتىپلىق، ئارقىغا چېكىنىش بولۇپ، بۇ خىل خاھىشنى قەتئىي تۈزىتىش لازىم.

تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش پەقەت بىر ئاساس، بىز يېتىدىغان نىشان يەنىلا «كونىلىرىدىن يېڭىنى يارىتىش»، ئىجاد قىلىش ۋە يېڭىچە مىللىي مەدەنىيەت يارىتىشتىن ئىبارەت.

4 ـ مايدىن بۇيانقى ئىنقىلابىي مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تارىخىي، مىللىي، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ زور ئېقىنى، هەرگىزمۇ مەنبە ئەمەس. ۋارىسلىق قىلىش ـــ يېڭىدىن ئىجاد قىلىشنىڭ ئورنىنى دەسسىيەلمەيدۇ. جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ مەنبەسى يەنىلا هەر مىللەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش ئەمەلىيىتى. يېڭى، مىللىي مەدەنىيەت يارىتىشنىڭ تۈپ يولى ـــ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئەمەلىيىتىنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان هالدا مىللىي ئەنئەنىۋى سەنئەتنىڭ شەكلى، ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىدىن ئىجابىي پايدىلىنىپ ۋە ئۇنى يېڭىلاپ، ئۇنى يېڭى دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەزمۇن ۋە مىللىي

www.uyghurkitap.com

شەكىل تەلىپى بويىچە سوتسىيالىستىك يېڭى، مىللىي مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت. شۇڭا، مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى جارى قىلدۇرۇش، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشتا «قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن، چەت ئەلنىڭكىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش»، «كونىلىرىدىن يېڭىنى يارىتىش» فاڭجېنىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشىمىز لازىم.

بىز ھەم مىللىي، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىشىمىز، ھەم چەت ئەل مەدەنىيىتىنىڭ مۇنەۋۋەر نەتىجىلىرىنى ئەينەك قىلىشىمىز، قوبۇل قىلىشىمىز لازىم. بۇ يالغۇز سوتسىيالىستىك مەملىكەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئەينەك قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماي، كاپىتالىستىك مەملىكەتلەرنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى ئەينەك قىلىش ۋە قوبۇل قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پەقەت مەدەنىيەت بىلىملىرى، سەنئەت شەكلى، بەدىئىي ماھارەتنىلا قوبۇل قىلىش، ئەينەك قىلىشنىلا ئەمەس، ھەتتا ئىدىيىۋى مەزمۇننى قوبۇل قىلىش ۋە ئەينەك قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پۈتۈن ئىنسانىيەت ئىجاد قىلغان مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى، مەنىۋى بايلىقلارنى چۈشىنىشىمىز، ئىگىلىشىمىز، ئەينەك قىلىشىمىز، قوبۇل قىلىشىمىز لازىم. بۇ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم شەرتى، شۇنداقلا خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىشنىڭ مۇھىم تەدبىرى. لېكىن چەت ئەلنىڭ مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى ئۆگىنىش، قوبۇل قىلىش، ئەينەك قىلىشتىكى مەقسەت ئۆزىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. شۇڭا بۇ خىل قوبۇل قىلىش، ئەينەك قىلىش جەزمەن ئۆز دۆلىتىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈشى، ئۆز مەدەنىيىتىمىزگە سىڭدۈرۈلۈشى

لازىم. ھەر قانداق مەدەنىيەتنى ئالدى بىلەن دۆلىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئېتىراپ قىلىشى، قوبۇل قىلىشى لازىم، ئاندىن دۇنيا سەھنىسىدە تېگىشلىك ئورۇن ئالالايدۇ. مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولمىغان، ئۆز ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشمىگەن ھەرقانداق مەدەنىيەتنىڭ دۇنياۋى ئەھمىيىتى بولمايدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىنى چىقىش نۇقتا قىلغان ھالدا چەت ئەلنىڭ ئىلغار مەدەنىيەت مېۋىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزگەرتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنى تېزلىتىش — بىزنىڭ تۈپ نىشانىمىز. شۇڭا، چەت ئەل مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغاندا جەزمەن «چەت ئەلنىڭكىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» فاڭجېنىنى ئىجرا قىلىش لازىم.

## 4. ئەدەبىيات ـ سەنئەت سېپىنى ئىچكى ـ تاشقى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشىگە تاقابىل تۇرىدىغان پولاتئىستىھكام قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم

يولداش جياڭ زېمىن «1 ـ ئىيۇل» دىكى سۆزىدە: «يېڭى تارىخىي شارائىتتا پارتىيىمىز ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشنىڭ سىنىقىغا داۋاملىق دۇچ كېلىپلا قالماستىن، بەلكى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ سىنىقى، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇشنىڭ سىنىقىغىمۇ دۇچ كەلمەكتە» دەپ كۆرسەتتى. ئۇ يەنە: «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش ۋە بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمى دۆلىتىمىزنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقى، قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشى ئۈچۈن رېئال تەھدىت بولۇپ قالىدۇ»، پۈتۈن پارتىيىنىڭ مۇھىم

ۋەزىپىلىرىدىن بىرى « ئىچكى ـ تاشقى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە تاقابىل تۇرىدىغان پولات ئىستىھكام قۇرۇشتىن ئىبارەت » دېدى . ئۇ يەنە ئۆز سۆزىدە : « ئىدېئولوگىيە ساھەسى تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش بىلەن تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ مۇھىم ساھەسى » ، « بۇ جەھەتتىكى خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ـ ئىشلىيەلمەسلىك سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك » دەپ ئېنىق كۆرسەتتى . باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ يۇقىرىقى مۇھىم يوليورۇقلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش بىزنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان خەلقئارا ۋەزىيەتنى توغرا تەھلىل قىلىپ ۋە تونۇپ ، سوتسىيالىزم كاپىتالىزم ئۈستىدىن جەزمەن غەلىبە قىلىدۇ ، دېگەن ئېتىقادنى قەتئىيلەشتۈرۈشىمىزدە ، ئىچكى ـ تاشقى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە تاقابىل تۇرۇش ئاڭلىقلىمىزنى كۈچەيتىپ ، تارىخ بىزگە يۈكلىگەن جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن تېخىمۇ ياخشى چىقىشىمىزدا مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە .

ھازىرقى دۇنيادا سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزمدىن ئىبارەت ئىككى خىل تۈزۈم ، ئىككى چوڭ ئىدىيە سىستېمىسىنىڭ قارشىلىقى ۋە كۈرىشى ــ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش بىلەن تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش شەكلى بىلەن ئىپادىلەنمەكتە . ئىچكى ـ تاشقى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش سۇيىقەستى ــ ئېلىمىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىغا نىسبەتەن ئەمەلىي خەۋپ بولۇپ تۇرماقتا . ئىدېئولوگىيە ساھەسى ئەنە شۇ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش بىلەن تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش

ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ مۇھىم سېپى، ئاساسلىق جەڭ مەيدانى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسى بولسا ئالدىنقى سەپ بازىسىدۇر. شۇڭا، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدە، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت سېپىنى تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى پولات ئىستىھكام قىلىپ قۇرۇپ چىقىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئىدېئولوگىيىنىڭ مۇھىم ساھەسى بولغان ئاخبارات، نەشرىيات، مەدەنىيەت، سەنئەت، نەزەرىيە تەتقىقاتى تارماقلىرى تاشقى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ بىزگە مەدەنىيەت جەھەتتىن سىڭىپ كىرگەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە بىر تەرەپتىن تەرتىپكە سېلىش، بىر تەرەپتىن گۈللەندۈرۈش فاڭجېنىدا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشى ئىشلەپ، ماركسىزم ئىدىيىسى ئارقىلىق بارلىق ئىدىيە، مەدەنىيەت بازىلىرىنى ئىگىلىشى كېرەك. بۇنىڭدا ھەم ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، تاشقى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى كېڭەيتىش، ھەم چەت ئەللەرنىڭ ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات بۇيۇملىرىنىڭ سىڭىپ كىرىشىنىڭ قاتتىق ئالدىنى ئېلىش كېرەك. مەدەنىيەت بازارلىرىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرتىپكە سېلىش ۋە ساپلاشتۇرۇش لازىم. تەرتىپكە سېلىشنى تۇتۇش بىلەن بىللە، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشىدە، جامائەت پىكرىنى توغرا تەرەپكە يېتەكلەش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ نادىر ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى يارىتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى تەلىپىنى قاندۇرۇپ، بۇرژۇئا ئىدىيىسىنىڭ چىرىتىشىنى ئۈنۈملۈك چەكلەپ، خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ مەدەنىيەت

جەھەتتە سىڭىپ كىرىپ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش يولىدىكى سۈيىقەستىنى مەغلۇب قىلىشىمىز كېرەك . بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ۋە تەربىيىسى ئۇزۇن مۇددەت ئېلىپ بېرىش كېرەك . بىر قانچە يىلدىن بۇيان ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ۋە تەربىيىسى غايەت زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى ، لېكىن بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭ نەزەرىيە ئاساسى ۋە ئىدىيىۋى تەسىرىنى تۈگىتىش ئۇزۇن مۇددەتلىك مۇشەققەتلىك ۋەزىپە . بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمى تەرغىب قىلغان « سوبيېكتىپ ئىدېئالىزم » ، « غايىسىزلاشتۇرۇش » ، « سىياسىينى سۇسلاشتۇرۇش » ، مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى جارى قىلدۇرۇشقا سەل قاراش ، غەرب مەدەنىيىتىگە قارىغۇلارچە چوقۇنۇش قاتارلىق خاتا ئىدىيىلەرنىڭ تەسىرى تېخى تولۇق تۈگىگىنى يوق ، فېئوداللىق خۇراپىي ئىدىيىلەرنىڭ تەسىرى تېخى مەۋجۇت . بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭ ، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش — تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشنىڭ دۆلىتىمىز ئىچىدىكى ماسلاشقۇچى كۈچى . « بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش بىلەن تۆت ئاساسىي پرىنسىپ ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ قارشىلىق ۋە كۈرەش ، ماھىيەتتە ، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە ، سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇش بىلەن چىڭ تۇرماسلىق ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي كۈرەش ، لېكىن بۇنداق سىياسىي كۈرەش دائىم ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى ئىدىيە ، نەزەرىيە كۈرىشى سۈپىتىدە كۆپلەپ ئىپادىلىنىدۇ » . شۇڭا ئىدېئولوگىيە سېپىدە بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش چەكلەنمىسە ، ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇلمىسا ، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە تاقابىل تۇرۇش ۋە ئۇنىڭ

ئالدىنى ئېلىش قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ ـ دە، يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش — ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەش. بىز بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرگۈچىلەرنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىنىڭ تەسىرىنى داۋاملىق تۈگىتىشىمىز، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭ ئىدىيە، نەزەرىيە ئاساسىنى بىر ـ بىرلەپ تۈگىتىشىمىز لازىم. مۇشۇنداق قىلمىساق ئىدىيە مۇقىم بولمايدۇ، جەمئىيەت مۇقىم بولمايدۇ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى گۈللەندۈرگىلى بولمايدۇ. شۇڭا بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى كۈرەش ۋە تەربىيىنى تىنىچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ بوشاشماستىن ئۇزۇن مۇددەت ئېلىپ بېرىش لازىم.

مىللىي بۆلگۈنچىلىك بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭ مىللىي مەسىلىدىكى ئىنكاسىدۇر. ئۇ خەلقئارادىكى پانتۈركىزم ئىدىيىۋى ئېقىمى بىلەن بىرلىشىپ، شىنجاڭنىڭ سىياسىي مۇقىملىقى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا بىۋاستە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ئاساسىي خەۋپ بولۇپ قالدى. خەلقئارادا بەزى رايونلاردا پانتۈركىزم ئېقىمىنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىققانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش توغرىسىدا چوڭقۇر تەشۋىق ـ تەربىيە ئېلىپ بېرىشىمىز، ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ مىللەت، دىن مەسىلىسىدىن پايدىلىنىپ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك. ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئەزاسى بولغانلىقىدىن ئىپتىخارلىنىش تۇيغۇسىنى

ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

ئىچكى - تاشقى دۈشمەنلەر تىنىچ ئۆزگەرتىۋېتىش سۇيىقەستىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا دېموكراتىك سوتسىيالىزم پىكىر ئېقىمىدىن پايدىلانماقتا. دېموكراتىك سوتسىيالىزم بىلەن بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش ماھىيەتتە بىر نەرسە بولۇپ، ھەر ئىككىسى كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، كۆپ پارتىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ؛ پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى ئىنكار قىلىپ، «ئومۇمىي خەلق دېموكراتىيىسى»، «ئومۇمىي خەلق دۆلىتى» نى تەرغىب قىلىدۇ؛ ماركسىزم - لېنىنىزمنى يېتەكچى ئىدىيە قىلىشقا قارشى تۇرۇپ، ئىدېئولوگىيىنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۈنىڭدىن ھازىرقى زامان دېموكراتىك سوتسىيالىزمنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئاساسىي پرىنسىپلىرىدىن پۈتۈنلەي ۋاز كەچكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئىلمىي سوتسىيالىزمغا تۈپتىن قارشى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. دېموكراتىك سوتسىيالىزمنىڭ خاراكتېرى، ئىدېئولوگىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇرژۇئا پىكىر ئېقىمىنىڭ ئىنكاسى، جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بەزى جايلىرى ئۆزگەرتىلگەن كاپىتالىزم تۈزۈمى. مەيلى بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش بولسۇن، مەيلى مىللىي بۆلگۈنچىلىك بولسۇن، مەيلى دېموكراتىك سوتسىيالىزم پىكىر ئېقىمى بولسۇن ماھىيىتى بىردەك. بۇلارنىڭ ھەممىسى سوتسىيالىستىك مەملىكەتلەرنى ئىچكى جەھەتتىن پارچىلاپ، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز تۈت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمى، مىللىي بۆلگۈنچىلىك پىكىر

www.uyghurkitap.com

ئېقىمى ۋە دېموكراتىك سوتسىيالىزم پىكىر ئېقىمى بىلەن مۇرەسسەسىز كۈرەش قىلىشىمىز ، خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ « مەدەنىيەت » جەھەتتە سىڭىپ كىرىش ، ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش ۋە تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشنى يولغا قويۇشتىكى سۇيىقەستىدىن ھوشيار بولۇشىمىز ، ئۇنى سېزىۋېلىشىمىز ۋە ئۇنىڭدا قارشى كۈرەشنى ئاخىرىغىچە ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم .

بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭ ئاچچىق ساۋاقلىرى ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلىرىنىڭ ئالدىغا بايرىقى روشەن ھالدا سوتسىيالىزم مەيدانىدا تەۋرەنمەستىن چىڭ تۇرۇش ، پارتىيىنىڭ مۇكەممەل بولغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش ، دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامىدىكى ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدىن ئىبارەت دەۋرنىڭ بۇ باش تېمىسىنى دەل ۋاقتىدا كۈچلۈك ھالدا ئىپادىلەش ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى ئارقىلىق خەلقنى تەربىيىلەش ، خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ، خەلق ئاممىسىنى سەگەكلەشتۈرۈپ ، سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا بولغان ئېتىقادىنى مۇستەھكەملەش ، بۇرژۇئازىيىنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش سۇيىقەستىگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت جىددىي تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى . بۇنىڭ ئۈچۈن كەڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنى ماركسىزم ـ لېنىنىزم ، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ، پارتىيىنىڭ فاڭجېن ، سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە ، دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامىنى پۇختا ئىگىلەپ ، دەۋرنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن ، ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى زور تېمىلارنى كۆپلەپ يېزىشقا ، دەۋرنىڭ ئاساسىي ئېقىمىنى روشەن ئەكس ئەتتۈرىدىغان دەۋر روھىغا باي ، مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشقا تەشكىللەش ، ئۇلارنى ھەقىقىي تۈردە ئىنسان روھىنىڭ لاياقەتلىك

ئىنژېنېرى بولۇشقا يېتەكلەش كېرەك .

يۇقىرىدىكى بىر قاتار خىزمەتلەر ئۈنۈملۈك ئىشلەنگەندىلا ، پۈتكۈل ئەدەبىيات ـ سەنئەت بازىسىنى، سوتسىيالىزم ئىدىيىسىنى ئىگىلەپ ، تىنىچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى پولات ئىستىھكامغا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ .

1991 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى

www.uyghurkitap.com

# ئىدىيىنى دادىل ئازاد قىلىپ، كۆز قاراشنى يېڭىلاپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىسلاھاتىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت مەدەنىيەت خادىملىرى ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىش، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشىدە ۋە بارچە گۈللەر تەڭ ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش فاڭجېنىدا، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ كۆپ خىل رولىنىڭ بىرلىكىدە، تېمىنى كۆپ خىللاشتۇرۇش بىلەن دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامىنى گەۋدىلەندۈرۈشنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئېسىل مىللىي مەدەنىيەتنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، ئەدەبىيات، كىنو، تېلېۋىزىيە، مۇزىكا، ئۇسسۇل، گۈزەل سەنئەت، تىياتىر قاتارلىق تۈرلۈك مەدەنىيەت ئىشلىرىدا ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنى دەۋر روھىغا ۋە شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ساغلام مەنىۋى مەھسۇلاتلار بىلەن تەمىن ئېتىپ، خەلقنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى، گۈللىنىشىنى، مەدەنىيەتلىك بولۇشىنى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا مۇھىم تۆھپە قوشتى.

ئەمما، نەتىجىلەر سۆزلەنگەن ۋاقىتتا شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى ھازىرقى يېڭى تارىخىي شارائىتتا ۋە يېڭى مەدەنىيەت دولقۇنىدا بىر مۇنچە يېڭى مەسىلىگە، يېڭى زىددىيەتكە دۇچ كەلمەكتە. جۈملىدىن ئۆزىنىڭ

ئۇزاق تارىخىي زامانلاردىن بۇيان شەكىللەنگەن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پاراسەت ھەم ماھارەتلىرىنى نامايان قىلىپ كەلگەن بەدىئىي ئۇسلۇبىنى يېڭى دەۋرگە، ئاممىغا قانداق ياقتۇرۇش مەسىلىسى ھەممە خەلق ئاممىسىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە يېڭىلىنىپ، كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى ئېھتىياجىنى سەنئەتتىن بەھرىلىنىش ئارزۇسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى سەنئەت قانۇنىيىتى بويىچە قانداق راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسى كېلىپ چىقماقتا.

دۆلىتىمىز ھازىر يېڭى بىر سەلتەنەتلىك تارىخىي باسقۇچتا ـ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ئاچقۇچلۇق مەزگىلىدە تۇرماقتا. 3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىن 11 ـ كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتى كېڭەيتىلگەن يىغىن ئېچىپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيىنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنىنى قەتئىي، تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۆۋەتتىكى پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىش، زېھنىي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى يۈكسەلدۈرۈشتىن ئىبارەت ئاساسىي تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى تېز راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا قارارى» نى چىقاردى. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك كادىرلار، ھەر مىللەت

ئامىمىسى ئىدىيىنى تېخىمۇ ئازاد قىلىپ ، كۆز قاراشنى بۇرۇلۇش ياساپ ، ھەرىكەت جەھەتتە چوڭ قەدەم تاشلاپ ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى يېڭى پەللىگە يۈكسەلدۈرۈشتەك قاينام ـ تاشقىنلىق ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈرمەكتە .

« ھەممە ساھەلەر رىقابەتلىشىۋاتقان » ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان يېڭى ۋەزىيەتتە مەدەنىيەت ساھەسىنىڭ تاللايدىغان بىردىنبىر يولى — يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش توغرىسىدىكى بىر قاتار مۇھىم بايانلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىجرا قىلىش ئاڭلىقلىقىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ ، ئىدىيىنى دادىل ئازاد قىلىپ ، كۆزقاراشنى يېڭىلاپ ، ئىدىيە جەھەتتىكى بېكىنمىچىلىك ، كونا كۆزقاراشلارنى چۆرۈپ تاشلاپ ، « سول » چىلىقنىڭ ياكى « ئوڭچىل » لىقنىڭ بولۇپمۇ « سول » چىل ئىدىيىنىڭ تەسىرىنى ئۈزلۈكسىز تازىلاپ ، ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىش بىلەن مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇپ ۋە بىر تەرەپ قىلىپ ، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى تۇرغۇزۇپ ، باتۇرانە ئىزدىنىپ ، دادىل سىناق قىلىپ ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىش يولىنى تېپىپ چىقىشتىن ئىبارەت .

### 1 . نۆۋەتتىكى مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى توغرىسىدا

يولداش جياڭ زېمىننىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلىگەن

سۆزىدە ئوتتۇرىغا قويغان جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ ئاساسىي تەلپى بويىچە، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنى زور كۈچ بىلەن گۈللەندۈرۈپ، نۇرغۇن رەڭگارەڭ، سۈپەتلىك ئەسەرلەرنى يارىتىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىغا قارىتا كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، خەلقنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان بىر ئەۋلاد يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇش ــ ئەدەبىيات ـ سەنئەت تارماقلىرىنىڭ مەركىزىي خىزمىتى، بارلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ شەرەپلىك بۇرچى ۋە مۇقەددەس ۋەزىپىسى. نۆۋەتتىكى مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ چىقىش نۇقتىسى ــ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىغا ئەمەل قىلىپ، پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بىر تەرەپلىمە ھالدا تەكىتلەپ، ھازىرقى ھالەت بىلەن قانائەتلىنىپ قالىدىغان، يېڭىلىق يارىتىشقا، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان، باتۇرلۇق بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتىكى پىكىر يوللىرىنى توسۇپ قويىدىغان بېكىنمە ئىدىيىنى دادىل ئازاد قىلىپ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان كونىچە كۆز قاراشلارنى چۆرۈپ تاشلاپ، تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىپ، پەيتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھات،

ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىش، قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىپ، ئەمەلىي ئىشلەش ئېڭىنى ھەقىقىي تۇرغۇزۇپ، كاللىنى سەگەك تۇتۇپ يۈرەكلىك ئىشلەش، پارتىيىنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنىنى قەتئىي، تەۋرەنمەي ئىجرا قىلىپ، تۈرلۈك مەدەنىيەت خىزمەتلىرىنى ئىقتىسادىي خىزمەتتىن ئىبارەت مەركەزنى چۆرىدىگەن ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇش، مۇشۇ مەركەزنى گەۋدىلەندۈرۈشتىن ئىبارەت.

تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ۋە ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتىدۇر. جۇڭگونى سوتسىيالىزملا قۇتقۇزالايدۇ، جۇڭگونى سوتسىيالىزملا تەرەققىي تاپقۇزالايدۇ. تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىدىن، مىللىي بۆلگۈنچىلىكتىن، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشتىن ھوشيار بولۇش لازىم. ئىسلاھات چوڭقۇرلىشىۋاتقان، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش دائىرىسى كېڭەيتىلىۋاتقان شارائىتتا، باشقا سەپلەرگە ئوخشاش ئىدىيە - مەدەنىيەت سېپىدە نۇرغۇن يېڭى ئەھۋال ۋە يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىمىز. شۇڭا مەدەنىيەت - سەنئەت سېپىدە تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش توغرىسىدا ئۇزاققىچە، چوڭقۇر تەربىيە ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تەڭ تۇتۇش فاڭجېنىنى ئۇزاققىچە ئېغىشماي ئىزچىللاشتۇرۇپ، كەڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىش ئىشەنچىسىنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد كۈچەيتىش لازىم.

ئەدەبىيات - سەنئەتتە خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش فاڭجېنىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ئېسىل

ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەتنى جارى قىلدۇرۇپ، دۇنيادىكى ئىلغار مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى قوبۇل قىلىش لازىم. مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى باشقۇرۇشنى ۋە مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى مۇستەھكەملەش لازىم.

## 2. نۆۋەتتىكى ئاساسىي نىشان

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش توغرىسىدىكى بىر قاتار مۇھىم بايانلىرىنى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىجرا قىلىپ، نۆۋەتتىكى پايدىلىق پەيتنى چىڭ تۇتۇپ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى يۈكسەلدۈرۈش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ داۋاملىق ئىلگىرىلەش توغرىسىدىكى يوليورۇقنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە ئىگىلەش ئاساسىدا «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى تېز راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى» نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەدەنىيەت ـ سەنئەت ساھەسىدە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىش، ھەر دەرىجىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، سەنئەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش؛ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈپ، مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى، مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرىنى كۆپلەپ مەيدانغا چىقىرىش؛ چەت ئەللەر

بىلەن بولغان مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى كېڭەيتىش؛ « مەدەنىيەت ئارقىلىق مەدەنىيەتنى تولۇقلاش » ۋە « كۆپ خىل ئىگىلىك ئارقىلىق مەدەنىيەتكە ياردەم بېرىش » نى كەڭ يولغا قويۇش ئارقىلىق، مەدەنىيەت كەسپى، كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش؛ ھەرقايسى ئىدارە، ئورگانلارنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، مەمۇرىي ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاپ، ھوقۇقنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش، ئورگان ئىستىلىنى ئۆزگەرتىش؛ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ۋە سىياسىي ـ ئىدىيۋى خىزمەتنى، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم. يولداش دېڭ شياۋپىڭ يېقىندا: « بىرئاز بوشۇش روھى بولمىسا، بىرئازمۇ تەۋەككۇل قىلىش روھى بولمىسا، غەيرەت ـ جاسارەت بولمىسا، ياخشى يول تاپقىلى، يېڭى يول تاپقىلى بولمايدۇ، يېڭى ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ » دەپ كۆرسەتتى. ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى بىر مەقسەت، بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، ئىسلاھاتقا بولغان يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇمىز بىلەن ئەقىل ـ پاراسىتىمىزنى ۋە كۈچىمىزنى ئىشقا سېلىپ، ئويلاشقا، ئىشلەشكە، ئىزدىنىشكە، يېڭىلىق يارىتىشقا، دادىللىق بىلەن سىناق قىلىش، دادىللىق بىلەن بۆسۈشكە جۈرئەت قىلىپ، تارىخ بىزگە يۈكلىگەن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتەك ئەلا نەتىجىلىرىمىز بىلەن پارتىيە 14 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلىشىنى كۈتۈۋېلىشىمىز لازىم.

### 3. مەدەنىيەت باشقۇرۇش تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى تېزلىتىپ، سەنئەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش لازىم

(1) سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى

چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، تۈرلۈك مەدەنىيەت باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ، جۈملىدىن ئاممىۋى مەدەنىيەت، كۇتۇپخانا، كىنو، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن ئىبارەت كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئالدى بىلەن ئىشنى كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشتىن باشلاپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم.

ھەر قايسى ئورۇنلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، دېموكراتىك ئاساستا سايلاش، بىۋاسىتە تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش، ئاشكارا خېرىدار چاقىرىش، بەلگىلەش قاتارلىق چارىلەرنى قوللىنىپ، رىقابەت مېخانىزمىنى يولغا قويۇپ، ئۆستۈرۈشكىمۇ بولۇش، چۈشۈرۈشكىمۇ بولۇش، كىرگۈزۈشكىمۇ بولۇش، چىقىرىشقىمۇ بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ماركسىزمنىڭ ئىختىساس ئىگىسى قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، پارتىيىنىڭ كادىرلارنى «تۆتلەشتۈرۈش» فاڭجېنى ۋە ئەخلاقلىق، قابىلىيەتلىك بولۇش ئۆلچىمى بويىچە، كۆپ خىل يوللار بىلەن ئىختىساس ئىگىلىرىنى تاللاپ ئۆستۈرۈپ، خەلق ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش لۇشيەنىدە چىڭ تۇرغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان ھەمدە تۆھپىسى بولغانلارنى دادىل تۈردە رەھبەرلىك بەنزىسىگە كىرگۈزۈش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە دادىللىق بىلەن ئىشلىتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ياش كادىرلارنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش، ئاساسىي قاتلامدا چېنىقىپ يېتىلگەن مۇنەۋۋەر ياش كادىرلارنى رەھبەرلىك ئورنىغا ۋاقتىدا تاللاپ ئۆستۈرۈش كېرەك. پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، خىيانەتچىلىك قىلغان، پارا ئالغان چىرىك ئۇنسۇرلارنى قەتئىي

جازالاش ، ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىشكە پۇتلىكاشاڭ بولىدىغان ، سۇيىقەست ، ھىيلە ـ مىكىر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ، پارتىيە ، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىنى تاقارىشىپ تۇرۇۋېلىپ ئىجرا قىلماي ياكى ئۇنىڭغا كۆرۈنۈشتە ئەمەل قىلغان بولۇپ ، ئاستىرتىن خىلاپلىق قىلىدىغان ، ئىچكى چۇۋۇقچىلىقى ئېغىر ، ئاممىنىڭ پىكرى كۆپ ، بيۇروكرات ، كونا چېگىش ئورۇنغا ئايلىنىپ قالغان ، ئىقتىدارسىز رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى قەتئىي تەرتىپكە سېلىش ۋە تەڭشەش ، لاياقەتسىز كادىرلارنى خىزمىتىدىن قەتئىي ئېلىۋېتىش ياكى دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىپ بىر تەرەپ قىلىش لازىم . نۆۋەتتە بىزنىڭ ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىشتە راستچىل بولۇپ ، ئەمەلىي ئىش قىلىشىمىزغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ، ئورگان ، ئىدارىلەردە ساقلانغان ئىش ئاز ، ئادەم كۆپ بولۇش ، ئىستىل توغرا بولماسلىق ، ئىشنى ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋېتىش ، ئۈنۈم تۆۋەن بولۇشتىن ئىبارەت ئېغىر تۈرىچىلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇش ، بەش خىل كېسەلنى ، يەنى غۇدۇڭشىش كېسىلى ، باش تارتىش كېسىلى ، قورۇق تالاش ـ تارتىش كېسىلى ، ئىقتىدارلىقلارنى كۆرەلمەسلىك كېسىلى ، قانات ئاستىغا ئېلىش كېسىلىنى ساقايتىش ، يەنە ئۈچ خىل ئادەمنى ، يەنى ئۆزى ئىشلىمەي تۇرۇپ خەقنى غاجايدىغان « گەپدان » لارنى ، ئاتىكاچىلىق قىلىدىغان « تاماشا كۆرگۈچى » لەرنى ، جېدەل ـ ماجىرا تۇغدۇرىدىغان « سىياسەتۋاز » لارنى تەربىيىلەش كېرەك .

( 2 ) مەدەنىيەت كەسپى ، كارخانا ئورۇنلىرىدىكى مەخسۇس كەسپىي خادىملارنى ، جۇملىدىن كەسپىي ، تېخنىكا خىزمەتلىرىنى قوشۇمچە ئۆتەيدىغان رەھبىرىي كادىرلارنى تەكلىپ بىلەن ئىشلىتىش تۈزۈمىنى ، رىقابەت مېخانىزمىنى پائال ، سالماق ھالدا ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش لازىم . پەقەت رىقابەت بولغاندىلا

ئاندىن كىشىلەرنىڭ ئىجادچانلىقىنى جارى قىلدۇرغىلى ، سەنئەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى ، پەقەت رىقابەت بولغاندىلا ئاندىن قاتمال تۈزۈلمە ئىچىدە ھايات كۆچۈرۈۋاتقان ئادەملەردە ئىلگىرى شەكىللەنگەن ئادەتتىكە بويسۇنۇش ھالىتىنى بۇزۇشقا بولىدىغانلىقىنى ، پەقەت رىقابەت بولغاندىلا كىشىلەرنىڭ ئۆز قىممىتىنى ئەمەلىيەتتە تولۇق كۆرسىتەلەيدىغانلىقىنى ، ئۆز تەقدىرىنى ئوڭشىيالايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتۇق .

« تۆمۈر تاۋاق » تۈزۈمى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك مەنىۋى ئەمگەكتىن ئىبارەت ئىچكى مېخانىزمىنى بۇزۇپ تاشلاپلا قالماستىن ، بەلكى كىشىلەرنىڭ ماھىيەتلىك ئىجادىيەت ئىقتىدارىنىڭ چېكىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ؛ كىشىلەرنى ئالغا ئىنتىلىشنى ئويلىمايدىغان ، تەقسىماتنىڭ تەڭ ـ باراۋەر بولۇشىنى تىلەيدىغان قىلىپ قويىدۇ ـ دە ، نەتىجىدە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئاجىزلاپ كېتىدۇ . كىشىلەرنىڭ ئىجادچانلىق كۈچى قىتىپ قالىدۇ . قاتمال تۈزۈلمىنى مۇستەھكەملەپ ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ، جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىدىكى جاھىل توسالغۇ بولۇپ قالىدۇ . شۇڭا سەنئەت ئۆمەكلىرى خادىملارنىڭ ھەممىسىنى تەكلىپ بىلەن خىزمەتكە قويۇش تۈزۈمىنى پۈختا ھالدا يولغا قويۇپ ، سەنئەت تۈزۈلمىسىدە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان « تۆمۈر تاۋاق » ، «تۆمۈر ئورۇندۇق » ، « تۆمۈر ئىش ھەققى » ۋە « داشقازان تامىقى » دىن ئىبارەت كونا مېخانىزمنى قەتئىي بۇزۇپ تاشلاپ ، ئىچكى قىسمىدىكى ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنىڭ ئالمىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ، سەھنىگە چىقىدىغانلار بىلەن چىقمايدىغانلار ئوخشاش بولۇش ، ئىشقا

كېلىدىغانلار بىلەن كەلمەيدىغانلار ئوخشاش بولۇش ، ياخشى ئىشلىگەنلەر بىلەن ياخشى ئىشلىمىگەنلەر ئوخشاش بولۇشتەك تولىمۇ نامۇۋاپىقسىز زىددىيەتنى تۈپتىن ھەل قىلىپ ، رىقابەت مېخانىزمىنى كىرگۈزۈش ، مائاشنىڭ دەرىجە پەرقىنى چوڭايتىش ۋە مۇكاپات پۇلى بېرىشتە پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش ئارقىلىق ، سەنئەت ئۆمەكلىرىدىكى « داشقازان » نى ئۈزۈل - كېسىل چېقىپ تاشلاش لازىم . باشقا مەدەنىيەت كەسپى ، كارخانا ئورۇنلىرىدىمۇ مۇناسىپ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش كېرەك .

( 3 ) ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ مۇۋاپىق ھالدا يۆتكىلىشىنى ... يۆتكىلىشى تۈرۈشنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ ، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئاكتىپچانلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى قوزغاش لازىم . سەنئەت ئۆمەكلىرى خادىملارنى مۇددەتتىن ئىلگىرى پېنسىيىگە ، دەم ئېلىشقا چىقىرىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ ، ئاساسىي مائاش مۇئامىلىسىنىڭ ئۆزگەرمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم . تەكلىپ قىلىنمىغان خادىملارنىڭ ئەركىن يۆتكىلىپ يۈرۈشىگە ، خىزمىتىنى ساقلاپ قېلىپ مائاشىنى توختىتىشقا ياكى خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىشىگە رۇخسەت قىلىش كېرەك . كەسىپ ئالماشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ ، كەسپىي ئارتۇقچىلىقى بار خادىملارنى يېتەكچىلىك ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا ياكى كەسىپ ئۆزگەرتىپ باشقا كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك . ئۇچىنچى خىل ئىگىلىك ، كۆپ خىل تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشقىمۇ بولىدۇ . ھەرقايسى ئورۇنلار يولنى كەڭ ئېچىپ ، ئۆز ئورنىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈش پرىنسىپىغا ئاساسەن تەكلىپ قىلىنماي قالغان ، تەكلىپ بىكار قىلىنغان ۋە ئارتۇقچە خادىملارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك .

(4) قاتتىق ئىمتىھان ئېلىپ تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، تەكشۈرۈش بىلەن تەقدىرلەشنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، مۇكاپات پۇلىنىڭ دەرىجە پەرقىنى چوڭايتىش، ياخشى ئىشلىگەنلەرنى مۇكاپاتلاپ، ھورۇنلۇق قىلغانلارنى جازالاش، كۆپ ئىشلىگەنلەر كۆپ ھەق ئېلىشى كېرەك. خىزمەت پوزىتسىيىسى ناچار، تەكشۈرۈشتە لاياقەتسىز چىققانلارنىڭ مۇكاپات پۇلىنى مائاشىنى تۇتۇپلا قالماي، بەلكى مەسىلىسى ئېغىرلارنى بەلگىلىمە بويىچە مەمۇرىي جەھەتتە بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ئاز ساندىكى خىزمەتكە ئورۇنسىز ئاۋارىچىلىك تۇغدۇرغان، ئورۇنسىز جېدەل ـ ماجىرا چىقىرىپ، نورمال خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزگەن ۋە كاشىلا سالغانلار قايتا تەربىيە بېرىش ئارقىلىقمۇ تۈزەتمىگەن بولسا، كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ قاتتىق چارە كۆرۈش، ھەتتا خىزمەتتىن ھەيدەش كېرەك.

(5) ھوقۇقنى ھەقىقىي تۈردە تۆۋەنگە چۈشۈرۈش، سىياسەت چېكىنى مۇۋاپىق كەڭ قىلىش كېرەك. بىز تەدرىجىي ھالدا ئوتتۇرا قاتلام كادىرلار نى تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىشتىكى خىزمەتكە بەلگىلەش، خىزمەتتىن قالدۇرۇش ھوقۇقىنى، ئىدارىدىكى خادىملارنى تەكشۈرۈش، سەپلەش، ئۇنۋان باھالاپ تەكلىپ قىلىش ھوقۇقىنى ھەم ئىختىساس ئىگىلىرىنى قوبۇل قىلىش، توختام تۈزۈمىدىكى خادىملارنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ھەر قايسى ئورۇنلارغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئادەم ئىشلىتىش جەھەتتىكى خوجايىنلىق ھوقۇقىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىشىمىز، كارخانىلارنىڭ تىجارەت، ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتلىرىدىكى خوجايىنلىق ھوقۇقىغىمۇ تولۇق ھۆرمەت قىلىشىمىز لازىم.

مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ئىسلاھات مۇساپىمىزغا نەزەر

سالساق ، بىز ئالدىنقى بىر نەچچە يىلدا سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ ئىسلاھاتىدا سىناق تەرىقىسىدە ئۆمەك باشلىقلىرىنى ئاشكارا خىرىدار چاقىرىپ ، قىسمەن ھۆددىگە بېرىش قاتارلىق ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى يولغا قويدۇق . ئىسلاھاتنىڭ ئومۇمىي يېتەكچى ئىدىيىسى توغرا بولۇپ مەلۇم ئۈنۈمگە ئېرىشتى ، بۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك . ئەمما ساقلانغان ئاچقۇچلۇق مەسىلە — قاراپ بېقىش پوزىتسىيىسىدە بولۇپ ، ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلاشمىغانلىقى ، دادىل ئېلىپ بېرىلمىغانلىقى ، ئۈزۈل - كېسىل بولمىغانلىقىدا . بىر تەرەپلىمە ھالدا مۇقىملىقنى تەكىتلەپ ، ھازىرقى ھالەتتىن قانائەتلىنىش ، ئالدىرىماي ئىش كۆرۈش دېگەن ئىدىيە بىرقەدەر ئومۇمىيۈزلۈك ساقلانغانلىقىدا . مۇھىمى « سول » چىل پىكىر ئېقىمىنىڭ چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىدا ، بۇ ئىدىيىۋى توسالغۇلار ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىشنىڭ تەلىپىگە زىت كېلىدۇ ، كىشىلەرنىڭ ئىسلاھاتتىكى بۇرچ تۇيغۇسى ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى ئاسانلا ئاجىزلاشتۇرىدۇ . بۇنىڭ بىلەن كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىش جەھەتتىكى تەشەببۇسكارلىقى ، ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقى تەسىرگە ئۇچرايدۇ . ئۇلارنىڭ ئەقىل - پاراستى ، ئەمەلىي ئىشلەش روھىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش قىيىن بولىدۇ .

ھازىر سەنئەت ئۆمەكلىرى ئېغىر ۋەزىيەتكە دۇچ كەلمەكتە . بۇ يىلدىن باشلاپ مائاشتىن باشقا ، مۇكاپاتنى دۆلەت ئۆز ئۈستىگە ئالمايدۇ . سەنئەت ئۆمەكلىرى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ . دېمەك ، سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى — ئىسلاھاتتا ! ھەر مىللەت سەنئەتچىلىرى بۇ پاكىتنى قوبۇل قىلىشى ، رەھىمسىز رېئاللىققا تىكىلىپ قاراشقا جۈرئەت قىلىپ ، « كۈتۈپ تۇرۇش ، يۆلىنىۋېلىش ، دۆلەتكە قول سۇنۇش » تەك

بارلىق خام خىياللارنى قەتئىي چۆرۈپ تاشلاشنى، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، پائال ئىلگىرىلەپ، يېڭىلىق يارىتىشتا يول ئېچىپ، كۆزى يەتكەن ئىسلاھاتنى دادىل سىناق قىلىشى، دادىل بۆسۈشى كېرەك. ئويۇن قويۇشتا ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشنى ئاساس قىلىپ، جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ بازار مېخانىزمىغا ئۆتۈشكە، رىقابەت داۋامىدا چىقىش يولى تېپىش، تەرەققىي قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

شۇنىڭ تەكىتلەپ ئۆتۈش لازىمكى، ئىسلاھاتنىڭ قەدەم - باسقۇچى جەھەتتە شەكىللۋازلىق قىلىپ، ھە - ھۇ بىلەن ھەممىيلەن تەڭ قوزغىلىپ، ھېسسىياتقا بېرىلىپ يېڭىلىك بىلەنلا ئىش قىلىشقا بولمايدۇ. دادىل ئىسلاھ قىلىشتىمۇ سىياسەت ئۆتكىلىنى مۇستەھكەم ئىگىلەپ، ئىلمىي پوزىتسىيىگە، ستراتېگىيىگە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. بىز سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ ئىسلاھاتىدا « پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش، تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش، ئالدى بىلەن نۇقتىدا سىناق قىلىپ، تەدرىجىي كېڭەيتىش » فاڭجېنىغا ئاساسەن، چوڭ داۋالغۇش، پەسىيىش، ۋە ئېغىشلارنىڭ بولۇشىدىن ساقلىنىشىمىز، يۈرەكلىك سىناق ئېلىپ بېرىپ، سالماقلىق بىلەن تەدرىجىي كېڭەيتىشىمىز، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، پۇختا ئالغا ئىلگىرىلەش فاڭجېنى بويىچە مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز كېرەك. ناھىيە دەرىجىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرى پرىنسىپ جەھەتتە ساقلاپ قېلىنىدۇ. ئۇنىڭغا سىياسەت جەھەتتە تېگىشلىك يار - يۆلەكتە بولۇپ، ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىشىمىز لازىم. كەڭ كۆلەمدە قىرقىپ تاشلاشقا، بىرلەشتۈرۈۋېتىشكە بولمايدۇ.

## 4 . نۆۋەتتىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈش توغرىسىدا

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە « بىر تەرەپتىن تەرتىپكە سېلىش ، بىر تەرەپتىن گۈللەندۈرۈش » فاڭجېنىنى نۆۋەتتىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈشتىكى توغرا تەدبىر سۈپىتىدە داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇپ ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىپ ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈپ ، ھەر مىللەت تاماشىبىنلىرىنىڭ ئېستېتىك زوقىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىپ ، ئۇلار ياقتۇرىدىغان بەدىئىي شەكىللەرنى تېپىپ چىقىپ ، يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك ئويۇنلىرىمىز بىلەن تاماشىبىنلارنى جەلپ قىلىشىمىز ، تاماشىبىنلار سېپىنى كېڭەيتىشىمىز لازىم .

شىنجاڭ ئالەمگە مەشھۇر « مۇقام ـ مەشرەپ دىيارى » ، « ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى » ، ئۇزۇن مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋە مۇنبەت سەنئەت تۇپرىقىغا ئىگە . بىزنىڭ نىشانىمىز ـــ شىنجاڭنىڭ سەنئەت سەۋىيىسىنى ، ئالدى بىلەن ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىنى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتكۈزۈش ؛ كۈچلۈك دەۋر روھىغا ۋە روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ، يۇقىرى بەدىئىي سۈپەتكە ۋە تەسىرچانلىققا ئىگە بىر تۈركۈم بۆسۈش خاراكتېرىدىكى نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىش ؛ دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدا تەسىرى كۈچكە ئىگە ، كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ ھەقىقىي ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن ھەم ئەخلاقلىق ، ھەم قابىلىيەتلىك بولغان بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر سەنئەتكارلارنى يېتىشتۈرۈش ؛ ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە خەلقنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئوخشاش بولمىغان قاتلامدىكى، كۆپ تەرەپلىمە، مول، ساغلام بولغان مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامىنى گەۋدىلەندۈرۈشنى تەكىتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەزمۇن ۋە شەكىلنىڭ كۆپ خىللىقىنىمۇ تەكىتلەش؛ ھەم مىللىي، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش، ھەم چەت ئەل مەدەنىيىتىنىڭ مۇنەۋۋەر نەتىجىلىرىنى ئەينەك قىلىش، قوبۇل قىلىش؛ سەنئەتنىڭ تۈرى، ئۇسلۇبىنى كۆپ خىللاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللىييەتلىكنى تەكىتلەپ، شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكىنى، مىللىي ئۇسلۇبىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈش؛ شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا سەنئەت ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىش؛ ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىنى ئاساس قىلغان، كۆپ خىل سەنئەت خىللىرى ئورتاق راۋاجلىنىدىغان سەنئەت ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئۇيغۇر سەنئىتىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، كۆپ مىللەتنىڭ سەنئىتى ئورتاق گۈللەنگەن ۋەزىيەتنى يارىتىش كېرەك.

(1) ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈش، بازارغا يۈزلەنگەن ئويۇن قويۇشنى جانلاندۇرۇشتا تەخىرسىزلىك تۈيغۇسى بولۇش، ھەر دەرىجىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرى ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە بولغان سەنئەت ئىجادىيىتى پىلانى ھەم ئۇنى كونكرېت يولغا قويۇشنىڭ چارە ـ تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق سەنئەت ئۆمەكلىرى شىنجاڭ بويىچە ھەر يىلى بىر تۈركۈم سۈپىتى يۇقىرى ئېسىل سەنئەت نومۇرلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

( 2 ) ئاپتونوم رايوندا سەنئەت ئىجادىيەت فوندى قۇرۇپ، نۇقتىلىق سەنئەت ئىجادىيىتى ۋە ئويۇن قويۇش تۈرلىرىگە يار ـ يۆلەك بولۇش، ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئىجادىيەت فوندى تەسىس قىلىشى كېرەك. سەنئەت مۇكاپاتى تۈزۈمىنى ياخشىلاپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۈرلۈك باھالاش، مۇكاپاتلاش پائالىيەتلىرىدە ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈش، ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە دائىر فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ھەقىقىي تۈردە ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم. سەنئەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، قەرەللىك ياكى قەرەلسىز ھالدا سەنئەت تۈرلىرى، سەنئەت مۇئەسسەسەلىرىنىڭ دەرىجە، قاتلاملىرى بويىچە تۈرلۈك باھالاش، مۇكاپاتلاش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش لازىم.

( 3 ) كۆپ خىل تۈر، كۆپ خىل قاتلام، كۆپ خىل يول، كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق زور بىر تۈركۈم ئىختىساسلىق سەنئەتكارلارنى — مۇنەۋۋەر سەھنە ئەسىرى يازغۇچىلىرى، رېژىسسورلار، كومپوزىتورلار، ئارتىسلارنى بايقاپ ۋە يېتىشتۈرۈپ، كۆپلىگەن سەنئەت ئۆمەكلىرىدىكى كونىلار بىلەن يېڭىلارنىڭ ئورۇن ئالمىشىشى بىلەن كېلىپ چىققان ئۈزۈكچىلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش لازىم. شۇڭلاشقا، ھەر قايسى سەنئەت تۈرلىرىدىكى ياش ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش نۆۋەتتىكى ئىنتايىن جىددىي ۋەزىپىمىز بولۇپ قالدى. ياش، ئىختىساسلىق سەنئەتچىلەر سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ كېلەچىكى، ئۈمىدى ۋە ۋارىسى. بىز سەنئەت تەربىيىسىنى زور كۈچ سەرپ قىلىپ ياخشى يولغا قويۇشىمىز، كۆپ خىل تۈر، كۆپ خىل قاتلام، كۆپ خىل يول، كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق ياش،

ئىختىساسلىق سەنئەتچىلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشىمىز لازىم. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي، ئوتتۇرا دەرىجىلىك سەنئەت شۆيۇەن، مەكتەپلىرىنىڭ خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇپ، سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئاساسەن كەسىپلەرنى، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش نىسبىتىنى تەڭشەش، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش لازىم. ھەر يىلى بىر تۈركۈم تەربىيىلەش ئىستىقبالىغا ئىگە، ئۈمىدلىك ياش سەنئەت خادىملىرىنى مەركەز ۋە ئىچكىرىدىكى نۇقتىلىق سەنئەت شۆيۇەن، مەكتەپلىرىدە ياكى چەت ئەللەردە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىش لازىم. ئىشتىن سىرتقى ئىجادىيەت قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارغا ئىجادىيەت شارائىتى يارىتىپ بېرىش، مۇنەۋۋەر ئىجادىيەت خادىملىرىنى مۇكاپاتلاش ۋە ئۇلارغا يار ـ يۆلەكتە بولۇش لازىم.

(4) كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، سەھنە ئەسىرى يازغۇچىلار، كومپوزىتورلار، رېژىسسورلارنى رېئال تۇرمۇشقا ـــ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى رېئال تۇرمۇشقا ئۈزلۈكسىز چوڭقۇر چۆكۈشكە، ئامما ئارىسىغا بېرىشقا، خەلق ئاممىسى بىلەن جاپادا، ھالاۋەتتە بىرگە بولۇش، دەۋر تومۇرىنىڭ سوقۇشىغا ماسلىشىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت ئومۇمىيلىققا بويسۇندۇرۇشقا، دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامىنى پۇختا ئىگىلەپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش ئەمەلىيىتىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، تۇرمۇشنى بىلىش، تۇرمۇشنى تەھلىل قىلىش، ھادىسىدىن ئۆتۈپ شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئىگىلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، دەۋرنىڭ ئاساسىي ئېقىمىنى روشەن ئەكس ئەتتۈرىدىغان، دەۋر روھىغا باي، تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشقا يېتەكلەش ۋە بۇنى ئىجادىيەتچىلەرنىڭ نەتىجىسىنى باھالاشنىڭ مۇھىم شەرتى قىلىش،

www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈش جەھەتتىكى ئاكتىپلىقىغا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن سىياسەت جەھەتتە كۈچلۈك قوللاش، ماددىي جەھەتتە ئوبدان ئېتىبار بېرىش، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ھەر خىل ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىش لازىم. تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئىجادىيەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان خادىملارنى مۇكاپاتلاش لازىم.

(5) چەت ئەللەر بىلەن بولغان مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتى ئاستىدا، سودا خاراكتېرىدىكى ئويۇن قويۇشنى كېڭەيتىشىمىز، ھەرقايسى دۆلەتلەر ۋە قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئالاقىسىنى كۈچەيتىپ، ئۆزئارا زىيارەت ئويۇنى قويۇش، كۆرگەزمە قىلىش، سەنئەت تەتقىقاتى، كۆرۈش ـ تەكشۈرۈش، تەربىيىلەش قاتارلىق ساھەلەردە ئۆزئارا دوستانە بېرىش ـ كېلىشلەرنى كۆپەيتىپ، مەدەنىيەتنىڭ تاشقى سودا ۋە ئىقتىسادنى ئېچىشتىكى كۆۋرۈكلۈك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن بىۋاستە تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

(6) ھەقلىق مۇلازىمەت ۋە كۆپ خىل ئىگىلىك پائالىيىتىنى كەڭ يولغا قويۇپ، مەدەنىيەت كەسپى ئورۇنلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، دۆلەتنىڭ مالىيە يۈكىنى يەڭگىللىتىش لازىم. بۇنىڭدىن كېيىن «سەنئەتنىڭ قانۇنىيىتى ئالاھىدە» دېگەننى باھانە قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ پۇل ئاجرىتىپ بېرىشىگە تايىنىپ جان باقىدىغان ئۇسۇل ئەمدى ئاقمايدۇ. رىقابەت داۋامىدا ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ چارە ـ ئامال تېپىشىمىز كېرەك. مەسىلەن،

كۆپلىگەن سەنئەت ئۆمەكلىرىدە سەھنىگە چىقىپ ئويۇن قويمايدىغان خادىملاردىن خېلى بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر مۇنچىلىرى قولىدىن ئىش كېلىدىغان، سەنئەت كەسپىدە تەجرىبىلىك، تەشكىللەش، ئىگىلىك باشقۇرۇش، سودا ـ تىجارەتكە ماھىر ئىختىساس ئىگىلىرى. ئۇلارنىڭ ئۆزى يول ئېچىپ ئۆچىنچى خىل كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ياكى سەنئەت كەسپى بويىچە جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ،تۈرلۈك كۇرسلارنى ئېچىشىغا، كەسپىي ۋە ئىشتىن سىرتقى سەنئەت تەشكىلاتلىرىدا كەسپىي يېتەكچىلىك قىلىشىغا يول قويۇش، ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك. ھەر قايسى تارماقلار نۇقتىئىينەزەرنى يېڭىلىشى، ئۇقۇل ھالدىكى مۇلازىمەت رامكىلىرىنىڭ ئاسارىتىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ھەقلىق مۇلازىمەتنى دادىل ھالدا يولغا قويۇشى، ئۆز ئورنىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇشقا ماھىر ئىختىساس ئىگىلىرىنى دادىللىق بىلەن ئىشقا قويۇپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشى لازىم.

(7) ھەر قايسى مەدەنىيەت كەسپى ئورۇنلىرى ئىدىيىنى دادىللىق بىلەن ئازاد قىلىپ، ئاساسىي كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش، دائىملىق كەسپىي خىزمەتنىڭ نورماللىقىنى ساقلاپ قېلىش شەرتى ئاستىدا، بىر قىسىم كۈچلەرنى كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئاجرىتىش كېرەك. بىكىنمىچىلىكتىن ئېچىۋېتىشكە، ھەقسىز مۇلازىمەتتىن ھەقلىق مۇلازىمەتكە ئۆتۈپ، كىرىم يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈپ، تۈرلۈك مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ماددىي كاپالەتكە ئىگە قىلىشى لازىم.

ئىسلاھاتتا ئەزەلدىن تەييار يول، ئەندىزە بولغان ئەمەس. ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىقلا بولىدىكەن، يېڭىلىق

يارتىيەشقا جۇرئەت قىلىشىمىز ، يېڭى چارە ـ تەدبىرلەرنى تېپىپ چىقىپ ، دادىللىق بىلەن سىناق قىلىشىمىز ، دادىللىق بىلەن بۇسۇشىمىز ، خىزمەتتە سەۋەنلىك كۆرۈلسە ، ئەمەلىيەت جەريانىدا تۈزىتىشىمىز ، مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز لازىم . ئىدىيىنى ئازاد قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى ئامما ئارىسىغا بېرىش ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئەمەلىيىتىگە چۆكۈشتە . هازىر ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى ، تەرەققىي قىلىشنى جىددىي ئارزۇ قىلماقتا . ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقى كۆنسايىن يۇقىرى بولماقتا . ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى كىشىنى ناھايىتى ئىلھاملاندۇرىدۇ . رەھبىرىي كادىرلار بيۇروكراتلىقتىن ، شەكىللۋازلىقتىن ، يۇقىرىدا لەيلەپ يۈرۈشتىن ساقلىنىپ ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئەمەلىيىتىگە چۆكۈپ ، ئامما ئارىسىغا بېرىپ ، ئامما ياراتقان يېڭى ، ئۈنۈملۈك تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىشى ۋە كېڭەيتىشى ، نەزەر دائىرىسى ، پىكىر قىلىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ ، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ ، پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەپ ، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ ، دېموكراتىك ، ئىتتىپاق ، ئىناق بولغان ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇشى ، ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىشنىڭ ھەقىقىي باشلامچىلىرىدىن بولۇشى كېرەك .

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى يۈكسەلدۈرۈش — تارىخ يۈكلىگەن مۇقەددەس ۋەزىپە . ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلىرى يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە خەلق ئۈچۈن ، سوتسىيالىزم

ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئارزۇسىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، كۆز قاراشنى يېڭىلاپ، باتۇرلۇق بىلەن ئىزدىنىدىغان ۋە يېڭىلىق يارىتىدىغان جانلىق كەيپىياتنى تىرىشىپ يارىتىپ، زېھنىي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، قاينام ـ تاشقىنلىق ئىسلاھاتقا ئاتلىنىپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان، دەۋر روھىغا ۋە مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە، خەلق ئاممىسى ياقتۇرىدىغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەر (نومۇر) لىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىسلاھاتىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن، باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلايلى!

## ئېسىل ئەسەرلەر ئارقىلىق كىشىلەرگە ئىلھام بېرىش لازىم

يېقىندا مەملىكەتلىك تەشۋىقات ـ ئىدىيە خىزمىتى يىغىنى غەلىبىلىك يېپىلدى. بۇ قېتىمقى مەملىكەتلىك تەشۋىقات ـ ئىدىيە خىزمىتى يىغىنى ـــ دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىنىۋاتقان ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىلىپ بېرىلىۋاتقان ئاچقۇچلۇق پەيتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئاچقان ئومۇمىيلىق ئەھمىيەتكە ئىگە مۇھىم يىغىن. بۇ قېتىمقى تەشۋىقات ـ ئىدىيە خىزمىتى يىغىنى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيىنىڭ 14 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 14 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، «ئىككى قولدا تۇتۇش، ھەر ئىككى قول قاتتىق بولۇش» فاڭجېنى بويىچە يېڭى ۋەزىيەتتە تەشۋىقات ـ ئىدىيە خىزمىتىنى قانداق كۈچەيتىش، ياخشىلاش ئىشىنى مۇزاكىرە قىلدى ۋە ئورۇنلاشتۇردى. يىغىندا باش شۇجى جياڭ زېمىن مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ: «بىزنىڭ تەشۋىقات، ئىدىيە خىزمىتىمىز كىشىلەرنى ئىلمىي نەزەرىيە ئارقىلىق قوراللاندۇرۇشى، توغرا جامائەت پىكرى ئارقىلىق يېتەكلىشى، ئالىيجاناب روھ ئارقىلىق يېتىلدۈرۈشى، ئېسىل ئەسەرلەر ئارقىلىق ئىلھاملاندۇرۇشى، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنى ئۈزلۈكسىز تەربىيىلەپ ۋە يېتىلدۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئىشى داۋامىدا ئىدىيە جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىش

ۋە جامائەت پىكرى جەھەتتىن قوللاش روھىنى كۈچلۈك جارى قىلدۇرۇشى لازىم» دەپ تەكىتلىدى. ئۇ «مەملىكەتلىك تەشۋىقات ـ ئىدىيە خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز» ىنىڭ «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشى ۋە بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي مېلودىيىنى جارى قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى گۈللەندۇرۇش لازىم» دېگەن قىسمىدا: «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشى ۋە بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش فاڭجېنى دۆلىتىمىز تەشۋىقات، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، ئۇ مەنىۋى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئاساسىي تەلپى، تەشۋىقات، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى گۈللەندۇرۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. ئاساسىي مېلودىيىنى جارى قىلدۇرۇش، كۆپ خىللاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىش خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشى ۋە بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇشنىڭ كونكرېت گەۋدىلىنىشى. ئاساسىي مېلودىيىنى گەۋدىلەندۇرۇش دېگىنىمىز ــ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزم، سوتسىيالىزمنى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولغان بارلىق ئىدىيە ۋە روھلارنى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق بولغان بارلىق ئىدىيە ۋە روھلارنى؛ مىللەتلەر

ئىنتىپاقلىقى، جەمئىيەت تەرەققىياتى، خەلقنىڭ بەخت ـ سائادەتكە
ئېرىشىشكە پايدىلىق بولغان بارلىق ئىدىيە ۋە روھلارنى؛ سەممىي
ئەمگىكى ئارقىلىق گۈزەل تۇرمۇشقا ئېرىشىدىغان بارلىق ئىدىيە ۋە
روھلارنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىش دېگەنلىك. ئاساسىي
مىللودىيىنى جارى قىلدۇرۇشتا، بىزنىڭ مەنىۋى مەھسۇلاتلىرىمىز
خەلقنىڭ مەنپەئەتى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى
سۈرۈشكە، خەلق ئاممىسىنىڭ كۆندىن ـ كۈنگە ئېشىۋاتقان
مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇشقا ئۇيغۇن
بولۇشى لازىم. بۇ، تەشۋىقات، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى
راۋاجلاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بازارلىرىنى
گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاساسىي تېمىسى، ئۈنۈملۈك سىياسەت،
تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئاساسىي مېلودىيىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان
مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپ چىقىرىشنى پائال قوللاش لازىم.
ھەر يىلى، خەلق ئاممىسى ياخشى كۆرىدىغان بىر تۈركۈم ئېسىل
كىنو، تېلېۋىزىيە، تىياتىر، مۇزىكا، ئۇسسۇل، گۈزەل سەنئەت ۋە
ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش لازىم. ئاساسىي
مېلودىيىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مەنىۋى مەھسۇلاتلارنىڭ ئىدىيىۋى
مەزمۇنى ساغلام، يۇقىرىغا ئۆرلەيدىغان بولۇپلا قالماستىن،
بەدىئىيلىكىمۇ كۆپ خىل، جانلىق، تېتىك، كامالەتكە يەتكەن
بولۇشى، كۈچلۈك جەلپ قىلىش كۈچى ۋە تەسىرلەندۈرۈش
كۈچىگە ئىگە بولۇشى، مەدەنىيەت بازارلىرىدىكى رىقابەتتە
ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدىغان بولۇشى كېرەك. ئىجتىمائىي تۇرمۇش
مول مەزمۇنلۇق، رەڭدار بولىدۇ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى
مەدەنىيەت ئېھتىياجىمۇ كۆپ تەرەپلىمىلىك، كۆپ قاتلاملىق
بولىدۇ. خەلق تەربىيە ئالىدىغان، ئىلھاملىنىدىغان، كۆڭۈل ئېچىپ
گۈزەللىكتىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقى مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى

ئالقىشلاش ۋە ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىش لازىم. مىللىي مەدەنىيەت جەۋھەرلىرى، ئېسىل نەپىس سەنئەت ئەسەرلىرى، يۇقىرى قىممەتكە ئىگە ئىلمىي ئەسەرلەرگە يار ـ يۆلەك بولۇش، ئۇنى قوغداش لازىم» دەپ كۆرسەتتى. سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تۈپ يېتەكچى فاڭجېنى، ئاساسىي ۋەزىپىسى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەردىن كۈتىدىغان ئۈمىدى مۇپەسسەل شەرھلەنگەن بۇ بايانلار سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى تېخىمۇ زور گۈللەندۈرۈشنىڭ قۇدرەتلىك ئىدىيىۋى قورالى. بىز «مەملىكەتلىك تەشۋىقات ـ ئىدىيە خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز» نى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، روھىي ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، روھنى ئۈرغۇتۇپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، كۈچلۈك دەۋر روھىغا ۋە روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە، يۇقىرى بەدىئىي سۈپەتكە ۋە تەسىرچانلىققا ئىگە بوسۇش خاراكتېرىدىكى بىر تۈركۈم سەنئەت ئەسەرلىرى ۋە نومۇر (ئويۇن) لارنى ئىجاد قىلىپ، شىنجاڭنىڭ سەنئەت سەۋىيىسىنى، بولۇپمۇ ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىنى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتكۈزۈپ، شۇ ئاساستا يېڭى، يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ، پۈتۈن مەملىكەتكە ۋە دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك.

سەنئەت ئىجادىيىتى ـ پۈتكۈل سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشىدىكى نېگىزلىك ھالقا. سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى. بىز سەنئەت ئىجادىيىتى خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشىمىزنى ئۆستۈرۈپ، «سەنئەت ئىجادىيىتىنى مەركەز قىلىش» ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇپ، ئىجادىيەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى سەنئەت ئىجادىيىتىگە قارىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سەنئەت ئىجادىيىتىدە يېڭى ۋەزىيەت

يارىتىشىمىز لازىم .

**1 . ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈشتە ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن ، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشى ۋە بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش ، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش فاڭجېنىدا ، ئاساسىي مېلودىيىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن تېمىنى كۆپ خىللاشتۇرۇشنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك .**

پارتىيە 14 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا : « خەلق ئۈچۈن ، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا ، بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش ، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ ، خەلق ئاممىسى ياخشى كۆرىدىغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ئىجاد قىلىنىشىغا ئىلھام بېرىپ ، خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىش كېرەك » دەپ كۆرسىتىلدى . بۇ ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەردىن ئاساسىي مېلودىيىنى ئەستايىدىل جارى قىلدۇرۇپ ، يۇقىرى ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ .

قانداق قىلغاندا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىدە ئاساسىي مېلودىيىنى جارى قىلدۇرغىلى ۋە يۇقىرى ئۆلچەمدە چىڭ تۇرغىلى بولىدۇ ؟

ئوخشاش بولمىغان دەۋر ئېسىل ئەسەرلەرگە مەزمۇن جەھەتتە ئوخشاش بولمىغان تەلەپلەرنى قويىدۇ . يولداش جياڭ زېمىن مەملىكەتلىك تەشۋىقات ـ ئىدىيە خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدە ھازىرقى زامان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىدە « ئاساسىي ملودىيىنى جارى قىلدۇرۇش » تەلپىنى

قويدى . دەۋرىمىزنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسى دېگەن نېمە ؟ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ، كوللېكتىۋىزم، سوتسىيالىزم ئىدىيىسى ۋە روھى ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق بولغان ئىدىيە ۋە روھ ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا ، جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشىغا ، خەلقنىڭ بەختلىك بولۇشىغا پايدىلىق بولغان روھ ، هالال ئەمگەك ئارقىلىق گۈزەل تۇرمۇش يارىتىدىغان ئىدىيە ۋە روھلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئالغا بېسىشىمىزغا ۋە تەرەققىي قىلىشىمىزغا تۈرتكە بولىدىغان ئاساسىي مېلودىيە .

ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت ـ سەنئەت تارماقلىرى خەلق ئاممىسىنىڭ كۆنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ، كىشىلەرنىڭ روھىغا ، غەيرىتىگە ئىلھام بېرىش ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ، ئاساسىي مېلودىيىنى جارى قىلدۇرىدىغان ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشنى زور كۈچ بىلەن پىلانلىشى ۋە ياخشى ئۇيۇشتۇرۇشى ؛ خەلق ئۈچۈن ، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشى ۋە بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش ، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ ، ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىشى ، چوڭ ـ چوڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيەتلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئۇيۇشتۇرۇپ ئىجادىيەت سۈپىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشى ؛ ھەر يىلى ، خەلق ئاممىسى ياخشى كۆرىدىغان بىر تۈركۈم ئېسىل كىنو ، تېلېۋىزىيە فىلىمى ، ئەدەبىي ئەسەر ، تىياتىر ، مۇزىكا ، ناخشا ـ ئۇسسۇل ، ئەلنەغمە ۋە گۈزەل

سەنئەت ئەسەرلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرۈشى كېرەك .

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىدە ئاساسىي مېلودىيىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىللە ، كۆپ خىللاشتۇرۇشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك . بىز دەۋاتقان كۆپ خىللاشتۇرۇش بىر تەرەپتىن ، ئاساسىي مېلودىيىنى جارى قىلدۇرىدىغان ئەسەرلەردىن تېما ، شەكىل ، ئۇسلۇب ، ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ مول مەزمۇنلۇق ، جانلىق بولۇشىنى ، يەنە بىر تەرەپتىن ، خەلق ئاممىسىنىڭ كۆپ تەرەپلىك ، كۆپ قاتلاملىق مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ . خەلق ئاممىسىنى تەربىيە ۋە ئىلھامغا ئىگە قىلىدىغان ، كۆڭۈل ئېچىش ۋە گۈزەللىكتىن بەھرىمەن قىلدىغانلىكى ئەسەرلەرگە تېگىشلىك ئورۇن بېرىش كېرەك .

يولداش دېڭ شياۋپىڭ : « خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرنىڭ ئانىسى ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرنىڭ سەنئەت ھاياتى ئۇلارنىڭ خەلق بىلەن بولغان قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتىدە ياشايدۇ ، ئېسىمىزدە بولسۇنكى ، بۇ خىل مۇناسىۋەت ئۈزۈلۈپ قالسا ياكى بۇ خىل مۇناسىۋەتكە سەل قارالسا ، سەنئەت ھاياتىمىز نابۇت بولىدۇ . خەلق سەنئەتكە موھتاج ، سەنئەت خەلققە تېخىمۇ موھتاج . شۇڭا خەلق تۇرمۇشىدىن ماتېرىيال ، باش تېما ، سۇژېت ، تىل ، ھېسسىيات ۋە گۈزەللىك ئېلىپ ، خەلقنىڭ تارىختىكى قەھرىمانە روھىنى يارىتىش ئارقىلىق خەلقنى تەربىيىلەش كېرەك ، بۇ ، سوتسىيالىستىك ئەدبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ تۈپ يولى » دەپ كۆرسەتكەنىدى . شۇڭا ، ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلىرى ئىدىيىدە يەنىمۇ ئازاد بولۇپ ، كۆزقاراشنى يېڭىلاپ ، يېڭى تارىخىي دەۋردىكى خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ، تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلى قاتارلىقلاردا بارلىققا كەلگەن ئۆزگىرىشلەرنى تېخىمۇ

www.uyghurkitap.com

چوڭقۇر تونۇشى ؛ قايناق تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ ، جانلىق ، تەسىرلىك بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى مەدھىيىلەيدىغان ، مول ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ۋە خەلقنىڭ روھىي دۇنياسىنى دەۋر رىتىمىنى ، تارىخىي تەرەققىياتنىڭ يۈزلىنىشىنى ھەققىي ئەكس ئەتتۈرىدىغان بەدىئىي جەزبىلىككە ئىگە مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى تېخىمۇ كۆپ ئىجاد قىلىپ ، مەزمۇنى مول ، كۆپ قاتلاملىق ، خىلمۇ خىل ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى بىلەن ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشى كېرەك . شۇنداق قىلغاندىلا ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يۈرەك ساداسىنى ھەقىقىي ئىپادىلەيدىغان ، ھەر مىللەت خەلقى ياقتۇرىدىغان ، يۇقىرى ئۆلچەم ، يۇقىرى سۈپەتكە ئىگە بولغان ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئاساسىي مېلودىيە جارى قىلدۇرۇلغان ياخشى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغىلى بولىدۇ .

**2 . كۈچلۈك دەۋر روھىغا ، روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ، يۇقىرى بەدىئىي سۈپەتكە ۋە تەسىرچانلىققا ئىگە بىر تۈركۈم بۆسۈش خاراكتېرىدىكى نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىش ، دائىم يېڭى نومۇرلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ ، يېڭى تارىخىي دەۋر ۋە ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى تەرەققىياتىغا ماسلاشتۇرۇش ـــ سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش ـ راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى .**

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت قوشۇنى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ، ئىشكىنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا ئىدىيىنى

ئازاد قىلىپ ، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ ، ئاز بولمىغان نادىر سەنئەت ئەسەر ، نومۇر ( ئويۇن ) لارنى ئىجاد قىلىپ ، شىنجاڭنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشقان بولسىمۇ ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ئۇ ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىش ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بەرپا قىلىش تەلىپىگە ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىغا ماسلىشالمايۋاتىدۇ . تۈرلۈك ژانىردىكى سەنئەت ئەسەر ، نومۇر ( ئويۇن ) لار سان ـ سۈپەت جەھەتتىن ئېھتىياجنى قاندۇرالمايۋاتىدۇ . سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ ، مەدەنىيەت خىزمىتىمۇ يېڭى ئەھۋال ، يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەكتە .

نامۇۋاپىق ، كونا ئەدەبىيات ـ سەنئەت تۈزۈلمىسىدىكى قاتماللىق ، بەزى سەنئەت ئۆمەكلىرى تاماشىبىنلارغا يىللاپ تۈزۈك ئويۇن قويمىسىمۇ ، بىر تىيىن ئىقتىسادىي كىرىم قىلمىسىمۇ ئۆمەك خادىملىرىنىڭ مائاشى بىلەن مۇكاپات پۇلى ئوخشاشلا تارقىتىلىۋېرىدىغان « ئىشلىمەي چىشلەش » تەك تەڭ تەقسىماتچىلىق ئۇسۇلى سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ رىقابەت ، خەۋپ تۇيغۇسىنى ، ئىزدىنىش ، ئىجاد قىلىش ھەم ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىش ئىقتىدارىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ ، سەنئەت تەشكىلاتلىرى ۋە سەنئەتكارلاردا سەھنە ، ئېكران ، بازار ھەم خېرىدار تالىشىدىغان جانلىق رىقابەت مۇھىتى ھەقىقىي تۈردە شەكىللەنمىگەچكە ، ھازىر بىرمۇنچە سەنئەت ئۆمەكلىرى ، ھەتتا داڭلىق سەنئەت ئۆمەكلىرىمۇ خەلقتىن ئايرىلىپ قالماقتا . بەزى سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ ئويۇنىنى ھېچكىم كۆرمەيدىغان ھالەت شەكىللەنمەكتە . پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە تاۋار بازىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى ،

تېلېۋىزىيىنىڭ ئومۇملىشىشى، كۆپلىگەن ئائىلىلەردە ئۈنئالغۇ، تېلېۋىزور، سىنقويغۇلارنىڭ ئومۇملىشىشقا باشلىغانلىقى؛ جەمئىيەتتە ئاممىۋى خاراكتېرلىك كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنىڭ شىددەت بىلەن كۆپىيىشى؛ خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە كۆپ خىللىشىشى كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىغا نىسبەتەن تاللىشىنى مىسلىسىز دەرىجىدە كۈچەيتمەكتە؛ ئۆتكەنكى بىر خىللا مەدەنىيەت ئىستېمال شەكلى تەدرىجىي ھالدا كۆپ قاتلاملىق مەدەنىيەت ئىستېمال شەكلىگە تەرەققىي قىلماقتا؛ ئىستېمال جەريانىدىكى يېڭىلىققا يۈزلىنىش ئۆزگىچىلىككە ئىنتىلىش بولماقتا؛ كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە كۆپ خىللىشىشى بىلەن ھەرخىل تىپتىكى كىنو، تىياتىرخانىلار ھەر قېتىمدا تاماشىبىنلار بىلەن لىق تولىدىغان ھالەت يوقالماقتا؛ نۇرغۇن ئەدەبىيات ـ سەنئەت تۈرلىرىنىڭ كۈنسېرى ئازىيىپ كېتىش ئەھۋالى كېلىپ چىقماقتا؛ بولۇپمۇ سەنئەت ئۆمەكلىرى ھازىر ئېغىر ۋەزىيەتتە دۈچ كەلمەكتە.

بىز ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى ھەقىقىي گۈللەندۈرىمىز، پۈتكۈل زېھنىي كۈچىمىزنى يىغىپ بازار رىقابىتىگە توغرا تۇرىمىز، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىغا ماسلاشتۇرىمىز دېيدىكەنمىز، ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى چوقۇم ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، كۆزقاراشنى يېڭىلاپ، ئىقتىسادىي كۈرەش مەركەز قىلىنغان رېئال تۇرمۇشقا ھەر ۋاقىت كۆز تىكىپ، دەۋر دولقۇنىغا ئاتلىنىپ، يېڭى دەۋرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، يېڭى تېمىلارنى ئىجاد قىلىپ، ئىدىيىۋىلىك بىلەن بەدىئىيلىك، مەزمۇن بىلەن شەكىل بىرلەشتۈرۈلگەن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن، ھەر مىللەت خەلقى

ئۆچۈن پايدىلىق بولغان ، ھەر مىللەت خەلقىگە ياقىدىغان ، خەلقچە ، تۇرمۇشقا يېقىن ، بەدىئىي سېھرىي كۈچكە ئىگە نادىر سەنئەت ئەسەر ، نومۇر ( ئويۇن ) لارنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىپ ، ھەر مىللەت تاماشىبىنلىرىنىڭ ئېستېتىك زوقىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىپ ، ئۇلار ياقتۇرىدىغان بەدىئىي شەكىللەرنى تېپىپ چىقىپ ، يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت ۋە سۈپەتلىك ئويۇنلىرىمىز بىلەن تاماشىبىنلارنى جەلپ قىلىشىمىز ، تاماشىبىنلار سېپىنى كېڭەيتىشىمىز ، مەدەنىيەتنىڭ ئىستېمال ئۈنۈمى ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشىمىز كېرەك .

ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى تۈزۈپ چىققان سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈش توغرىسىدىكى يېڭى تەدبىرنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش ، مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى باشلامچى بولۇپ ، رەھبىرىي يولداشلار ئىجادىيەتنى تۇتۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ، ئىجادىيەت نەتىجىلىرىنى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ خىزمەت نەتىجىلىرىنى تەكشۈرۈشنىڭ مەزمۇنى قىلىش ، كونكرېت ئىشلارغا مەسئۇل رەھبەرلەر خىزمەتلەرنى كونكرېت بۆلۈپ ، ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ ، خىراجەتكە كاپالەتلىك قىلىپ ، بىر يىل ياكى ئۇنىڭدىن سەل ئۇزۇنراق ۋاقىت ئىچىدە نازارەتكە بىۋاستە قاراشلىق سەنئەت ئۆمەكلىرى بىر ناخشا ـ ئۇسسۇل كېچىلىكى ، بىر مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە تىياتىر كېچىلىكى ؛ بىر ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە مىللىي ئۇسسۇللۇق تىياتىر ؛ پىششىقلاپ ئىشلەنگەن چوڭ تىپتىكى « مۇقام باھارى » ناخشا ـ ئۇسسۇل كېچىلىكى ، بىر يېڭىچە مۇقام سىمفونىيە مۇزىكا كېچىلىكى ؛ يۇقىرى سەۋىيىلىك يېڭىچە سېرك ئويۇن كېچىلىكىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەييارلاش ؛ ھەرقايسى ۋىلايەتلىك ، ئوبلاستلىق ،

شەھەرلىك سەنئەت ئۆمەكلىرىمۇ كۈچلۈك دەۋر روھىغا، يۇقىرى بەدىئىي سۈپەتكە ئىگە ناخشا ـ ئۇسسۇل، تىياتىرلارنى تەييارلاش؛ ئاپتونوم رايونىمىزدىن 4 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو سەنئەت بايرىمىغا قاتناشتۇرۇلىدىغان چوڭ تىپتىكى سەنئەت كېچىلىكىنىڭ تۈرلۈك تەشكىللەش، ئويۇن تەييارلاش خىزمەتلىرىنى جىددىي تۇتۇپ ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش؛ بىر ياخشى كىتاب، بىر ياخشى تىياتىر، بىر ئېسىل كىنو، بىر ئېسىل تېلېۋىزىيە تىياتىرى، قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بىر ياكى بىرنەچچە پارچە ياخشى ماقالە يېزىشتىن ئىبارەت «بەش بىر» قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇش؛ «جۇڭخۇا مەدەنىيەت مۇكاپاتى» ۋە «يۇلتۇز مۇكاپاتى» غا يوللىنىدىغان نومۇرلارنى ئەستايىدىل تاللاش، يۇقىرى بەدىئىي ئۆلچەم بىلەن پىششىقلاشنى چىڭ تۇتۇش، بۇ جەھەتتە بۆسۈش ھاسىل قىلىش لازىم.

**3. سەنئەت ساھەسىدىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى بايقاش، تەربىيىلەش، يېتىشتۈرۈش، ئىجادىيەت قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئىجادىيەتچىلەرنى قايناق تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ۋەزامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى مەدھىيىلەيدىغان، بەدىئىي جەزبىلىكتە ئىگە مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى تېخىمۇ كۆپ ئىجاد قىلىپ، مەزمۇنى مول، كۆپ قاتلاملىق، خىلمۇخىل سەنئەت ئەسەرلىرى بىلەن ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارغا ئىنتىپاقلاشقان، دېموكراتىك، دوستانە، تىنچ ـ ئازادە كەيپىيات ۋە مۇھىت يارىتىپ بېرىش كېرەك.**

بىز بۇ قېتىمقى تەقدىرلەش ـ مۇكاپاتلاش يىغىنى ئارقىلىق ھەر قايسى مىللەتلەردىن كېلىپ چىققان بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر

ئىجادىيەتچىلەر، كومپوزىتورلار، ژىرىسسورلار، ئارتىسلارنى — سەنئەت ساھەسىدىكى ئىختىساسلىقلارنى بايىقىدۇق، بۇ ئىش كىشىنى ئىنتايىن خۇشال ۋە ئۈمىدۋار قىلىدۇ. لېكىن ھەر قايسى سەنئەت تۈرلىرىدە يەنىلا خەلق ئاممىسىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن، ۋەكىللىك خاراكتېرىگە، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش روھىغا ئىگە تالانتلىق ئىجادىيەتچىلەر، كومپوزىتورلار، رېژىسسورلار، ئورۇندىغۇچىلار كەمچىل بولماقتا. كۆپلىگەن سەنئەت ئۆمەكلىرىدە كونىلار بىلەن يېڭىلارنىڭ ئورۇن ئالمىشىشى بىلەن كېلىپ چىققان ئۈزۈكچىلىك مەسىلىسى ھەل قىلىنغىنى يوق. شۇڭلاشقا، ھەر قايسى سەنئەت تۈرلىرىدىكى ياش ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش نۆۋەتتىكى ئىنتايىن جىددىي ۋەزىپىمىز بولۇپ تۇرماقتا. ياش، ئىختىساسلىق سەنئەتكارلار سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ كېلەچىكى، ئۈمىدى ۋە ۋارىسى. بىز سەنئەت تەربىيىسىنى زور كۈچ سەرپ قىلىپ ياخشى يولغا قويۇشىمىز، كۆپ خىل تۈر، كۆپ خىل قاتلام، كۆپ خىل يول، كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق زور بىر تۈركۈم ئىختىساسلىق سەنئەتكارلارنى — مۇنەۋۋەر كىنو - تىياتىر ئەسىرى يازغۇچىلىرى، كومپوزىتورلار، رېژىسسورلار، ئارتىسلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنى سەنئەت ئەمەلىيىتىدە تەربىيىلەشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىشىمىز، ئۇلارغا ھەرخىل كۆرەكلەرگە قاتنىشىپ ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىش پۇرسىتىنى يارىتىپ بېرىپ، تېزرەك تالانتىنى نامايان قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز لازىم.

يولداش جياڭ زېمىن مەملىكەتلىك تەشۋىقات - ئىدىيە خىزمىتى يىغىنىدا: «مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپ چىقىرىش — ئىنتايىن مۇرەككەپ ئەمگەك، بۇنىڭدا

مۇتەخەسسىسلەر ، ئالىملار ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئىجادىي روھىنى جارى قىلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ . بىز ئۇلارنىڭ جاپالىق ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلىشىمىز ۋە ئۇلارنىڭ جاپالىق ئەمگىكىنى ئاسرىشىمىز ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىش ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە ، بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش ، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ ، ئىزدىنىش ۋە ئىجاد قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدىغان ياخشى مۇھىت ۋە كەيپىياتنى تىرىشىپ شەكىللەندۈرۈشىمىز لازىم » دەپ تەكىتلىدى . بىز سەنئەت قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىشىمىز ، سەنئەتكارلارنىڭ ئىجادىي ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلىشىمىز ، ئىجادىيەت ئەركىنلىكى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈشىمىز كېرەك . ئىجادىيەت قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ ، ھەر مىللەت ئىجادىيەت خادىملىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشىمىز ؛ كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ ، كىنو ـ تىياتىر ئەسىرى يازغۇچىلىرى ، كومپوزىتورلار ، رېژىسسورلارنى قايناق تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ ، ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى مەدھىيىلەيدىغان ، بەدىئىي جەزىبىلىككە ئىگە نادىر ئەسەرلەرنى تېخىمۇ كۆپلەپ ئىجاد قىلىشقا ھەقىقىي ئىلھام بېرىشىمىز ؛ ئۇلارنى تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈشكە رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن سىياسەت جەھەتتە كۈچلۈك قوللىشىمىز ، ماددىي جەھەتتە ئوبدان ئېتىبار بېرىشىمىز ، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ، ھەرخىل ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىشىمىز ؛ ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارغا ئىنتىپاقلاشقان ، دېموكراتىك ، دوستانە ، تىنچ ـ ئازادە كەيپىيات ۋە مۇھىت يارىتىپ بېرىشىمىز

لازىم .

شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك رايون ، ھەممە مىللەت ئۆزىگە خاس مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە . ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلىرىنىڭ ئىنتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ ، مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرغان ئاساستا باشقا قېرىنداش مىللەتلەر ، شۇنداقلا باشقا چەت ئەللەرنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى دادىل قوبۇل قىلىپ ۋە ئۇنى ئەينەك قىلىپ ، دادىل يېڭىلىق يارىتىپ ، سەنئەت پەللىسىگە جۇرئەتلىك چىقىپ ، كۈچلۈك دەۋر روھىغا ۋە روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ، يۇقىرى بەدىئىي سۈپەتكە ئىگە نادىر ئەسەر ، نومۇر ( ئويۇن ) لارنى ئىجاد قىلىپ سەنئەت بېغىنى رەڭمۇرەڭ گۈل ـ چېچەكلەر بىلەن بېزىشىمىز لازىم .

**4 . مەدەنىيەت ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ، كۆپ خىل يوللار بىلەن ئىجادىيەت فوندى توپلاپ ، نۇقتىلىق سەنئەت ئىجادىيىتى تۈرلىرىگە يار ـ يۆلەك بولۇش لازىم .**

مەدەنىيەت ـ سەنئەت ساھەسىگە سېلىنىدىغان سېلىنمىنى داۋاملىق كۆپەيتىش ، ئاپتونوم رايوندا ۋە ھەر قايسى ۋىلايەت ، ئوبلاست ، شەھەرلەردە سەنئەت ئىجادىيەت فوندى قۇرۇپ نۇقتىلىق سەنئەت ئىجادىيىتى ۋە ئويۇن قويۇش تۈرلىرىگە يار ـ يۆلەك بولۇش ، جەمئىيەتكە ، زاۋۇت ، كان ، كارخانىلار ، مەرىپەتپەرۋەر سودا ـ سانائەتچىلەرگە يۈزلىنىپ ، كۆپ خىل يوللار بىلەن مەبلەغ توپلاش ، پىلان ، مالىيە ، باج ، سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ، ئەمگەك ـ كادىرلار ئىشلىرى قاتارلىق تارماقلار بىلەن

بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق سەنئەت ئىجادىيىتىگە سېلىنىدىغان زۆرۈر مەبلەغقە كاپالەتلىك قىلىش، مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ شەرت ـ شارائىتىنى يەنىمۇ ياخشىلاش، ئېسىل، نەپىس ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىگە، مىللەتنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان مىللىي سەنئەت جەۋھەرلىرىگە يار ـ يۆلەك بولۇش ۋە مەبلەغ جەھەتتىن نۇقتىلىق ياردەم بېرىش، سەنئەت مۇكاپاتى تۈزۈمىنى ياخشىلاپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈش، ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ قەرەللىك ياكى قەرەلسىز ھالدا سەنئەت تۈرلىرى، سەنئەت مۇئەسسەسەلىرىنىڭ دەرىجە، قاتلاملىرى بويىچە تۈرلۈك باھالاش، مۇكاپاتلاش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش، ئىجادىيەتتە گەۋدىلىك نەتىجىگە ئېرىشكەنلەر، ئەسىرى (نومۇرى) مەلۇم دەرىجىدە ئىجتىمائىي ئۈنۈم ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتقانلارنى ئالاھىدە مۇكاپاتلاش لازىم.

دۆلىتىمىز ھازىر يېڭى بىر سەلتەنەتلىك تارىخىي باسقۇچتا ـــ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ئاچقۇچلۇق مەزگىلىدە تۇرماقتا. بىز مەملىكەتلىك ئىدىيە ـ تەشۋىقات خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىدە، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشىدە ۋە «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىدىيىنى دادىل ئازاد قىلىپ، كۆزقاراشنى يېڭىلاپ، زېھنىي كۈچىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ،

www.uyghurkitap.com

ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىش ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان كۈچلۈك دەۋر روھىغا ، روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ، يۇقىرى بەدىئىي سۈپەتكە ئىگە مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەر ( نومۇر ) لىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ ، شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ تېخىمۇ زور گۈللەپ ـ ياشنىغان يېڭى باھارىنى كۈتۈۋالايلى !

# « نۇتۇق » مەڭگۈ پارلاق نۇر چاچىدۇ

## 1

يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ « يەنئەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق » ى ـــ ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەسىلىلىرى توغرىسىدىكى ئىنتايىن مۇھىم ماركسىزملىق تارىخىي ھۆججەت، ماركسىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسى تەرەققىياتى تارىخىدىكى بىر نامايەندە، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ قىبلىنامىسى. ئۇ، تارىختا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان قالماستىن، بەلكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان مۇھىم دەستۇر.

يولداش ماۋزېدۇڭ « نۇتۇق » تا ماركسىزم ـ لېنىنىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت قارىشىنى جۇڭگو ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەرىكىتىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، 4 ـ مايدىن بۇيانقى جۇڭگو يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرىنى ئىلمىي يوسۇندا يەكۈنلەپ، جۇڭگونىڭ ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئىلمىي يوسۇندا بايان قىلىپ، ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ نەزەرىيىسى، فاڭجېنى ۋە سىياسىتىنى ئىلمىي يوسۇندا شەرھلەپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئاڭ فورماتسىيىسىدىن ئىبارەت ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى ۋە رولىنى چۈشەندۈرۈپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن خەلقنىڭ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن تۇرمۇشنىڭ

دىئالېكتىك مۇناسىۋىتى، جۇڭگونىڭ ۋە چەت ئەلنىڭ مەدەنىي مىراسلىرىنى تەنقىدىي يوسۇندا قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش، ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتىدە ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن ئۆستۈرۈش، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئاساسىي قوشۇنى ۋە ئىتتىپاقداش قوشۇنى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت سېپىدىكى بىرلىكسەپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى تىپىكلەشتۈرۈش، ئىجادىيەت مېتودى قاتارلىق بىر قاتار پرىنسىپال مەسىلىلەرنى ماركسىزم ـ لېنىنىزملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن ئىلمىي يوسۇندا توغرا، مۇپەسسەل شەرھلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، نۇقتىلىق ۋە مەركەزلىك ھالدا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ خەلق ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن جەزمەن ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى ئۆگىنىش، خەلق ئاممىسى بىلەن بىرلىشىش يولىدا مېڭىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پرولېتارىيات ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ۋە گۈللىنىش يولىنى كۆرسىتىپ، ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسى سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى. ئازادلىقتىن كېيىن، ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش»، «قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن، چەت ئەلنىڭكىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش»، «كونىلىرىدىن يېڭىنى يارىتىش» قاتارلىق ئىلمىي، ئىجادىي تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «نۇتۇق» تا شەرھلەنگەن ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىنى تېخىمۇ تولۇق، مۇكەممەل ئىلمىي سىستېمىغا ئايلاندۇردى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتا، ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى تۈپ پرىنسىپلىرىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تارىخىي تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەپ،

ماركسىزم ـ لېنىنىزم ، ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىنى ئىجادىي تەرەققىي قىلدۇردى ۋە بېيىتتى . يولداش دېڭ شياۋپىڭ جۇڭگونىڭ ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ ، ماركسىزملىق ئاساسىي پرىنسىپ ، مەيدان ، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇلغا ئاساسەن يېڭى دەۋردىكى يېڭى ئەھۋاللارغا ، يېڭى مەسىلىلەرگە ، يېڭى تەلەپلەرگە ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت سېپىنىڭ ئون يىلدىن بۇيانقى يېڭى ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ، بىر قاتار يېڭى يەكۈن ۋە ھۆكۈملەرنى ئوتتۇرىغا قويدى . مەسىلەن :

خەلقنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئانىسى ئىكەنلىكى ، خەلقنىڭ سەنئەتكە ، سەنئەتنىڭ خەلققە موھتاج ئىكەنلىكى ؛

ئەدەبىيات ـ سەنئەت سىياسىيغا بېقىندۇ ، دېگەن شوئارنىڭ ئەمدى ئوتتۇرىغا قويۇلمايدىغانلىقى ، بۇ ئەلۋەتتە ئەدەبىيات ـ سەنئەت سىياسىيدىن ئايرىلسىمۇ بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەسلىكى ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ سىياسىيدىن ئايرىلىشى مۇمكىن ئەمەسلىكى ؛

ھەر تەرەپنىڭ پىكرىگە كەمتەرلىك بىلەن قۇلاق سېلىپ ، پايدىلىق پىكىرلەرنى قوبۇل قىلىش ـــ سەنئەتكارلارنىڭ داۋاملىق ئالغا بېسىشى ، ئىقتىدارىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈپ بېرىشىدا ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئىكەنلىكى ؛

ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە ئوبدان رەھبەرلىك قىلىشى ، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ، پارتىيە رەھبەرلىكىنى ياخشىلاش لازىملىقى ؛

ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى ئەستايىدىل ، جىددىي ئويلىنىپ ، خەلققە ئەڭ ياخشى مەنىۋى ئوزۇقلۇقنى يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن تىرىشىش

لازىملىقى ؛
سەنئەت قانۇنىيىتىگە تولۇق ھۆرمەت قىلىش ، نېمىنى يېزىش ، قانداق يېزىشنى ئەدىبلەر ، سەنئەتكارلار سەنئەت ئەمەلىيىتىدە ئىزدىنىش ۋە قەدەممۇ قەدەم ھەل قىلىش ، بۇ جەھەتتە قوپاللىق بىلەن ئارىلاشماسلىق ؛
سىياسىي - ئىدىيىۋى سەپتە ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىدە « سول » چىللىقمۇ ، « ئوڭ » چىللىقمۇ قارشى تۇرۇش ۋە باشقىلار .
يولداش دېڭ شياۋپىڭ يېڭى تارىخىي دەۋردە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ تارىخىي ئورنىنى يېڭىباشتىن مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ تارىخىي ئورنىنىمۇ مۇئەييەنلەشتۈردى ؛ يېڭى تارىخىي شارائىتتا ، ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسىدە ۋە ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى ئىجادىي راۋاجلاندۇردى ؛ « ئەدەبىيات - سەنئەتنى ئىشچى ، دېھقان ، ئەسكەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ، پرولېتارىيات سىياسىيسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش » دېگەن شوئارنىڭ ئورنىغا « خەلق ئۈچۈن ، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش » دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تارىخىي بۇرچىنى تېخىمۇ توغرا يىغىنچاقلاپ ، ئۇنى ساغلام تەرەققىيات يولىغا سالدى . يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسىگە دائىر ئەسەرلىرى ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ، يېڭى تارىخىي باسقۇچتىكى ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىمىزدىكى پروگراممىا خاراكتېرلىك مۇھىم ھۆججەت .
يولداش ماۋزېدۇڭ « ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ يۇقىرى

دولقۇنىنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، نەق ـ شۈبھىسىز ھالدا مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يۇقىرى دولقۇنى بارلىققا كېلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەندى. بۇ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

يولداش جياڭزېمىن ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدىكى باشقا رەھبەرلەر سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى تىرىشىپ گۈللەندۈرۈشنى تەكىتلىدى. يولداش جياڭ زېمىن: سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش ـــ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئەڭ شەرەپلىك مەجبۇرىيىتى، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ، ئومۇملۇقنىڭ تەلىپى، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدە جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ئۈستىدە توختىلىپ: «جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىشى كېرەك. يېتەكچى ئىدىيىنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈشكە بولمايدۇ؛ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىدە ۋە 〈بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش〉 فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈشى ۋە راۋاجلاندۇرۇشى، خەلقنى زەھەرلەيدىغان، جەمئىيەتنى بۇلغايدىغان، سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرىدىغان نەرسىلەرنىڭ يامراپ كېتىشىگە يول قويماسلىقى كېرەك؛ ئېسىل مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىشى ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشى، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك دەۋر روھىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈشى،



www.uyghurkitap.com

دۆلىتىمىزنىڭكىنى ئاساس قىلىشى ، شۇنداقلا دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئېسىل نەتىجىلىرىنى تولۇق قوبۇل قىلىشى كېرەك ، مىللىي ئىنكارچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا ۋە پۈتۈنلەي غەربلەشتۈرۈشكە يول قويۇلمايدۇ . بىز جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ بۇ ئاساسىي تەلەپلىرىنى پۇختا ئىگىلەپ ، پۈتۈن مىللەتنىڭ ئىدىيە ـ ئەخلاق ۋە پەن ـ مەدەنىيەت سۈپىتىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈشىمىز ، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنى يۈكسەلدۈرۈشىمىز لازىم » دەپ كۆرسەتتى . بۇ بايانلاردا سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ مەدەنىيەتكە بولغان تۈپ كۆز قارىشى ۋە مەيدانى نەزەرىيە جەھەتتە يۈكسەك دەرىجىدە يىغىنچاقلانغان ۋە راۋاجلاندۇرۇلغان . سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت خىزمىتى ئالاھىدە تەكىتلىنىپ ، ئۇنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئۈچ چوڭ تەركىبىي قىسمىنىڭ بىرى دەپ قەيت قىلىنىپ ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئورنى ۋە رولى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن .

دۆلىتىمىز ھازىر يېڭى بىر سەلتەنەتلىك تارىخىي باسقۇچتا — سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ ئاچقۇچلۇق مەزگىلىدە تۇرماقتا . مۇشۇنداق زور بۇرۇلۇش دەۋرىدە ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىمىزدە رېئال تۇرمۇشنى تىرىشىپ ئەكس ئەتتۈرۈشىمىز ، دەۋر روھىنى ئىپادىلىشىمىز ، خەلقنىڭ ئىدىيە ، ئەخلاق ۋە پەن ـ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ، بىر ئەۋلاد

غايىلىك ، ئەخلاقلىق ، مەدەنىيەتلىك ، ئىنتىزاملىق يېڭى كىشىلەرنى تەربىيىلەش ۋە يېتىشتۈرۈش ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن تىگىشلىك تۆھپە قوشۇشىمىز ، شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ كۆپ مىللەتلىك رايوندا ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتىنى يەنە ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى قوغداش ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم . مانا بۇ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزنىڭ يۆنىلىشى .

ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسى يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن توغرا نىشان كۆرسىتىپ بەردى ۋە كەڭ يول ئېچىپ بەردى . ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسى ئېلىمىزدىكى بىر نەچچە ئەۋلاد يازغۇچى ، سەنئەتكارلارنى ئۆسۈپ يېتىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى . دۆلىتىمىزنىڭ ئازاد رايونلىرىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرنىڭ جاھانگىرلىككە ، فېئوداللىزمغا ئۈزۈل ـ كېسىل قارشى تۇرۇش يولىدىكى يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنى ئورۇنداپ ، ئۆچمەس تۆھپىلەرنى يارىتىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى . دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزنىڭ خەلقنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشى ، ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ سوتسىيالىستىك ئەخلاقىي پەزىلەتنى يېتىشتۈرۈشى ، خەلقنىڭ ھەر جەھەتتىكى ئېستېتىكىلىق تەلىپىنى قاندۇرۇشى ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە يېتەكچىلىك قىلىشى قاتارلىق جەھەتلەردىكى مۆلچەرلىگۈسىز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە .

قىسقىسى ، ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسى ـــ ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ، ماركسىزم ـ لېنىنىزمنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى جۇڭگونىڭ ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەمەلىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى ، جۇڭگونىڭ يېڭى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەرىكىتىدىكى مول تەجرىبىلەرنىڭ ئىلمىي يەكۈنى ، پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىشتىكى كوللېكتىپ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى . تارىخ ئىسپاتلىدىكى ، يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ « نۇتۇق » تا ۋە باشقا ئەسەرلىرىدە ئوتتۇرىغا قويغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتىدىكى تۈپ پرىنسىپلار تامامەن توغرا ، ئۇ ئۆتمۈشتىمۇ ، ھازىرمۇ ، كەلگۈسىدىمۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى .

## 2

يولداش جياڭ زېمىن مەركەز چاقىرغان مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە : « مەدەنىيەت خىزمەتچىلىرى ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ ، ئاز سانلىق مىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇشى كېرەك » دەپ كۆرسەتتى . سوتسىيالىزم دەۋرى ئېلىمىزدىكى مىللەتلەر ئورتاق راۋاجلىنىدىغان ۋە گۈللىنىدىغان دەۋر . بۇ ، ھەر قايسى مىللەتلەر ، جۈملىدىن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ راۋاجلىنىشى ، گۈللىنىشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . مىللەتلەرنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە گۈللىنىشى مىللەتلەر ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە گۈللىنىشىدىن ئايرىلمايدۇ . مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە گۈللىنىشى ئۆز نۆۋىتىدە مىللەتلەرنىڭ راۋاج

تېپىشى ۋە گۈللىنىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات ــ سەنئىتى پۈتكۈل سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ــ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى.

شىنجاڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەدەبىيات ــ سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتا ئالدى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش لازىم. بۇنىڭدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات ــ سەنئىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىش كېرەك. شىنجاڭ قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنىگە جايلاشقان. بۇ يەردە شانلىق قەدىمكى مەدەنىيەت بارلىققا كەلگەن، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مول ئەدەبىيات ــ سەنئەت بايلىقى بار. تارىختىن بۇيان ئۇزۇلمەي كېلىۋاتقان مول ۋە رەڭگارەڭ ئەدەبىيات ــ سەنئەت مىراسلىرى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەقىل ــ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى. ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىيات ــ سەنئىتىنى گۈللەندۈرۈشتىكى مەنبەسى قۇرۇماس بۇلاقتۇر. بىز مىللىي ئەنئەنىۋى ئەدەبىيات ــ سەنئەتنىڭ شەكلى، ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى ئۆرنەك قىلىپ ئۇنىڭدىن ئىجابىي پايدىلىنىپ، ئۇنى يېڭىلاپ، يېڭى دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك مەزمۇن ۋە مىللىي شەكىل تەلەپ بويىچە قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، كونىلىرىدىن يېڭىنى يارىتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېستېتىك ئېڭى ۋە ھوزۇرلىنىش ئادىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، ئۇلار ياقتۇرىدىغان، دەۋر روھىغا باي، تۈرلۈك ژانىردىكى نادىر ئەسەرلەرنى تېرىشىپ ئىجاد قىلىپ، ئەدەبىيات ــ سەنئەتنىڭ تېخىمۇ زور گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سوتسىيالىستىك ئىدىيە ــ مەدەنىيەت بازىسىنى مۇستەھكەملىشىمىز لازىم. مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، ئىتتىپاق

ئۆتۈش ، ئۆزئارا ياردەم بېرىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ياخشى يولغا قويۇپ ، سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىدا مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش — بىزنىڭ تۈپ مىللىي سىياستىمىز ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى . بۇ سىياسەت شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ . شىنجاڭ ئۇزۇن تارىخقا ، پارلاق مەدەنىيەتكە ئىگە كۆپ مىللەتلىك قەدىمكى رايون . مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىشى ، دوستانە بىللە ئۆتۈشى باشتىن - ئاياغ تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولۇپ كەلمەكتە . بىز ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ سوتسىيالىستىك يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ ، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ، ئىتتىپاقلىقى ، تەرەققىياتىدىن ئىبارەت مىللەتلەر ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ باش تېمىسى ۋە ئاساسىي مۇقامىنى پۇختا ئىگىلەپ ، شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىدىغان ، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايرايدىغان ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى تەڭ گۈللەنگەن ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈشىمىز كېرەك .

شىنجاڭ تارىختىن بۇيان ئالەمگە مەشھۇر « مۇقام - مەشرەپ دىيارى » ، « ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى » ، ئۇ ئۇزۇن مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋە مۇنبەت سەنئەت تۇپرىقىغا ئىگە . ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ، ئېستېتىك خاھىشى ، سەنئەتتىن ھوزۇرلىنىشتىكى ئادەتلىرى ئاساسىدىن قارىغاندا ، ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ . ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىنى ئۆز

ئالاھىدىلىكى ۋە ئەۋزەللىكى بويىچە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ، ناخشا ـ ئۇسسۇلنى ئاساسىي بوۋسۇش نۇقتىسى، ئاساسىي تەرەققىيات گەۋدىسى قىلىپ ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ھەر خىل ژانىر ، تۈرلىرىنى تەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىنى ئاساس قىلغان ، كۆپ خىل سەنئەت خىللىرى ئورتاق راۋاجلىنىدىغان ۋەزىيەت يارىتىشىمىز ، كۈچلۈك دەۋر روھىغا ۋە روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ، يۇقىرى بەدىئىي سۈپەتكە ۋە تەسىرچانلىققا ئىگە بوۋسۇش خاراكتېرىدىكى بىر تۈركۈم نادىر ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىپ ، شىنجاڭنىڭ سەنئەت سەۋىيىسىنى ، بولۇپمۇ ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىنى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتكۈزۈشىمىز كېرەك . شۇنداق قىلغاندىلا ، كۆپ مىللەتلىك جۇڭگو سەنئەت خەزىنىسىگە يېڭى تۆھپە قوشالايمىز . شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى يېڭى ۋە يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ ، پۈتۈن مەملىكەتكە ۋە دۇنياغا يۈزلەندۈرەلەيمىز .

## 3

جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت بەرپا قىلىش يولىدا ئىنتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىۋاتقان ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىدە « سوتسىيالىستىك دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى ئاساسىي مۇقام قىلىش » بىلەن « ئېسىل مىللىي ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش » تىن ئىبارەت ئىككى چوڭ مەسىلىنى ياخشى ھەل قىلىشىمىز لازىم .

نۆۋەتتە ، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى پارتىيىنىڭ « بىر مەركەز ، ئىككى ئاساسىي نۇقتا » دىن ئىبارەت ئاساسىي

لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە كۆچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللانماقتا. شىنجاڭمۇ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئاچقۇچلۇق مەزگىلىگە قەدەم قويدى. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار ۋە خەلق ئاممىسى ئىدىيىنى تېخىمۇ ئازاد قىلىپ، كۆزقاراشنى يېڭىلاپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈشتە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلماقتا. بۇ، دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامى ۋە كۈچلۈك ساداسى. بىز ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىمىزدە ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدىكى قەھرىمانلىقلىرى ۋە پارلاق ئوبرازىنى ياخشى ئىپادىلەپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىدىيە ـ ئەخلاق، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساپاسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، بىر ئەۋلاد غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىمىز كېرەك.

ھازىر، خەلقئارا ۋەزىيەت يەنىلا ناھايىتى مۇرەككەپ، خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش سۇيىقەستى دۆلىتىمىز ئۈچۈن رېئال خەۋپ بولۇپ تۇرماقتا. ئىدېئولوگىيە ساھەسى تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش بىلەن تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ مۇھىم سېپى، ئاساسلىق جەڭ مەيدانى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسى بولسا ئالدىنقى سەپ بازىسى. سوتسىيالىزمنى، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان يېڭى كىشىلەرنى سەممىي، قىزغىن ئىپادىلەشتىن ئىبارەت بۇ

www.uyghurkitap.com

ۋەزىپە تارىخىي يوسۇندا ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ زىممىسىگە چۈشتى. ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر سوتسىيالىزم مەيدانىدا، خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش فاڭجېنىدا، جامائەت پىكرىنى توغرا تەرەپكە يېتەكلەش يۆنىلىشىدە تەۋرەنمەستىن چىڭ تۇرۇپ، دەۋرىنىڭ ئاساسىي مۇقامىنى پۇختا ئىگىلەپ، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، قاينام ـ تاشقىنلىق سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرى، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى، خەلق ئاممىسىنىڭ جاسارەت بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپ ئىگىلىك يارىتىۋاتقان ئەمەلىيىتى، لېي فېڭدىن، ۋاڭ ۋېيدىن، ئىلغارلاردىن ئۆگىنىپ، زور كۈچ بىلەن سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىۋاتقان ئەمەلىيىتىدىن ئوزۇق ئېلىپ، ئىجادىيەت مەزمۇنىنى بېيىتىپ، ئىجادىيەت يوللىرىنى ئېچىپ، دەۋر روھىغا باي، ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى زور، دەۋرنىڭ ئاساسىي ئېقىمىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىپ خەلق ئاممىسىنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا بولغان ئىشەنچىنى مۇستەھكەملىشىمىز لازىم.

سوتسىيالىستىك دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامىنى گەۋدىلەندۈرۈش بىلەن ئېسىل مىللىي، ئەنئەنىۋى ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، چوقۇم سوتسىيالىستىك دەۋر روھى بىلەن سەنئەتتىكى مىللىي ئالاھىدىلىكنى بىرلەشتۈرۈشىمىز كېرەك.

كۆپ مىللەتلىك شىنجاڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مىللىي ئالاھىدىلىك ــ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ خەلق ئىچىدە ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇشىنىڭ مۇھىم ئامىلى، مەملىكەتكە، ھەتتا

پۈتۈن دۇنياغا يۈزلىنىشىنىڭ مۇھىم ئالدىنقى شەرتى.

مىللىي ئالاھىدىلىك نۇقۇل شەكىل مەسىلىسىلا ئەمەس، ئۇ ئەدەبىيات ــ سەنئەت ئەسەرلىرىدە ئىپادىلىنىدىغان تۈرمۇش مەزمۇنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەسەرنىڭ مەزمۇنىمۇ روشەن مىللىي خاسلىققا ۋە قويۇق يەرلىك تۈسكە ئىگە بولۇشى لازىم.

بىز ھازىر سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت يېڭى تارىخىي دەۋردە تۇرماقتىمىز. ئۆتكەن يىلى ئاپتونوم رايونىمىز خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئون يىللىق پىلانى ۋە 8 ــ بەش يىللىق پىلانى پروگراممىسىنى تۈزدى. بۇ يىل 3 ــ ئاينىڭ 9 ــ كۈنىدىن 11 ــ كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتى كېڭەيتىلگەن يىغىن ئېچىپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيىنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنىنى قەتئىي، تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، نۆۋەتتىكى پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىش، زېھنىي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى يۈكسەلدۈرۈشتىن ئىبارەت ئاساسىي تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىپ، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى تېز راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى» نى چىقاردى. بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئاپتونوم

رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى يولداش سۇڭ خەنلياڭ كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك : شىنجاڭنىڭ ئالدىدا ئۈچ چوڭ تارىخىي پۇرسەت، يەنى دۆلەت سىياسىتىنىڭ مايىللىقى يارىتىپ بەرگەن پۇرسەت، ئاسىيا ـ ياۋروپا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقى كۆۋرۈكىنىڭ تۇتاشتۇرۇلۇشى يارىتىپ بەرگەن پۇرسەت، نېفىتلىكنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش يارىتىپ بەرگەن پۇرسەت كۈتۈپ تۇرماقتا. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش شىنجاڭغا غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلمەكتە. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنىۋى قىياپىتىدە غايەت زور ۋە چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلماقتا. باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، تەرەققىيات ۋە ئۆزىنى تەقدىم قىلىش روھى شىنجاڭدىكى يىگىرمە مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى تەرەققىياتىدىكى ئاساسىي ئېقىم، شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكىدۇر. سەنئەتكارلىرىمىز بۇ ئېسىل روھنى چىنلىق بىلەن ئۆز ئەسەرلىرىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەكس ئەتتۈرسە، شۈبھىسىز، بۇ خىل سەنئەت ھەقىقىي مەنىسى بىلەن تارىخنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بۈيۈك مەنىۋى كۈچكە ئايلىنىدۇ.

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇزۇن تارىخىي جەرياندا ئىجاد قىلغان ئېسىل ئەنئەنىۋى سەنئىتى يېڭى دەۋر سەنئەت ئىجادىيىتى ئۈچۈن باي مەنبە ۋە خۇرۇچتۇر. ئەنئەنىۋى سەنئەتنىڭ ئېسىل ئامىللىرىنى نۇرلاندۇرۇش، ھازىرقى دەۋر شارائىتىدا ئەنئەنىۋى سەنئەتنى زامانىۋىلىق يولىغا باشلاش، مىللىي ھېسسىياتنى تەربىيىلەش، مىللىي روھىي ھالەتنى ساغلاملاشتۇرۇش، مىللىي روھنى يۈكسەلدۈرۈش، مىللەتنىڭ مەرىپەت دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، زامانىۋىلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىش، ئەنئەنىۋى سەنئەتنى ئىجادىي رەۋىشتە يۈكسەلدۈرۈش، مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك

گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن مۇنداق ئۈچ مەسىلىنى توغرا تونۇشىمىز ۋە توغرا بىر تەرەپ قىلىشىمىز كېرەك .

**بىرىنچى ، ۋارىسلىق قىلىش** .ئازادلىقتىن كېيىن ، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ، ئەنئەنىۋى سەنئەت مىراسلىرىنى قېزىش ، توپلاش ، رەتلەش جەھەتتە نۇرغۇن ئۈنۈملۈك ئىلمىي خىزمەتلەرنى ئىشلىدۇق . لېكىن ئىنسانىيەت تارىخىغا غايەت زور تۆھپە قوشقان ، ئۇزۇن تارىخقا ، تەسىر تىرەنلىكىگە ، مول مەزمۇنغا ، يۈكسەك بەدىئىي تەسىرچانلىققا ئىگە ئەنئەنىۋى ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنى بىپايان ئەزىم دەرياغا ئوخشاتساق ، بۇ ساھەدە ئىشلىگەن خىزمەتلىرىمىز ئۇنىڭدىكى بىر ئېرىق - شاخاپچىدىنلا ئىبارەت ، خالاس .

« شەرق مۇزىكىسىنىڭ گۆھىرى » دەپ شۆھرەت قازانغان ، ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى ، غايەت زور ھەجىمدىكى قېلىپلاشتۇرۇلغان نادىر مۇزىكا ئەسىرى ، ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك - بىباھا مىراس « ئون ئىككى مۇقام » نى تۇردى ئاخۇن ئاكا ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە ۋارىسلىق قىلىپ زامانىمىزغىچە يەتكۈزۈشى ، ئۇ ئورۇندىغان نۇسخىسىغا ئاساسەن مۇزىكا خادىملىرىنىڭ 41 يىل جاپالىق ئىلمىي ئىزدىنىشى - ئىشلىشى نەتىجىسىدە قېزىش ، توپلاش ، تولۇق يېزىۋېلىش بىلەن رەتلەپ چىقىش خىزمىتى تاماملانغان بولسىمۇ ، لېكىن يەرلىك مۇقاملار ۋە تۈرلۈك سەنئەت مىراسلىرىنى توپلاش ، رەتلەش ئەمدىلا باشلىنىۋاتىدۇ . بۇ ھەقتىكى تەتقىقات تېخى دەسلەپكى باسقۇچتا تۇرماقتا . بىز بۇ تەۋەررۈك مىراسلىرىمىزنى قەدىرلىشىمىز ،

www.uyghurkitap.com

تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى بىلەن يىغىش، رەتلەش، تەتقىق خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇشىمىز لازىم.

**ئىككىنچى، ئەينەك قىلىش**. ئەنئەنىۋى، مىللىي ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى نۇرلاندۇرۇش، ئۇنىڭ نەتىجىلىرى ۋە تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىشنى تەكىتلەش ھەرگىزمۇ مىللىي مەدەنىيەتنى ئىشكىنى تاقىۋېلىپ، يەككە ـ يېگانە ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن دېرەك بەرمەيدۇ. بىز مىللىي، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش ھەم چەت ئەل مەدەنىيىتىنىڭ مۇنەۋۋەر نەتىجىلىرىنى ئەينەك قىلىش، قوبۇل قىلىشتا «قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن، چەت ئەلنىڭكىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش»، «كونىلىرىدىن يېڭىنى يارىتىش» فاڭجېنىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشىمىز، مىللەتلەر ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، دۇنياغا يۈزلىنىپ، دۆلىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر سەنئىتىدىن، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ نادىر سەنئەت مېۋىلىرىدىن ئۆرنەك ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىلغار سەنئەت شەكلى، بەدىئىي ماھارەتلىرىنى ئەينەك قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي سەنئىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇشىمىز، گۈللەندۈرۈشىمىز لازىم.

**ئۈچىنچى، يېڭىلىق يارىتىش**. ئەنئەنىۋى، مىللىي سەنئەتكە ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنى ئەينەك قىلىشتىكى مەقسەت جەۋھىرىنى ساقلاپ قېلىپ، شاكىلىنى، سەلبىي ئەھمىيەتسىزلىشىپ تۇرغانلىرىنى تاشلىۋېتىپ، شۇ ئاساستا يېڭىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت. دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، خەلق ئاممىسى ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە نىسبەتەن يېڭى ئېستېتىك تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويماقتا. ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا ئىسلاھ قىلماسلىق،

يېڭىلىق ياراتمىساق، ئۇ ھالدا سەنئىتىمىز يىگىلەپ قالىدۇ، دەۋرنىڭ ۋە خەلقىمىزنىڭ ئىستېتىك ئېھتىياجى — زوق - شوقىنى قاندۇرالمايدۇ. بۇ خىلاپلىق قىلغىلى بولمايدىغان سەنئەت قانۇنىيىتى. ئەمدى كونا سەنەمگە دەسسەشنى، ئاتام ئېيتقان بايىقى پەدە بويىچە ئىش قىلىشنى خەلق قوبۇل كۆرمەيدۇ. ھەقىقىي گۈللىنىشمۇ بولمايدۇ. شۇڭا، يېڭىلىق يارىتىش، ئىجاد قىلىش سەنئەت تەرەققىياتىدىكى ھالقىلىق مەسىلە. ھەرمىللەت سەنئەتكارلىرىدا ئۆتمۈشتىكىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىدىغان، ھازىرقىنىمۇ نەزەر - ئېتىباردىن قالدۇرمايدىغان، ئۆتمۈشتىكىلىرى بىلەن ھازىرقىنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇپ يۇغۇرۇپ بېيىتىدىغان، شۇنىڭ بىلەن كەلگۈسىنىمۇ نىشانلايدىغان باش قاتۇرۇش - ئىزدىنىش روھىنى تۇرغۇزۇپ، ئەنئەنىۋى سەنئەتكە ۋارىسلىق قىلىش، قوبۇل قىلىش، ئەينەك قىلىش ئاساسىدا ئىنسانىيەت ياراتقان بارلىق ئېسىل مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتكە سىڭدۇرۇپ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك مىللىي سەنئەت يارىتىشقا يېتەكلەش لازىم.

يېڭىلىق يارىتىش — مۇشەققەتلىك ئىزدىنىش جەريانىدۇر. بۇ جەرياندا تۈرلۈك ئوڭۇشسىزلىق، قارىمۇ قارشىلىقلاردىن ساقلىنىش قىيىن. شۇڭا، سەنئەتكارلارنىڭ ئىجاد قىلىشى، يېڭىلىق يارىتىشى ئۈچۈن ئازادە - دېموكراتىك مۇھىت يارىتىپ بېرىش لازىم. سەنئەت ئىجادىيىتى ئۈستىدە يەككىلىك بىلەن خۇلاسە چىقىرىشقا بولمايدۇ، بولۇپمۇ بەس - مۇنازىرە خاراكتېرىنى ئالغان ئەسەرلەرگە قارىتا تېخىمۇ كەڭ قورساق بولۇپ، سەنئەتكارلارنىڭ سەنئەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئىزدىنىپ، مۇھاكىمە ۋە مۇنازىرە قىلىپ توغرا يەكۈن چىقىرىشىغا يول قويۇش لازىم. ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى بىر خىل ئىجادىي، ئەقلىي

ئەمگەك . شۇڭا يازغۇچى ، سەنئەتكارلارنىڭ ئەدەبىيات ــ سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشى بويىچە ئۆزىنىڭ شارائىتى ۋە ئارزۇيىغا كۆرە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش كېرەك . ئىجادىيەتچىلەر سۇژىت ، ئاساسىي تېما ، شەكىل ، ئۇسلۇب ۋە ئېقىم جەھەتتە كەڭ ئەركىنلىككە ئىگە . ئىجادىيەت مەزمۇنىنى كۆپ خىللاشتۇرۇش ، دەۋر ۋە تۇرمۇشنىڭ ئاساسىي مۇقامىنى گەۋدىلەندۈرۈش ، بەدىئىي جەھەتتە ئىپادىلەشنى كۆپ خىللاشتۇرۇشتا مىللىيلىك ۋە ئاممىۋىلىقنى تەكىتلەپ ، دادىللىق بىلەن ئىزدىنىدىغان ، يېڭىلىق يارىتىدىغان جۇشقۇن كەيپىياتنى تىرىشىپ بارلىققا كەلتۈرۈش لازىم .

## 4

يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ « يەنئەن ئەدەبىيات ــ سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق » ى ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلىگىنىمىزدە ، ھەر مىللەت ئەدەبىيات ــ سەنئەت خادىملىرى « نۇتۇق » نىڭ روھىنى ، ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات ــ سەنئەت ئىدىيىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئۆگىنىپ ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ــ سەنئەت بەرپا قىلىشتا چوقۇم ماركسىزم ــ لېنىنىزم ، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە چىڭ تۇرۇپ ، ماركسىزم ــ لېنىنىزم ، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ مەيدان ، كۆز قاراش ، ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ، تۇرمۇش ۋە ئىجادىيەتتىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىمىز لازىم . شۇنداق قىلغاندىلا ، سەنئەتكارلار ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا نېمىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا ، ئەدەبىيات ــ سەنئەتنىڭ گۈللىنىشىگە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ، نېمىنىڭ ئۇنىڭغا زىيانلىق

ئىكەنلىكىنى، نېمىنى تەشەببۇس قىلىپ، نېمىگە قارشى تۇرۇش لازىملىقىنى ئېنىق تونۇپ، ئىجادىيەتتە توغرا يولغا ئىگە بولالايمىز. ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىش يولىدا ساغلام راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلالايمىز.

ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى «نۇتۇق» نىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش؛ تۇرمۇش — ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ بىردىنبىر بۇلىقى؛ ئاممىدىن ئۆگىنىپ، ئاممىغا قايتۇرۇش؛ تىرىشىپ دۇنياقاراشنى ئۆزگەرتىش؛ ئاممىغا بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلاپ، تۇرمۇشقا، ئاممىغا، قاينام - تاشقىنلىق ئەمەلىيەتكە يۈزلىنىش؛ توغرا ئىدىيىۋى مەزمۇن بىلەن يۈكسەك بەدىئىي شەكىلنىڭ بىردەكلىكى قاتارلىق تۈپ ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرلىرىنى قىبلىنەما قىلىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنى بىۋاسىتە رېئاللىق ئىچىگە قويۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى رېئال تۇرمۇشقا ئۆزلۈكسىز چوڭقۇر چۆكۈشىمىز، بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ بىرىنچى سەپىدە ئىشلەۋاتقان ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ۋە زىيالىيلار ئارىسىغا بېرىشىمىز ۋە ئۇلار بىلەن بىرلىشىشىمىز، ئۇلارنىڭ رەڭگارەڭ، مول، رېئال تۇرمۇشىنى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ يۈتمەس - تۈگىمەس مەنبەسى قىلىپ، قاينام - تاشقىنلىق زامانىۋىلاشتۇرۇش ئەمەلىيىتىدىن سۇژېت، ئاساسىي تېما، مەزمۇن ۋە شەكىلنىڭ خام ماتېرىياللىرىنى ئېلىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى تولۇقلىشىمىز، قايناق ھېسسىيات ۋە ئىلھامغا ئىگە بولۇشىمىز لازىم. سەنئەت ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ھەربىر دەۋر شۇ دەۋر بىلەن ھەمنەپەس ۋە تەقدىرداش بولغان ئۇلۇغ يازغۇچى، سەنئەتكارلارنى مەيدانغا

چىقىرىدۇ ، شۇ دەۋرنى يورۇتۇپ تۇرىدىغان ئۆلمەس ئەسەرلەرنىمۇ مەيدانغا چىقىرىدۇ . شۇنىڭغا ئىشەنچىمىز كامىلكى ، « تۇنۇق » نىڭ شانلىق روھى بويىچە ، ماركسىزم ـ لېنىنىزم ، ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئۆگىنىدىغان ۋە ئۆزلەشتۈرىدىغان ، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ خەلق ئاممىسى بىرلىشىش يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي ماڭىدىغان ، ئىجادىيەتتە دەۋر روھى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكنى تېخىمۇ ياخشى بىرلەشتۈرىدىغانلا بولساق ، شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە چوقۇم مىسلىسىز راۋاجلىنىش ۋە گۈللەپ ـ ياشناش مەنزىرىسى بارلىققا كېلىدۇ .

www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى ۋەتەن بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرايلى

نۆۋەتتە ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتىدە « بىر تەرەپتىن تەرتىپكە سېلىش ، يەنە بىر تەرەپتىن گۈللەندۈرۈش » يۆنىلىشىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ، مەيدانى قەتئىي ، بايرىقى روشەن ھالدا بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك مۇقىملىقىغا تۆھپە قوشۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىۋاتقان ، خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇپ ، ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، روھنى ئۇرغۇتۇپ ، ھەر مىللەت خەلقىنى تېخىمۇ كۆپ ، سۈپەتلىك ، مەزمۇنى ساغلام مەنىۋى ئوزۇق بىلەن تەمىن ئېتىش ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن جاپالىق ئىجادىي ئەمگەك قىلىۋاتقان پەيتتە يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ « يەنئەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق » ى ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 48 يىللىقى خاتىرىلەندى . بۇ ، زور رېئال ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە .

يولداش ماۋزېدۇڭ « نۇتۇق » تا ماركسىزم ـ لېنىنىزملىق دۇنيا قاراش ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت قارىشىنى جۇڭگو ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەرىكىتىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئاڭ فورماتسىيىسىدىن

ئىبارەت ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى ۋە رولىنى چۈشەندۈرۈپ، ئەدەبىيات ــ سەنئەت بىلەن خەلقنىڭ، ئەدەبىيات ــ سەنئەت بىلەن تۇرمۇشنىڭ دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتى، جۇڭگونىڭ ۋە چەت ئەللەرنىڭ مەدەنىي مىراسلىرىنى تەنقىدىي يوسۇندا قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش، ئەدەبىيات ــ سەنئەت خىزمىتىدە ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن ئۆستۈرۈش، ئەدەبىيات ــ سەنئەتنىڭ ئاساسىي قوشۇنى ۋە ئىتتىپاقداش قوشۇنى، ئەدەبىيات ــ سەنئەت سېپىدىكى بىرلىكسەپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى تىپىكلەشتۈرۈش، ئىجادىيەت مېتودى قاتارلىق بىر قاتار پرىنسىپال مەسىلىلەرنى ماركسىزم ــ لېنىنىزملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن ئىلمىي يوسۇندا توغرا، مۇپەسسەل شەرھلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، نۇقتىلىق ۋە مەركەزلىك ھالدا، ئەدەبىيات ــ سەنئەتنىڭ خەلق ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىشچى ــ دېھقان ــ ئەسكەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن چەزمەن ماركسىزم ــ لېنىنىزمنى ئۆگىنىش، خەلق ئاممىسى بىلەن بىرلىشىش يولىدا مېڭىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پرولېتارىيات ئەدەبىيات ــ سەنئىتىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ۋە گۈللىنىش يولىنى كۆرسىتىپ، ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات ــ سەنئەت ئىدىيىسى سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى. ئازادلىقتىن كېيىن ئەدەبىيات ــ سەنئەتتە «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ــ بەستە سايراش»، «قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن، چەت ئەللىكنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش»، «كونىلىرىدىن يېڭىنى يارىتىش» قاتارلىق مۇھىم ئىلمىي ــ ئىجادىي تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «نۇتۇق» تا شەرھلەنگەن ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات ــ سەنئەت ئىدىيىسىنى تېخىمۇ تولۇق، مۇكەممەل ئىلمىي سىستېمىغا ئايلاندۇردى.

ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات ــ سەنئەت ئىدىيىسى ــــ ماۋزېدۇڭ

www.uyghurkitap.com

ئىدىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ماركسىزم ـ لېنىنىزمنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت پرىنسىپلىرىنىڭ جۇڭگونىڭ ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەمەلىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى. جۇڭگونىڭ يېڭى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەرىكىتىدىكى مول تەجرىبىلەرنىڭ ئىلمىي يەكۈنى، پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىشتىكى كوللېكتىپ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى. تارىخ ئىسپاتلىدىكى، يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ «نۇتۇق» تا ۋە باشقا ئەسەرلىرىدە ئوتتۇرىغا قويغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتىدىكى تۈپ پرىنسىپلار تامامەن توغرا، ئۆتمۈشتىمۇ، ھازىرمۇ، كەلگۈسىدىمۇ ئېلىمىز ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ تۈپ يېتەكچى ئىدىيىسى.

«نۇتۇق» نىڭ تۈپ ئاساسىي روھى ــ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ۋە قانداق خىزمەت قىلدۇرۇش مەسىلىسىدىن ئىبارەت. بۇ ئۆتمۈشتىمۇ، ھازىرمۇ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك تۈپ ئاساسىي مەسىلە.

نۆۋەتتە بىز «نۇتۇق» نى قايتا ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ تۈپ ـ ئاساسىي روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا، ئالدى بىلەن ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىشچى ـ دېھقان ـ ئەسكەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش بىلەن تۈپ مەنىدىن ئېيتقاندا بىردەك بولۇپ، يولداش ماۋزېدۇڭ بۇنىڭدىن 48 يىل بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويغان ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ئىشچى ـ دېھقان ـ ئەسكەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش

www.uyghurkitap.com

يۆنىلىشىنىڭ سوتسىيالىستىك دەۋردىكى يېڭى تەرەققىياتى، بۇ يۆنىلىشنىڭ تۈپ مەزمۇنى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت.

ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، مېنىڭچە، كۆپ مىللەتلىك ئاپتونوم رايونىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ مۇھىم مەزمۇنى — ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ۋەتەن بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ۋەتەن بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنى ئاساسىي ئورۇنغا، مۇھىم ئورۇنغا قويۇش — ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشىنىڭ تۈپ ئاساسىي مەزمۇنىنى گەۋدىلەندۈرۈشتۇر. يولداش ماۋزېدۇڭ ئېيتقاندەك: «ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مەملىكەت ئىچىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى — ئىشلىرىمىزنىڭ جەزمەن غەلىبە قىلىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى». ئۇ، چوڭ ئومۇملۇق، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئاچقۇچى، شۇنداقلا، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي تەلىپى. بۇنىڭدا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى ۋە ئىستېكى تەلىپى ئەكس ئەتكەن. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئوبرازچانلىقى، ئىستېتىك گۈزەللىكى، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى ئارقىلىق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئالاھىدىلىكى بىلەن ۋەتەن بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش ۋە مىللەتلەر

ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشتە ئاڭ فورماتسىيىسىنىڭ باشقا تۈرلىرىگە قارىغاندا سىڭىشتۈرۈپ بولمايدىغان ئەۋزەللىككە ئىگە. شۇڭا ئەدەبىيات - سەنئەتنى ۋەتەن بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى ئەدەبىيات - سەنئەتتە كىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ۋە قانداق خىزمەت قىلىش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ تونۇش لازىم. لىپىڭ زۇڭلى مەملىكەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرى مۇدىرلىرى يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، نەزەرىيىچىلىرىمىز، ئەدىبلىرىمىز، سەنئەتكارلىرىمىز ۋە مەدەنىيەت، ئىدىيە ساھەسىدە ئىشلەيدىغان يولداشلىرىمىز، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ مىللەت قارىشىنى ۋە پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. ئۇلار تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق ئەسەرلەرنى تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى ئىجاد قىلىپ، ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسىنى مەدھىيىلىشىنى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى ۋە پەزىلەتلىرىنى تونۇشتۇرۇشىنى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىكتە ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن شەخسلەرنى ۋە ئىش - پائالىيەتلەرنى كۈيلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. كۆپچىلىكنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق، ھەرمىللەت خەلقى باراۋەر بولۇپ ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىكتە ئالغا باسىدىغان ئالىيجاناب خىسلەتنى يېتىشتۈرۈشى لازىم.

ئەدەبىيات - سەنئەتنى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش — تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، جۇڭخۇا

www.uyghurkitap.com

خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسى بولغان كۆپ مىللەتلىك ئاپتونوم رايونىمىزدا ــ مىللىي باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ھەمكارلىق ئاساسىدىكى يېڭىچە سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى تىكلەشتىن ئىبارەت. ئەدەبىيات ــ سەنئەتتە غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك بىر ئەۋلاد كىشىلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ــ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. بۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن ئەدەبىيات ــ سەنئەت خادىملىرى مۇمكىن قەدەر مۇكەممەل بەدىئىي تەسىرچانلىققا ئىگە ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىز ئارقىلىق بىر تەرەپتىن، ۋەتەنپەرۋەرلىكنى، سوتسىيالىزمنى، كوممۇنىستىك ئىدىيىنى، ماركسىزم، لېنىنىزملىق مىللەت قارىشىنى، پارتىيىمىزنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىشىمىز، ۋەتەن بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش يولىدىكى ۋە سوتسىيالىستىك يېڭىچە مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى جارى قىلدۇرۇشتىكى ياخشى ئىش، ياخشى ئادەتلەرنى مەدھىيىلىشىمىز؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىگە ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ئاساسىي خەۋپنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەردىن كېلىدىغانلىقىنى ئېنىق تونۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەتىنىمىز بىرلىكىگە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشتەك قەبىھ جىنايى قىلمىشىنى قەتئىي پاش قىلىشىمىز لازىم. بۇ، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت ئەدەبىيات ــ سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئەدەبىيات ــ سەنئەتنى ۋەتەن بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىكى مۇقەددەس ۋەزىپىسى ۋە بۇرچى، خەلق ئۈچۈن ئىشلەش روھىنىڭ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسىنىڭ، پارتىيىۋىلىك مەيدانىنىڭ روشەن بەلگىسى.

شىنجاڭدا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ۋەتەن بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنا، رېئال تۇرمۇشتىكى ۋە تارىختىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى قانداق ئەكس ئەتتۈرۈش — ئىزدىنىش، داۋاملىق تەجرىبە توپلاش، يېڭى ساھەلەرنى ئېچىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان مۇھىم مەسىلە. پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتە تېما، ۋەقەلىك تاللاشقا بولغان ئومۇمىي تەلىپى رېئال تۇرمۇشتىكى ۋە تارىختىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى قانداق يېزىشقىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئومۇمەن ئالغاندا، ئاساسىي قانۇنغا، جۇمىلىدىن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىغا، «تۆت ئاساسىي پرىنسىپ» قا خىلاپ بولمىسا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشكە، ۋەتەن بىرلىكىنى مۇستەھكەملەشكە پايدىلىق بولسىلا، ھەر مىللەت خەلقىگە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، مىللەتلەر ئارا ئىناقلىق ـ ھەمجەھەتلىكنى كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك ۋەتەننى بىرلىكتە گۈللەندۈرۈش قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇپ، مىللەتلەر باراۋەر، ئىتتىپاق بولغان، ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇش رولىنى ئوينىيالىسىلا، رېئال تۇرمۇشتىكى، تارىختىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى قانداق يېزىش ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىيەت ئەركىنلىكى. بۇنىڭدا، ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىغا كەڭ ئىمكانىيەت، بىپايان ئىجادىيەت زېمىنى ھازىرلانغان. بۇ يەردە مۇنداق ئۈچ نۇقتىنى ئالاھىدە تەكىتلەش لازىم.

بىرىنچى، رېئال تۇرمۇشتىكى، بولۇپمۇ تارىختىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە بۇنداق ئەسەرلەرگە باھا بېرىشتە، سىياسىي مەسىلە بىلەن ئىجادىيەتتىكى ئىلمىي

مەسىلىنىڭ چەك ـ چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىش لازىم. مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەندە، يامان غەرەزبىلەن تارىخنى، مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى بۇرمىلايدىغان غەلىتە ـ بىمەنە، ھاقارەت خاراكتېرىدىكى نەرسىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىپ دىلىغا ئازار بېرىپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، يامان تەسىر پەيدا قىلىدىغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ھەرگىزمۇ ئىلمي مەسىلە، سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى ئىزدىنىش دېگىلى بولمايدۇ. ئۇ بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭ مىللەتلەر مەسىلىدىكى ئىنكاسى. ئۇنىڭغا ئېنىق پوزىتسىيە بىلەن قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنى تەنقىد قىلىش، ئاقىۋىتى ئېغىر، قانۇنغا خىلاپ بولغانلىرىنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىش لازىم. ئەگەر مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن بولسا، ئىجادىيەتتىكى ئىزدىنىش جەريانىدىكى ئۇنداق ياكى بۇنداق يېتەرسىزلىكلەر بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاساسىي خاھىشى توغرا، ساغلام بولۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، ۋەتەن بىرلىكىگە پايدىلىق بولىدىكەن، ئۇنىڭغا يول قويۇش، ئۇنى ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىلمي پوزىتسىيە بىلەن تەنقىد قىلىش، ئۇنىڭ ياردەم بېرىش، ئۇنى يېتەكلەش ۋە ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىش لازىم. شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرىدە، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدە باشقا مىللەتلەر ئۆگىنىدىغان ئۆرنەكلىك قىممىتىگە ئىگە ئىجابىي تەرەپلەرمۇ، شۇنداقلا، تەنقىد قىلىپ تۈزىتىدىغان سەلبىي تەرەپلەرمۇ بولىدۇ. پەقەت ئىجابىي تەرەپنىلا يېزىشنى تەلەپ قىلىپ، سەلبىي تەرەپنى يېزىشقا يول قويماسلىق ياكى مەلۇم سەلبىي تەرەپ يېزىلسىلا ئۇنى ئەيىبلەپ ياكى ئۇنى «مىللىي

مەسىلە » دەپ تۇتقىنى كۆتۈرۈپ قالپاق كىيدۈرۈش ـ قارىلاش ئەستايىدىل ئىلمىي پوزىتسىيە ئەمەس . بۇ ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ۋە بىرلىكتە ئالغا بېسىشىغا پايدىسىز ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇسىغىمۇ خىلاپ .

ئىككىنچى ، بولۇپمۇ تارىختىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ ، قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش لازىم .

شىنجاڭنىڭ ئەزەلدىن تارتىپلا بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك جۇڭگونىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكى ، شىنجاڭ بىلەن جۇڭگونىڭ بىرلىكى باشتىن ـ ئاخىر تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولۇپ كەلگەنلىكى ، شىنجاڭ ئەزەلدىن كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان جاي بولۇپ ھەر قايسى مىللەتلەر ئىناق ـ ئىتتىپاق ئۆتكەنلىكى ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئىتتىپاقلىشىپ ، ئىچكى ـ تاشقى دۈشمەنلەرگە قارشى تۇرۇپ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىغانلىقى ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەقدىرى جۇڭگودىن ئىبارەت ئۇلۇغ ۋەتەننىڭ تەقدىرى بىلەن ھەرقاچان چەمبەرچاس باغلانغانلىقى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئۆگىنىپ ، ئورتاق ئالغا بېسىپ ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنى بىرلىكتە ياراتقانلىقى ــ تارىختىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ تۈپ ماھىيىتى ، تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشى ، تارىختىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى يازغاندا تارىختىكى ئەنە شۇ تۈپ ھەقىقەتنى ، تۈپ قانۇنىيەتنى باي ۋە رەڭگارەڭ تىپىك ئوبرازلار بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ ، مىللەتلەرنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئۆستۈرۈپ ، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا ئىلھام بېرىش لازىم .

ئۆچىنچى ، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدىغانلىقى ، خەنزۇلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدىغانلىقى ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭمۇ بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ ، ھەرقايسى مىللەت يازغۇچىلىرى ئىچىدە ئورتاق تىرىشىپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى كۈيلەيدىغان كەيپىيات شەكىللەندۈرۈش لازىم . بولۇپمۇ تېخىمۇ كۆپ خەنزۇ يازغۇچىلارنى سوتسىيالىستىك يېڭى دەۋردىكى ۋە تارىختىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشقا جەلپ قىلىش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش لازىم . ھەر قايسى مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئۆزئارا ئۆگىنىشى ، تەجرىبە ئالماشتۇرۇشى ، ئۆزئارا تولۇقلىشى — شىنجاڭدىكى كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنىنىڭ بىر مۇھىم ئەۋزەللىكى ، بۇ ئەۋزەللىكنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلىش لازىم .

ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى زېچ ئىتتىپاقلىشىپ ، ماركسىزم - لېنىنىزملىق مىللەت قارىشىنى تىكلەپ ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن يورۇتۇپ بېرىدىغان ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت رېئال تۇرمۇشىغا چوڭقۇر چۆكۈپ ، يېڭىچە سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى قىزغىن كۈيلەيدىغان بولساق ، ئەدەبىيات - سەنئەتنى ۋەتەن بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يولىدا يېڭى تۆھپىلەرنى قوشالايمىز .

1990 - يىلى 5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى

# ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىدە
# تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتا ، ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرىمۇ خۇشاللىنارلىق تەرەققىياتقا ئېرىشتى . كەسپىي ۋە ئىشتىن سىرتقى مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىجادىيىتى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا گۈللىنىپ دەۋر روھىغا، قويۇق مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە بىر تۈركۈم ياخشى ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى ؛ سەنئەتنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىدىكى ئويۇن قويۇش ۋە مۇسابىقە پائالىيەتلىرى جانلىنىپ بىر تۈركۈم يېڭى ئەسەرلەر دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى سەنئەت بايراملىرى ۋە ئۇسسۇل ، سېرك ، كىنو ، ئاممىۋى مەدەنىيەت ، ئۆسمۈرلەر ـ بالىلار سەنئىتى قاتارلىق مۇسابىقىلەردە ئارقا ـ ئارقىدىن مۇكاپاتقا ئېرىشتى ؛ يېقىندا مەدەنىيەت نازارىتى تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن 1990 ـ يىلدىن بۇيان مەملىكەت خاراكتېرلىك كەسپىي سەنئەت مۇسابىقىلىرىدە 3 ـ دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مۇكاپاتقا ئېرىشكەن مەدەنىيەت ـ سەنئەت خادىمى 40 نەچچىدىن ئارتۇق بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ دەرىجىلىك ، 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن تۈرلەردىن ئون نەچچىسى بار . بۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سەنئەت ئىشلىرىدا قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيىتىنى ئوبدان نامايان قىلىپ بېرىدۇ . ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە قوغداش

خىزمىتىدىمۇ يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ تىپتىكى يۈرۈشلۈك كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» نى قېزىش، رەتلەش ۋە تەشۋىق قىلىش خىزمىتىدە نۇرغۇن ئۇتۇقلارنى نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلۈپ، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارى ۋە يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى؛ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئۈچ دەرىجىلىك مەدەنىيەت تورى قۇرۇلۇشى دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولۇپ، ئاممىۋى خاراكتېرلىق مەدەنىيەت پائالىيىتى ۋە مىللىي سەنئەت پائالىيىتى تېخىمۇ مول مەزمۇنلۇق تۈس ئالدى؛ كۇتۇپخانا ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىق، مۇزېي ئىشلىرى مۇئەييەن تەرەققىياتقا ئېرىشتى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ۋە رېمونت قىلىش خىزمىتى كۈچەيتىلدى، كىتاب ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى، ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيىسى ۋە مەدەنىيەت پەن ـ تېخنىكىسى ھەققىدىكى بىلىملەر تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلدى؛ مەدەنىيەت بازىرى كۈنسايىن گۈللىنىپ، مەدەنىيەت، ئىقتىساد، سودا ـ ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتەك مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى كۈنسايىن جانلاندى؛ مەدەنىيەت ئىشلىرى سىستېمىسى ئىسلاھات ئۇستىدە پائال تۈردە ئىزدىنىۋاتىدۇ. ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ ئەۋزەللىكلىرى جارى قىلدۇرۇلۇپ، «كۆپ خىل كەسىپلەر ئارقىلىق مەدەنىيەتكە ياردەم بېرىش» تەك تىجارەت پائالىيىتى راۋاجلاندى؛ چەت ئەللەر بىلەن بولغان مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى ئۆزلۈكسىز كېڭەيدى. ئۆتكەن بىر يىلنىلا مىسالغا ئالساق، ئاپتونوم رايونىمىز چەت ئەللەر بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش خىزمىتىدە ناخشا، ئۇسسۇل، سېرك، گۈزەل سەنئەت، خەلق سەنئىتى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى

كۆرگەزمىسى ، سەنئەت مائارىپى ، مەدەنىيەت ساياھىتى قاتارلىقلار بويىچە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ، تۈرلۈك مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئۆمەك ، گۇرۇپپىسىدىن 29 ( 290 ئادەم قېتىم ) نى چەت ئەلگە ئەۋەتتى ، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ 13 دۆلەت ۋە رايوندىن 50 چە ئۆمەك ، گۇرۇپپا ( 974 ئادەم قېتىم ) ئاپتونوم رايونىمىزغا كېلىپ زىيارەت قىلىپ ئويۇن قويدى ياكى ئېكسكۇرسىيە ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، چېگرىدىكى ۋىلايەت ، ئوبلاستلار مەسىلەن ، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى ، ئالتاي ۋىلايىتى ، قەشقەر ۋىلايىتى ، تۇرپان ۋىلايىتى قاتارلىق ئون نەچچە ۋىلايەت ، ئوبلاست ، شەھەرمۇ قوشنا دۆلەتلەردىكى يەرلىك ھۆكۈمەتلەر بىلەن قوش يۆنىلىشلىك مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىپ شىنجاڭنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش ، شىنجاڭنى دۇنياغا تونۇتۇش ۋە مىللىي مەدەنىيەت ـ سەنئەتنى نۇرلاندۇرۇشقا پائال تۆھپە قوشتى ، ئاپتونوم رايونىمىز مەملىكىتىمىزدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلار بويىچە نۇقتىلىق رايون بولۇپ ، يارغول قەدىمكى شەھىرى خارابىسىنى « دۇنياۋى مىراسلار » قاتارىغا كىرگۈزۈش بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ ، پەن ، مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ دەسلەپكى مۇھاكىمىسىدىن ئۆتتى . ئومۇمەن ئۆتكەنكى بىر يىل ئىچىدە تۈرلۈك مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىدە يېڭى يۈكسىلىشلەر بولۇپ ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئېسىل مىللىي مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش ، ھەر قايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇش ۋە بېيىتىش ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئوبدان مەدەنىيەت مۇھىتى يارىتىپ بېرىشتە ئاكتىپ رول ئوينىدى . بىز

مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ يۈكسىلىشى ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ، ھۆكۈمەتلەرنىڭ ۋە ھەرقايسى تارماقلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ، قوللىشىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى ، شۇنداقلا بۇ خىزمەتنىڭ جايلاردىكى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنىغا ئايلانغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلماقتىمىز . لېكىن ، يەنە نۇرغۇن پەرق ۋە قىيىنچىلىقلارمۇ ساقلانماقتا ، بۇ ئاساسلىقى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت : مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ . بىزنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت خىزمىتىمىز ئىقتىساد ، سىياسەت ۋە مەدەنىيەتنى بىر ـ بىرىگە ماسلاشقان ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ چوڭ شاھمات تاختىسىدا تېخى جانلانغىنى يوق ؛ مەدەنىيەت بازىرىنى بېيىتىش ، باشقۇرۇش جەددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ ؛ تۈرلۈك مەدەنىيەت ـ سەنئەت مەھسۇلاتلىرى ۋە مەدەنىيەت مۇلازىمىتى ئومۇمىي مىقدار جەھەتتە يېتىشمەيدۇ ، سۈپىتى يۇقىرى ئەمەس . « يارامىلىق » مەھسۇلات ۋە ئېسىل ئەسەرلەر كەمچىل ؛ مەدەنىيەت ئىقتىسادىي سىياسەتلىرى تېخى تازا مۇكەممەللىشىپ كەتمىدى ؛ يېزىلاردىكى ئۈچ دەرىجىلىك مەدەنىيەت تورلىرىنىڭ دەرىجىسى تۆۋەن ، پائالىيىتى نورمال ئەمەس ، مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرى ۋە ئۈسكۈنىلىرى ئاز ، كەمچىل ، ناچار ، ئاددىي بولغانلىقى ئۈچۈن ، قىسمەن چەت ، يىراق دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاممىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشى يەنىلا « مەدەنىيەتتە نامرات » ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ . بۇ خىل ھالەت ئۆزگەرتىلمىسە ، مەدەنىيەت مۇناسىپ ھالدا راۋاجلاندۇرۇلمىسا ۋە مۇئەييەن سۈپەتكە ئىگە مەنىۋى تۇرمۇش بولمىسا ھەقىقىي ۋە مۇكەممەل « ھاللىق سەۋىيە » نىڭ بولۇشى

www.uyghurkitap.com

مۇمكىن ئەمەس.

كەلگۈسى بىر قانچە يىل ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئومۇمىي گەۋدە بويىچە ئالغا سۈرۈلىدىغان ۋە نۇقتىلىق بۆسۈش ھاسىل قىلىنىدىغان ئاچقۇچلۇق بىر يىل، يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى تەلەپ ئالدىدا بىز خىزمىتىمىزنى پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىدىن ئىبارەت بۇ ئومۇمىيلىققا قانداق قىلىپ تېخىمۇ ئوبدان خىزمەت قىلدۇرۇش ۋە بويسۇندۇرۇش ئۈستىدە ئويلىنىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلغان ھالدا كەلگۈسى بىرقانچە يىلدىكى مەدەنىيەت خىزمىتىمىزنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ۋە مۇھىم نۇقتىسىنى مۇنداق بېكىتتۇق. بۇ، يىغىنچاقلىغاندا «ئۆگىنىش، ئىسلاھات، بازار، يېزا مەدەنىيىتى، گۈللەندۇرۇش» تىن ئىبارەت بەش سۆزدىن ئىبارەت. يەنى ئۆگىنىشنى باشلامچى قىلىپ يېتەكلەش، ئىسلاھاتنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ قىلىپ بۆسۈش ھاسىل قىلىش، مەدەنىيەت بازىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە باشقۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى ياخشى پۇرسەت قىلىش، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىش، مەدەنىيەت - سەنئەتنى گۈللەندۇرۇش ئارقىلىق تۈرلۈك مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ماسلاشقان ھالدا راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. يېڭى بىر يىل ئىچىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت تارماقلىرى ۋە كەڭ ھەر مىللەت مەدەنىيەت - سەنئەت خىزمىتى خادىملىرى، ئىدىيىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بىرلىككە كەلتۈرۈپ ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، روھنى ئۇرغۇتۇپ، يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلىشى، مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ

مەدەنىيەت خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشى ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزلىرىدىن كۈتكەن ئۈمىدىنى يەردە قويماسلىقى لازىم .

1 . ئۆگىنىش مەسىلىسى .

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ ماركسىزمى ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى كۈچلۈك ئىدىيىۋى قورالىمىز ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ، دۆلەتنى تۈزەش ، ئادەم تەربىيىلەش ، ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىش ، مۇقىملىق ۋە تەرەققىياتىمىزنىڭ تۈپ يېتەكچى ئىدىيىسى . مەدەنىيەت ـ سەنئەت خىزمىتى ئېلىمىزدىكى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە پۈتكۈل سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان تەركىبىي قىسمى بولۇپ ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش لازىم . ئۇنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى مەدەنىيەت ـ سەنئەت خىزمىتىدە مىللەتنىڭ تەقدىرى ۋە دۆلەتنىڭ ئىستىقبالىدىن ئىبارەت بۇ ئومۇمىيلىقنى نەزەردە تۇتۇپ ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن ئاڭلىق ھالدا خىزمەت قىلىشنى تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت . بۇ يېڭى تارىخىي شارائىتتا ، « خەلق ئۈچۈن ، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش » يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇشنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى بولۇپ ، روشەن دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە . ئەلۋەتتە ، بۇ خىل خىزمەت قىلىش ھەمىشە بىۋاسىتە ، كونكرېت بولماستىن ، بەلكى بىلىندۇرمەي تەسىر كۆرسىتىش يولى بىلەن مەدەنىيەت ـ سەنئەتنىڭ كۆپ خىل ئىقتىدارى ئارقىلىق مىللەتنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ ، خەلقنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ، كىشىلەرنىڭ ئەقىل ـ ئىدراكىنى



www.uyghurkitap.com

قوزغاپ، خەلقنىڭ قەلبىنى گۈزەللەشتۈرۈپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت تۇمۇشى جەھەتتىكى كۈنسايىن كۆپ خىللىشىۋاتقان ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشى، سىياسىي مۇقىملىق، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشىنى مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ۋە ئەقلىي كۈچ ياردىمى بىلەن تەمىنلەشكە ئوبدان ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت .بۇنداق خىزمەت قىلىمىز دەيدىكەنمىز، ئالدى بىلەن «دېڭ شياۋپىڭنىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» نىڭ 3 - تومىنى ئۆگىنىشنى ئوبدان تۇتۇشىمىز لازىم. ئەسلى ئەسەرنى ئەستايىدىل ئوقۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسىي نۇقتىئىينەزەرىنى ۋە ئىدىيىۋى جەۋھىرىنى، بولۇپمۇ ئىككى قولدا تەڭ تۇتۇش، ھەر ئىككىلا قول قاتتىق بولۇشتا چىڭ تۇرۇش، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئېسىل بايانلىرىنى سىستېمىلىق، ئومۇميۈزلۈك چۈشىنىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈۋېلىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە 14 - نۆۋەتلىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشنى ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە دائىر نەزەرىيىۋى بىلىملەرنى ھەم مەدەنىيەت ئىقتىسادى سىياسىتى، مەدەنىيەت قانۇن - نىزاملىرى، مەدەنىيەت كەسپىنى ئۆگىنىشنىمۇ كۈچەيتىش لازىم.

بىز مەدەنىيەت سىستېمىسىدىكى ئىشتىن سىرتقى پارتىيە مەكتىپى، تۈرلۈك كىتاب ئوقۇش كۇرسلىرى، قىسقا مۇددەتلىك كۇرس ۋە ئۆگىنىش، مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئارقىلىق ئۆگىنىشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرماقچىمىز. نەزەرىيە ئۆگىنىشنىڭ ئاچقۇچى مەدەنىيەت - سەنئەت خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرگەن ھالدا يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ستراتېگىيىلىك

ئىدىيىسى ۋە نەزەرىيە قارىشىنى تىرىشىپ ئۆگىنىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش، ئۇنىڭ ماركسىزملىق مەيدان، كۆز قاراش، ئۇسۇل ئارقىلىق يېڭى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتەك ئىلمىي پوزىتسىيىسى ۋە ئېچىش، ئىجاد قىلىش روھىنى ئۆگىنىشتىن ئىبارەت. مېڭىمىزنى مانا شۇ ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرغىنىمىزدىلا ئاندىن ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىپ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنى ئورتاق ئىدىيىۋى ئاساسقا ئىگە قىلىپ، رەھبەرلىك ئىقتىدارىمىز ۋە سىياسەت بەلگىلەش سەۋىيىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرەلەيمىز؛ پارتىيىۋىلىك جەھەتتە چېنىقىشنى ۋە تەربىيىلىنىشىمىزنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ماركسىزملىق دۇنيا قارىشىمىزنى قەتئىيلەشتۈرەلەيمىز؛ تۈرمۇشنى تونۇش ئىقتىدارىمىزنى تۈپ ئاساستىن ئۆستۈرۈپ، يەنى دەۋرنى سەگەكلىك بىلەن توغرا تونۇپ، جەمئىيەتنى تەھلىل قىلىپ، تۇرمۇشقا باھا بېرىپ، توغرا ئىجادىيەت ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇپ، يۇكسەك مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچ تۇيغۇسىدا تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ـ سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش، خەلقنى ئېخمۇ كۆپ، ئېخمۇ ياخشى مەنىۋى ئوزۇق بىلەن تەمىن ئېتىش ئۈچۈن جان ـ دىل بىلەن تىرىشىپ ئىشلىيەلەيمىز.

2. مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش مەسىلىسى.

مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تۈپ ئاساستىن ئېيتقاندا، پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى شارائىتىدىكى مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەندىزىسىنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى

شارائىتىدىكى مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەندىزىسىگە ئۆزگەرتىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە مۇناسىپ كېلىدىغان، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق، مەدەنىيەت ـ سەنئەتنىڭ ئۆزىگە خاس تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەرىكەت مېخانىزمىنى ۋە باشقۇرۇش مېخانىزمىنى تۇرغۇزۇشتىن ئىبارەت. بىز كەڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى ۋە ئىجادچانلىقىنى قوغداشقا پايدىلىق بولۇش ـ بولماسلىق، ئىسىل ئەسەر يارىتىش، ئىختىساس ئىگىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش، ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا پايدىلىق بولۇش ـ بولماسلىق؛ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ كۈنسايىن ئېشىۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش ـ بولماسلىقىنى مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى ئۆلچەشنىڭ ئاساسىي ئۆلچىمى قىلىشىمىز لازىم. نۆۋەتتە، بىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت تارماقلىرىمىز نۆۋەتتىكى ئىسلاھاتنىڭ پايدىلىق پەيتىنى چىڭ تۇتۇپ، كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ، ئومۇميۈزلۈك پىلانلاپ، مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنىڭ تەرەققىياتىنى پائال، سالماق ھالدا ئىلگىرى سۈرۈۋاتىدۇ. بۇ يىل بىز ئىسلاھاتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى يەنىلا سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا قويۇشنى، سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى بۆسۈش ئېغىزى قىلىش ئارقىلىق تۈرلۈك مەدەنىيەت ئىشلىرىدىكى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك قانات يېيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئويلىشىۋاتىمىز. سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىكى ئاچقۇچ ئىچكى قىسمىدىكى ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىپ، بازار

www.uyghurkitap.com

رىقابىتىگە ماسلىشىش ئىقتىدارىنى ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ھاياتىي كۈچنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. يادرولۇق مەسىلە يەنىلا گۇرۇپپىلاشقان ئويۇن قويۇش گەۋدىلىرىنى سەرخىللاشتۇرۇپ، سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشىنى ئاساسىي ھالقا قىلغان ھالدا خادىملار بىلەن راسخوت ئوبدان ماسلاشتۇرۇلغان مېخانىزمنى تەدرىجىي تۇرغۇزۇش. ئالدىنقى بىر نەچچە يىلدا بىز ئىسلاھات جەھەتتە بەزى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىدۇق. بۇ يىل ئاساسلىق، چوڭقۇر قاتلاملىق زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىپ، بىر قەدەر زور بۆسۈشنى قولغا كەلتۈرمەكچىمىز. بىز ئالدى بىلەن كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ نازارەتكە قاراشلىق سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئوبدان تۇتۇشنى ئويلاشتۇق، نۆۋەتتە، شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى، دراما ئۆمىكىدىن ئىبارەت سىناق نۇقتىسى قىلىنغان ئىككى ئورۇندا ئىسلاھات باشلاندى، مۇشۇ يىل ئىچىدە ئىچكى قىسمىدىكى باشقۇرۇش مېخانىزمنى ئۆزگەرتىش، بارلىق خادىملارنى ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، ئۆمەك بىلەن ئەمەلىي گەۋدىلەرنى ئايرىش، كىرىمنى تەقسىملەشتىكى دەرىجە پەرقىنى چوڭايتىش، ئارتۇق خادىملارنى ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ماھىيەتلىك ئىلگىرىلەش بولۇشنى قولغا كەلتۈرمەكچىمىز. مەدەنىيەت نازارىتىدە نازارات قارىمىقىدىكى سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، بۇ گۇرۇپپا ئىسلاھاتنى پىلانلىق تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇش، يېتەكچىلىك قىلىش ۋە نازارەتچىلىك قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىز يەنە پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ جايلىشىش قۇرۇلمىسىنى

تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇۋاپىق تەرتىپكە سېلىش ھەققىدە دەسلەپكى پىكرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويدۇق . ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك رايون بولۇشىدەك ئالاھىدىلىككە ئاساسەن ، جايلاردىكى مەدەنىيەت تارماقلىرى شۇ جايدىكى پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە قوللىشى ئاستىدا ، ئۆز رايونىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ، سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە جايلاردىكى سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى پائال ، سالماق تۇردە ئالغا سىلجىتىشى ، شۇنداقلا جايلاردىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ سەنئەت سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ، مۇئەييەن تەسىرگە ئىگە ، مىللىي سەنئەت ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان سەنئەت ئۆمەكلىرىنى ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللارنى پەرقلەندۈرگەن ھالدا تېگىشلىك مەدەت بېرىش ۋە قوغداش لازىم . ناھىيە دەرىجىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرى دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈش ۋە ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ ئويۇن قويۇشتەك مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان ، شۇڭا دۆلەتنىڭ چەت ـ ياقا ، يىراق ، نامرات رايونلارنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە دائىر يوليورۇقلىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن ، ئۇلارغا تېگىشلىك دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە مەدەت بېرىپ ، تەدرىجىي ھالدا جايلىشىشنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىش ئارقىلىق ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت ـ سەنئەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇقىم بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش لازىم . ھەر دەرىجىلىك ئاممىۋى مەدەنىيەت كەسپىي ئورۇنلىرى ، ئاممىۋى كۈتۈپخانىلار ، مەدەنىيەت ـ سەنئەت تەتقىقاتى ، سەنئەت مائارىپى قاتارلىق كەسپىي ئورۇنلارمۇ يۈرەكلىك ئىزدىنىشى ۋە ئىسلاھاتنى پائال ، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشى لازىم . ئىسلاھاتنىڭ تەرەققىيات

يۈزلىنىشىدىن قارىغاندا، تۈرلۈك مەدەنىيەت كارخانا، كەسپىي ئورۇنلىرىنىڭ ھەممىسى، ئۆزىنىڭ كەسپىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى ۋە مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشنىڭ قانۇنىيىتىنى چىقىش قىلغان ھالدا سوتسىيالىستىك بازارئىگىلىكىنىڭ ئېھتىياجىغا مۇۋاپىقلىشىشى، «بىر خىل كەسىپنى ئاساس قىلىش، كۆپ خىل ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش، ئەمەلىي كۈچىنى ئاشۇرۇش، كەسپىي ئىشلارنى راۋاجلاندۇرۇش، تۇرمۇشنى ياخشىلاپ، مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش» يولىدا قەتئىي مېڭىشى، بازار ئارقىلىق جۇشقۇنلۇقتا، ھاياتىي كۈچكە، ئۈنۈمگە، جۇغلانمىغا ئىگە بولۇشى لازىم. مەدەنىيەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى بىر تۈرلۈك ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىجتىمائىي سىستېمىلىق قۇرۇلۇش بولۇپ، نۇرغۇن تەرەپلەرگە چېتىلغاچقا، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ قوللىشى ۋە ماسلىشىپ بىرىشىگە توغرا كېلىدۇ، بۇ يەردە بىز جايلاردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ ۋە مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەرنىڭ كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە قوللاپ، مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى پايدىلىق تاشقى مۇھىت بىلەن تەمىن ئېتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش يەنە مەدەنىيەت مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئىستىلىنى ياخشىلىشىنى، ماكرولۇق تىزگىنلەشنى ئوبدان تۇتۇپ، ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك ـ دىيانەتلىك بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەردىكى مەدەنىيەت مەمۇرىي تارماقلىرى مەدەنىيەت خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىشتا مىكرولۇق باشقۇرۇشنى ئاساس قىلىشنى تەدرىجىي ھالدا ماكرولۇق باشقۇرۇشنى ئاساس قىلىشقا ئۆزگەرتىپ، ئاساسىي زېھنىي كۈچىنى، يۆنىلىشنى، ئومۇمىي مىقدارنى، قۇرۇلمىنى، ئۈنۈمنى تۇتۇشقا قارىتىشى؛

جان ـ دىل بىلەن ئاساسىي قاتلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ئاساسىي قاتلامنى غەمدىن خالاس قىلىپ، ئۇلارغا مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش شارائىتى يارىتىپ بېرىشى، يۇقىرى بىلەن تۆۋەن، ئىچكى ۋە تاشقى تەرەپلەرنىڭ ھەممىسى بىرنىيەتتە ھەمكارلىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنىڭ ساغلام، ئوڭۇشلۇق راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم.

3. مەدەنىيەت بازىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش لازىم.

مەدەنىيەت بازىرى مەملىكىتىمىزدىكى سوتسىيالىستىك بازار سىستېمىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم ساھەسى. ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت تارماقلىرىمىزنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بازىرىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بازىرى قۇرۇلۇشىدا «ئىككىسىنىڭ بىرىنىمۇ تاشلاپ قويماسلىق پرىنسىپىدا: يەنى بىرى بازار ئىگىلىكىنىڭ ئادەتتىكى قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولۇش؛ ئىككىنچىسى، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تەلپىگە ئۇيغۇن بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش لازىم. بىز مەدەنىيەت بازىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ «ئىككى قولدا تەڭ تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش» ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، بىر قولدا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مەدەنىيەت ئەخلەتلىرىنى تازىلاشنى تۇتۇشىمىز؛ يەنە بىر قولدا گۈللەندۈرۈشنى تۇتۇپ، ساغلام، پايدىلىق مەنىۋى مەھسۇلاتلار ئارقىلىق مەدەنىيەت بازىرىنى ئىگىلىشىمىز ۋە بېيىتىشىمىز لازىم.

بازارنىڭ يېتىلىشى، بازار قائىدىلىرى مۇكەممەل بولماسلىق، باشقۇرۇش تەدبىرلىرى كۈچلۈك بولماسلىق قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، نۆۋەتتە مەدەنىيەت بازىرىدا يەنە بەزى پاسسىپ ئەھۋال ۋە مەسىلىلەر ساقلانماقتا. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت بازىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە گوۋۇيۈەن تەستىقلىغان مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ ئۈچىنى بېكىتىش لايىھىسىنىڭ تەلىپى بويىچە، مەملىكەتلىك مەدەنىيەت بازىرى خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىمكان قەدەر تېز راۋانلاشتۇرۇپ، مەدەنىيەت بازىرىغا دائىر قانۇن تۇرغۇزۇش قەدىمىنى تېزلىتىپ، «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت بازىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» نى يولغا قويۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت بازىرىنى تەدرىجىي ھالدا قېلىپلاشقان، تۈزۈملەشكەن، قانۇن ـ تۈزۈملەشكەن ساغلام تەرەققىي قىلىش ئىزىغا چۈشۈرۈش لازىم.

4. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت خىزمىتىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى تۇتۇش مەسىلىسى.

13 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 8 ـ ئومۇمىي يىغىنى، 14 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «قارار» ى ۋە لى پېڭ زۇڭلىنىڭ 5 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ سانلىق يىغىنىدا بەرگەن «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات»، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېزا خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر «يېزىلاردىكى سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بازارلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش لازىم»، «يېزىلارنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش

كېرەك » دەپ تەكىتلەندى ، مەدەنىيەت بازارلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى شەھەر ـ يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلاملارغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ، ئاساسىي قاتلاملاردىكى مەدەنىيەت تور ـ نۇقتىلىرىنى كۆپەيتىپ ، يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇش تەكىتلەندى . لېكىن تۇرلۇك سۇبيېكتىپ ۋە ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ، بولۇپمۇ چەت ، نامرات رايونلاردىكى نۇرغۇن يېزا ـ بازارلاردا مەدەنىيەت قوشۇنى زادىلا مۇقىم بولمايۋاتىدۇ . خىراجەت كەمچىل ، ئەسلىھەلەر ئاددىي بولغاچقا ، مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە توختاپ قېلىش ياكى يېرىم توختاپ قېلىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ . بىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت تارماقلىرىمىزدا يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسى بولۇشى ، دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلامنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىنى ھەقىقىي تۇردە پۈتكۈل مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىشى ، بولۇپمۇ ۋىلايەت ، ئوبلاست ، ناھىيە ، ( شەھەر ) لەردىكى مەدەنىيەت تارماقلىرى زېھنىي كۈچىنى تېخىمۇ مەركەزلەشتۈرۈپ ، بۇ خىزمەتنى ياخشى تۇتۇپ ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ، دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت خىزمىتىدە ، بىر قەدەر قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ، كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم . بۇ يىل دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلامنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىدە تۆۋەندىكى بىرقانچە تۈرلۈك خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش لازىم .

« ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېڭى يولى چېگرا مەدەنىيەت كارىدورى » قۇرۇلۇشىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش لازىم . ئاپتونوم

رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1994 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئاچقان « ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېپەك يولى چېگرا مەدەنىيەت كارىدورى » قۇرۇلۇشى مەسىلىسى بويىچە مەسلىھەتلىشىش يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم . ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا پائال ماسلىشىپ « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېپەك يولى چېگرا مەدەنىيەت كارىدورى » قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇشنى ئويلىشىۋاتىدۇ . نازارىتىمىزدە خىزمەت گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ كۈندىلىك خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولىدۇ . بۇنىڭدىن باشقا ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن بىرلىكتە « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېپەك يولى چېگرا مەدەنىيەت كارىدورى » قۇرۇلۇشى پىلانىغا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۈزىتىش كىرگۈزىدۇ ھەمدە كونكرېت يولغا قويۇش لايىھىسىنى ئىمكانقەدەر تېز ئوتتۇرىغا قويىدۇ .

شەھەر ـ يېزا مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش ۋە ياخشىلاش لازىم . ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پىلان ، مالىيە قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلارغا پائال ماسلىشىپ ، ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە رېمونت قىلىش خىراجىتىنى كۆپرەك قولغا كەلتۈرۈش ، جايلاردىكى پارتىيە ، ھۆكۈمەت تارماقلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى ، تەشەببۇسكارلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ ، « 9 ـ بەش يىللىق پىلان » نىڭ ئاخىرىدا ھەممە ناھىيىلەردە مەدەنىيەت يۇرتى ، كۇتۇپخانا بار بولۇش ، ھەممە يېزىلاردا مەدەنىيەت پونكىتى بار بولۇش ، ھەممە كەنتلەردە مەدەنىيەت ئۆيى بولۇش نىشانىنى تىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم . بولۇپمۇ ئاممىۋى كۇتۇپخانا قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىپ ، « 9 ـ بەش يىللىق پىلان » نىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە

ئاپتونوم رايونىمىزدا تېخى كۈتۈپخانا قۇرۇلمىغان 50 ناھىيىنىڭ ھەممىسىدە ئاممىۋى كۈتۈپخانا قۇرۇلۇپ بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم.

«مەدەنىيەتتە ئىلغار ناھىيە» لەرنى باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش لازىم. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى «مەدەنىيەتتە ئىلغار ناھىيە» بولغان يەركەن ناھىيىسى، فۇكاڭ شەھىرى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، مەدەنىيەت خىزمىتىدىكى ئىلغارلىق نەتىجىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇستەھكەملەپ ۋە كېڭەيتىپ، ئىلغارلىق نامىنى داۋاملىق ساقلىشى لازىم. ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى «مەدەنىيەتتە ئىلغار ناھىيە» لەرنىڭ كونكرېت ئۆلچىمى ۋە شەرتلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، «مەدەنىيەتتە ئىلغار ناھىيە» بەرپا قىلىش بويىچە باھالاش پائالىيىتىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ ۋە قانات يايدۇرىدۇ. شۇنداقلا مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرغان «مىللىي مەدەنىيەت بويىچە ئىلغار ئاپتونوم ئوبلاست» بەرپا قىلىش پائالىيىتىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بەش ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، «مىللىي مەدەنىيەت بويىچە ئىلغار ئاپتونوم ئوبلاست» بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇرىدۇ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ.

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى مەدەنىيەت تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە كەسپىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت تارماقلىرى ھەر دەرىجىلىك مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا داۋاملىق ماسلىشىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى مەدەنىيەت پونكىتلىرىنىڭ شتات، كۆرسەتكۈچ ۋە خىراجەت مەسىلىسى ھەم دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى كىنو قويۇش پۇلى يىغىش ۋە قاتناش

قورالـلـىرىدىن ئىلـىنىدىغان يول ئاسراش پۇلىنى كېمەيتىش ، كـەچۈرۈم قـىلـىش قـاتـارلىق مەسىلىلەرنى ئىمكانقەدەر تېز ھەل قـىلـىشقا تىرىشىش لازىم . بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ، ئاپتونوم رايـونلـۇق مـەدەنـىيـەت نـازارىـتـى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن بـىرلـىكـتـە ، دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت خـىـزمـىـتـى تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە مۇناسىۋەتلىك سىياسەت ۋە تـەدبـىرلـەرنـى تـۈزۈپ ، ئاپـتـونـوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئاپـتـونـوم رايـونـلـۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قاراپ چىقىشىغا تاپشۇرماقچى .

« شـەھـەر بـىـلـەن يـېـزىـغا تەڭ ئېتىبار بېرىش ، يېزىلارنى مـۇھـىـم نـۇقـتـا قـىلىش » پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ ، دېھقانچىلىق ، چارۋىـچـىـلـىـق رايـونلىرىنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىدىن ئىبارەت بۇ مـۇھـىـم نـۇقـتـىـنـى ھەقـىـقـىي ياخشى تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ئـىـجـتـىـمـائـىـي رايونلار مەدەنىيىتى ، كارخانا مەدەنىيىتى ، مەكتەپ مەدەنىيىتى قاتارلىق تۈرلۈك ئامموۋى مەدەنىيەتنى پائال يېتىلدۈرۈپ ۋە تـەرەقـقـىـي قـىـلـدۇرۇپ ، شـەھـەر ـ يـېـزىلاردىكى ھەر مىللەت ئـامـمـىـسـىـنـىـڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىش ۋە جانلاندۇرۇش لازىم .

5 . ئەدەبـىـيـات ـ سـەنئەت ئـىـجـادىـيىتىنى زور كۈچ بىلەن گۈللەندۈرۈش مەسىلىسى .

مـۇنـەۋۋەر ئەسـەرلـەر ئـارقـىـلـىـق كـىـشـىـلـەرنـى رىـغـبـەتـلـەنـدۈرۈش ــ مـەمـلـىـكـەتـلـىـك تەشۋىقات ـ ئىدىيە خـىـزمـىـتـى يـىـغـىـنـى مـەدەنىيەت سېپى ئالدىغا قويغـان مـۇھـىم ۋەزىـپـە . زامـانـىـمـىـزنـىـڭ مۇنـەۋۋەر ئەدەبـىـيـات ـ سـەنئەت ئەسـەرلـىـرى ئـاسـاسـىـي مـىلودىيىنى ياڭرىتىدىغان ئەسەرلەردىن بولۇشى كېرەك . مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئىجاد

قىلىش مەدەنىيەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، مەدەنىيەت ـ سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشتىكى يادرولۇق مەسىلە. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش كۆپ خىللاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ، ھەم خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى كۆپ خىل ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئىستېمال قاتلىمىنى كۆپ خىللاشتۇرۇشنى، ھەم ئاساسىي مېلودىيىلىك ئەسەرلەرنى تېما، شەكىل، ئۇسلۇب ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە كۆپ خىللاشتۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. نۆۋەتتە، مەدەنىيەت تارماقلىرى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنى تۇتۇش داۋامىدا، بىرى، ئىجادىيەت يۆنىلىشىنى ياخشى ئىگىلەپ، ئوبدان يېتەكلەش رولىنى ئوينىشى؛ يەنە بىرى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىپ بېرىشى، بولۇپمۇ ئىختىساسلىق كىشىلەرگە كۆيۈنۈش، ئىختىساسلىق كىشىلەرنى قەدىرلەش، ئىختىساسلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش، ئىختىساسلىق كىشىلەرنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشتىن ئىبارەت كەيپىياتنى تىرىشىپ يارىتىپ، مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرىنى ساغلام ئۆسىدىغان، پۈتۈن ئىقتىدارىنى ئىشقا سالالايدىغان ئىناق مۇھىتقا ئىگە قىلىش لازىم.

ئېسىل بەدىئىي ئەسەر سەنئەتكارنىڭ قايناق ھېسسىياتقا تولغان شەخسىي ئىجادىيىتى بولۇپ، كۆپىنچە ئۇنىڭغا ئىجادكارنىڭ بارلىق تۇرمۇش تەسىراتى، بىلىم ـ جۇغلانمىسى ۋە بەدىئىي ماھارىتى مەركەزلەشكەن، شۇنداقلا ئىجادكارنىڭ ئىنسانىي خاراكتېرى سىڭگەن بولۇشى، مۇنەۋۋەر مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن سىرتتىن كىرگەن مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى ئاساسىي مېلودىيىنى ياڭرىتىشتا

www.uyghurkitap.com

گەۋدىلەندۇرۇلگەن، كۆپ خىللاشتۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشقان، ئەمما ياقتۇرۇپ كۆرىدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەر بولۇشى كېرەك. بىزنىڭ ھېكايە، رومان، ناخشا، تىياتىر، مۇزىكا، گۈزەل سەنئەت، كىنولىرىمىزدا مانا شۇنداق ئېسىل ئەسەرلەرنى ئىشلەپ ئىجاد قىلىش ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى گۈللەندۇرۇش لازىم.

نۆۋەتتە، بىز مەدەنىيەت ئىشلىرىنى گۈللەندۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئىنتايىن ياخشى دەۋرىدە تۇرىۋاتىمىز، بىر تەرەپتىن، مەركەز تەشۋىقات ـ ئىدىيە خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىۋاتىدۇ، ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىۋاتىدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەت لۇشيەنى، فاڭجېنى ۋە تۈرلۈك سىياسەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن ئېنىق بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى جايلاردىكى پارتكوملار، ھۆكۈمەتلەر ۋە ھەرقايسى تارماقلاردىكى رەھبىرىي يولداشلار، شۇنداقلا جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرمۇ مەدەنىيەت خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىۋاتىدۇ ۋە كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ. مانا شۇنداق پايدىلىق شارائىتلار بار بولغاچقا، بىز مەدەنىيەت خىزمىتىنى جەزمەن تېخىمۇ ياخشى ئىشلىيەلەيمىز، تېخىمۇ ئۈنۈم ھاسىل قىلالايمىز. بۇ قېتىمقى يىغىندىن كېيىن، بىز ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىتتىپاقلىشىپ تىرىشىپ، قاتتىق ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىنى يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈرۈپ، ئەلا نەتىجىلىرىمىز بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ رەڭمۇرەڭ گۈللەر تەكشى ئېچىلغان پارلاق ئەتىسىنى كۈتۈۋالىمىز.

# ئىنتىپاقلىشىپ ئىزدىنىپ، شىنجاڭنىڭ تىياتىرچىلىق سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرايلى ۋە گۈللەندۈرەيلى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 42 يىللىقىنى قۇتلۇقلاش ۋە شىنجاڭ تىياتىرچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىدە شىنجاڭ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 1991 - يىللىق تىياتىر كۆرىكى 10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى باشلىنىپ بۈگۈن غەلىبىلىك ئاخىرلاشتى.

توققۇز كۈن داۋاملاشقان بۇ كۆرەككە 14 سەنئەت ئۆمىكى، 15 پارچە سەھنە ئەسىرى تاللاپ قاتناشتۇرۇلۇپ، 36 مەيدان ئويۇن قويۇلدى، تاماشىبىنلارنىڭ سانى 30 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئېشىپ كەتتى. بۇ قېتىمقى كۆرەك پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان شىنجاڭنىڭ تىياتىرچىلىق ئىشلىرىدا گۈللەپ - ياشناش مەنزىرىسى بارلىققا كەلگەنلىكىنى نامايان قىلدى؛ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 42 يىللىقىغا بېغىشلانغان تۈرلۈك مەزمۇندىكى خاتىرىلەش، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە مول مەزمۇن قوشۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتتى. كۆرەككە قاتناشتۇرۇلغان تىياتىر ئەسەرلىرىدە ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇلغانلىقى، «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلغانلىقى، سوتسىيالىستىك دەۋر روھى گەۋدىلەندۈرۈلگەنلىكى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ

ئىسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا يېڭىلىق يارىتىلغانلىقى ، تارىخىي چىنلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكى ، كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرى جانلىق سۈرەتلەپ بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە مۇناسىپ يېڭى تۆھپە قوشتى .

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە « بىر تەرەپتىن تەرتىپكە سېلىش ، بىر تەرەپتىن گۈللەندۈرۈش » فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ، ئىجادىيەتتە دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامىنى گەۋدىلەندۈرۈش ، تېمىنى كۆپ خىللاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش قاتارلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشكە دائىر ئالاقىدار كۆرسەتمىلىرىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى ئۆتكەن يىل ئەتىيازدا تىياتىر ئىجادىيىتى سۆھبەت يىغىنىنى ئاچقان ۋە بۇ يىل تىياتىر كۆرىكى ئۆتكۈزۈش توغرىسىدىكى خىزمەت پىلانىنى بېكىتكەندى ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەدەنىيەت خىزمەتلىرىگە مەسئۇل ھەر دەرىجىلىك تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى بۇ ئىشقا ئەستايىدىل كۆڭۈل بۆلدى . ھەر قايسى سەنئەت ئۆمەكلىرى جىددىي ھەم جاپالىق رېپېتىسىيە قىلدى . بۇ يىل 8 ـ ئايغىچە شىنجاڭ بويىچە 20 سەنئەت ئۆمىكى 21 كېچىلىك تىياتىر تەييارلىدى . كۆرەك تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ تاللىشى ، كۆرەك تەشكىلىي ھەيئىتىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشى ئارقىلىق ، شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى تەييارلىغان ئۇيغۇرچە تىياتىر « قىرى يىگىتنىڭ تويى » ، قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى تەييارلىغان

ئۇيغۇرچە دراما «ئەزىزە»، ئىلى ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى تەييارلىغان ئۇيغۇرچە دراما «ۋىجدان سوتى ئالدىدا»، بايىنغولىن ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكى تەييارلىغان ئۇيغۇرچە دراما «ئۆركەشلە، سۆيگۈ دەرياسى»، شىنجاڭ دراما ئۆمىكى تەييارلىغان «مەلىكە جىيې يۈي»، ئۈرۈمچى شەھەرلىك جىڭجۈ تىياتىر ئۆمىكى تەييارلىغان «غەربىي رايون ئاسمىنىدىكى ھەسەن ـ ھۈسەن»، شىخەنزە شەھەرلىك يۈجۈ تىياتىر ئۆمىكى تەييارلىغان «يۇرتداشلىق مۇھەببىتى»، ئىلى ئوبلاستلىق دراما ئۆمىكى تەييارلىغان «تاڭبالا»، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 2 ـ سەنئەت ئۆمىكى تەييارلىغان «سالام، ئاقسۇ»، شىخەنزە شەھەرلىك سەنئەت ئۆمىكى تەييارلىغان «بوزيەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ھەربىيلەر مۇھەببىتى»، بىڭتۇەن 9 ـ شى يۈجۈ تىياتىر ئۆمىكى تەييارلىغان «غەربىي رايونغا مۇھەببەت»، ئۈرۈمچى شەھەرلىك چىنجۈ تىياتىر ئۆمىكى تەييارلىغان «لىن جىلۇ»، قۇتۇبى چۈيىزى تىياتىر ئۆمىكى تەييارلىغان «باج ئەمەلدارىنىڭ يېزىغا بېرىشى»، «قۇدىلارنىڭ كۆرۈشۈشى»، قۇمۇل ۋىلايەتلىك چىنجۈ تىياتىر ئۆمىكى تەييارلىغان «يېشىل مەرۋايىت» قاتارلىق 15 تىياتىر ئەسىرى يەنى تۆت مەيدان ئۇيغۇرچە دراما، تۆت مەيدان خەنزۇچە دراما، يەتتە مەيدان چىنچاڭ، يۈجۈ، شىنجاڭ چۈيىزى تىياتىرى كۆرەككە قاتناشتۇرۇلدى.

بىز خۇشاللىق بىلەن شۇنى كۆرمەكتىمىزكى، شىنجاڭنىڭ تىياتىر سەھنىسىدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا باتۇرلارچە كۈرەش قىلىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەنگەن بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر تىياتىر

ئەسەرلىرى مەيدانغا كەلدى .

بۇ ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرىدە ، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش مەدھىيىلەنسە ، بەزىلىرىدە ئىنقىلابىي قۇربانلار ئەسلەنگەن؛ بەزىلىرىدە تارىخ ئېقىمىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يۈزلىنىشى ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش مەدھىيىلەنسە ، بەزىلىرىدە جىياۋ يۈيلۇچە ياخشى كادىرلار مەدھىيىلەنگەن ؛ يەنە بەزىلىرىدە ئۆتكۈر بەدىئىي ۋاستىلەر ئارقىلىق جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن سەلبىي ئەھمىيەتسىزلىشىپ تۇرغان ناچار ئۆرپ ـ ئادەتلەر رەھىمسىز تەنقىد قىلىنغان . خىلمۇ خىل ژانىرلاردىكى بۇ تىياتىرلار ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاسىتىسى ، ماھارىتى ۋە ئۇسلۇبى جەھەتلەردىكى ئۆزگىچىلىكى بىلەن شىنجاڭنىڭ تىياتىر سەھنىسىدە بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىۋاتقان ، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراۋاتقان گۈللەپ ـ ياشناش مەنزىرىسى بارلىققا كېلىۋاتقانلىقىنى نامايان قىلدى .

مېنىڭچە ، بۇ تىياتىرلار مۇنداق بىر قانچە ئالاھىدىلىككە ئىگە .

**بىرىنچى ، كۈچلۈك ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامى ـــ مىلودىيىسىنى گەۋدىلەندۈرگەن .**

يولداش جياڭ زېمىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلىگەن:

« جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ماركسىزم ـ لېنىنىزم ، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىشى كېرەك ، يېتەكچى ئىدىيىنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈشكە بولمايدۇ . . . » ، « ئېسىل مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش ،

شۇنداقلا، سوتسىيالىستىك دەۋر روھىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك»، «بىز جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ بۇ ئاساسىي تەلەپلىرىنى پۇختا ئىگىلەپ، پۈتۈن مىللەتنىڭ ئىدىيە، ئەخلاق ۋە پەن - مەدەنىيەت سۈپىتىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈشىمىز، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنى يۈكسەلدۈرۈشىمىز لازىم» دېگەن سۆزى، مېنىڭچە، بىزنىڭ ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى تىياتىر ئەسەرلىرىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئۆلچەمگە ئايلىنىشى كېرەك.

## ئىككىنچى، بۇ تىياتىرلار رېئال تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە، كۈچلۈك تۇرمۇش پۇرىقىغا ئىگە

يازغۇچى، سەنئەتكارلىرىمىز ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشتە، رېئال تۇرمۇشقا — سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى رېئال تۇرمۇشقا ئۈزلۈكسىز چوڭقۇر چۆكۈشتە، ئامما ئارىسىغا بېرىشتا، بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئىشلەۋاتقان ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ۋە زىيالىيلار ئارىسىغا بېرىشتا، ئەدەبىيات - سەنئەتنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئومۇمىيلىققا بويسۇندۇرۇشتا، دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامىنى پۇختا ئىگىلەپ، دەۋرنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن، ئامما ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى زور تېمىلارنى كۆپلەپ يېزىشتا، شىنجاڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مىللەتلەرنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش

ۋە ۋەتەن بىرلىكىنى قوغداشتىن ئىبارەت مۇھىم تېمىنى يېزىشتا چىڭ تۇرۇپ، تۇرمۇش قايىنىمىغا، زامانىۋىلاشتۇرۇش ئەمەلىيىتىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، تۇرمۇشنى بىلىش، تۇرمۇشنى تەھلىل قىلىش، ھادىسىدىن ئۆتۈپ شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئىگىلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن، دەۋرنىڭ ئاساسىي ئېقىمىنى روشەن ئەكس ئەتتۈرىدىغان، دەۋر روھىغا باي، تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك، مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغان، شۇڭا كۈچلۈك تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان.

### ئۈچىنچى، بۇ تىياتىرلاردا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىستېتىك قىزىقىشى نەزەردە تۇتۇلغان

خەلق، پەقەت خەلقلا تارىخنى يارىتىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ، شۇنداقلا سەنئەتنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى مۇنبەت تۇپراقتۇر، دېگەن سەنئەت قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىنىپ، ساغلام ئىدىيىۋى مەزمۇن بىلەن مۇكەممەل بەدىئىي شەكىل ئورگانىك بىر گەۋدە قىلىنغانلىقى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىستېتىك تەلىپى ـ زوقلىنىشى نەزەرگە ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن سەنئەتنىڭ بەدىئىي تەسىرچانلىقىنى ئاشۇرغان. شۇڭلاشقا، بۇ تىياتىرلار ئوينىلىشى بىلەنلا جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. تاماشىبىنلار سەنئەتتىن بەھر ئېلىپلا قالماي چوڭقۇر تەربىيە ئالدى، روھىي ئۇرغۇتتى. بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تىياتىر خادىملىرىنىڭ پارتىيە ۋە خەلققە غەلىبىلىك تاپشۇرغان ئىمتىھان قەغىزى! شۇنداقلا، دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 42 يىللىق بايرىمىغا قىلىنغان مول مەزمۇنلۇق سوۋغىسىدۇر.

قىسقىسى، بۇ قېتىمقى تىياتىر كۆرىكىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر ــ پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ

ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ سوتسىيالىستىك سەنئەت ئىشلىرىنىڭ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەنلىكىنى، بولۇپمۇ يېقىنقى ئىككى يىلدا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىدە يېڭى قەدەم تاشلىغانلىقىنى، ئويۇن قويۇش پائالىيىتى تېخىمۇ جانلانغانلىقىنى، تىياتىر قوشۇنى ئۈزلۈكسىز زورايغانلىقىنى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە «بىر تەرەپتىن تەرتىپكە سېلىش، بىر تەرەپتىن گۈللەندۈرۈش» فاڭجېنىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈشتىكى توغرا تەدبىر ئىكەنلىكىنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھالدا ئىسپاتلىدى.

بۇ قېتىمقى كۆرەك ئارقىلىق زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق. لېكىن پارتىيە ۋە خەلقنىڭ، دەۋرنىڭ تەلىپىگە يېتىشتىن تېخى يىراق، قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارغا سېلىشتۇرغاندا پەرق تېخى زور. نۆۋەتتە مەن شىنجاڭنىڭ تىياتىر سەنئىتىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىم، ئۈمىد ۋە تەلەپلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

شىنجاڭنىڭ تىياتىر سەنئىتىنى گۈللەندۈرۈش، ئېسىل مىللىي مەدەنىيەتنى جارى قىلدۇرۇشنى تەكىتلىگەندە، تىياتىر سەنئىتىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاساسىي ئامىللىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

بىرىنچى ئامىل، ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك بولغان سەھنە ئەسىرى يازغۇچىلار، رېژىسسورلار، تىياتىر ئارتىسلىرى، مۇزىكا ئىجادىيەتچىلىرى، سەھنە گۈزەل سەنئىتى خادىملىرى، سەنئەت تەشكىلاتچىلىرى قاتارلىق تىياتىر سەنئىتى بويىچە ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش؛ ئىككىنچى ئامىل، كۈچلۈك دەۋر روھىغا ۋە روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە، يۇقىرى

بەدىئىي سۇپەتكە ۋە تەسىرچانلىققا ئىگە بىر تۇركۇم بۆسۇش خاراكتېرىدىكى نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىش بىلۇچىنچى ئامىل، تىياتىر سەنئىتىنىڭ تاماشىبىنلىرىنى كەڭ كۆلەمدە جەلپ قىلىش.

## تىياتىر ساھەسىدىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى بايقاش، تەربىيىلەش يېتىشتۈرۈش توغرىسىدا

بىز بۇ قېتىمقى كۆرەك ئارقىلىق ھەر قايسى مىللەتلەردىن يېتىشىپ چىققان بىر تۇركۇم مۇنەۋۋەر سەھنە ئەسىرى يازغۇچىلىرى، رېژىسسورلار، ئارتىسلار، مۇزىكا ئىجادىيەتچىلىرى، ۋە سەھنە گۈزەل سەنئىتى خادىملىرىنى، بولۇپمۇ بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر، ياش، ئىختىساسلىق ئىجادىيەتچىلەرنى بايقىدۇق. بۇ ئىش كىشىنى ئىنتايىن خۇشال قىلىدۇ. لېكىن ھەر قايسى سەنئەت تۈرلىرىدە يەنىلا كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن تالانتلىق ئىجادىيەتچىلەر، ماھىر ئورۇندىغۇچىلار، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش، يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ئىگە سەنئەت تەشكىلاتچىلىرى تولىمۇ كەمچىل بولماقتا. كۆپلىگەن سەنئەت ئۆمەكلىرىدە كونىلار بىلەن يېڭىلارنىڭ ئورۇن ئالمىشىشى بىلەن كېلىپ چىققان ئۈزۈكچىلىك مەسىلىسى ھەل قىلىنغىنى يوق. شۇڭلاشقا، ھەرقايسى سەنئەت تۈرلىرىدىكى ياش ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش نۆۋەتتىكى ئىنتايىن جىددىي ۋەزىپىمىز بولۇپ قالدى. بىر ياشنىڭ ئىختىساسلىق سەنئەتكار بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىغا مەكتەپتىن سەنئەت ئۆمىكىگە ئون نەچچە يىل ۋاقىت كېتىدۇ. ئەگەر بىزدە ستراتېگىيىلىك نۇقتىئىينەزەر بولمىسا، بۇرنىمىزنىڭ ئۇچىدىكىنىلا كۆرۈپ ئون نەچچە يىلدىن كېيىنكى رەھىمسىز رېئاللىقنى كۆرمىسەك، بىزنىڭ سەنئەت ساھەسىدىكى تارىخىمىز جەزمەن ئاق قالىدۇ، ۋاقتى كەلگەندە بۇ



www.uyghurkitap.com

ئىشنى قايتا تۇتقان بىلەن تارتقان زىيانىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. ياش، ئىختىساسلىق سەنئەتچىلەر سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ كېلەچىكى، ئۈمىدى ۋە ۋارىسى. بىز سەنئەت تەربىيىسىنى زور كۈچ سەرپ قىلىپ ياخشى يولغا قويۇشىمىز، كۆپ خىل تۈر، كۆپ خىل قاتلام، كۆپ خىل يول، كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق ياش، ئىختىساسلىق سەنئەتچىلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلارنى سەنئەت ئەمەلىيىتىدە تەربىيىلەشكە ئىخچىمۇ ئەھمىيەت بېرىشىمىز. ئۇلارغا ھەرخىل كۆرەكلەرگە قاتنىشىپ ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىش پۇرسىتىنى يارىتىپ بېرىپ، تېزرەك تالانتىنى نامايان قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز لازىم. مەن كېلەر قېتىملىق تىياتىر كۆرىكى ئۆتكۈزۈلگەندە، ئىخچىمۇ كۆپ ياش، مۇنەۋۋەر سەھنە ئەسىرى يازغۇچىلىرى، رېژىسسورلار، مۇزىكا ئىجادىيەتچىلىرى، ئارتىسلار، سەھنە گۈزەل سەنئىتى خادىملىرىنىڭ يېتىشىپ چىقىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن. ياش، ئىختىساسلىق سەنئەت خادىملىرىنى ئەلۋەتتە قاتتىق سەنئەت مەشقى ئەمەلىيىتى ئارقىلىق چېنىقتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلاردا ماركسىزملىق دۇنيا قاراش ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، خەلقئارا ۋەزىيەتتە مەيلى قانداق ئۆزگىرىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مۇرەككەپ ۋەزىيەت ئالدىدا پرولېتارىيات مەيدانىدا تەۋرەنمەي چىڭ تۇرىدىغان، كوممۇنىزملىق ئېتىقادتىن تەۋرەنمەيدىغان غايىلىك، ئەخلاقلىق ئەۋلادلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈشىمىز، سەنئەت ساھەسىنى تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش فاڭجېنىدا تەۋرەنمەي چىڭ تۇرىدىغان تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى پولات ئىستىھكام قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك.

## كۈچلۈك دەۋر روھىغا، روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە، يۇقىرى بەدىئىي سۈپەتكە ۋە تەسىرچانلىققا ئىگە بىر تۈركۈم بۆسۈش خاراكتېرلىك ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىش توغرىسىدا

1989 ـ يىلى ئەتىياز بىلەن ياز ئارىلىقىدىكى تيەنئەنمېندە يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنىڭ ئاچچىق ساۋاقلىرى، خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىدىكى جىددىي ئۆزگىرىشلەر گىچە بولغان ئەھۋاللار سوتسىيالىزم يۈنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى بوشاشماي ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ـ تەخىرسىزلىكىنى چۈشەندۈردى. بۇ، ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى، دۆلىتىمىز ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئاچقۇچلۇق مەسىلە. بۇ، دەۋرىمىزدىكى ئاساسىي تېما بولۇپ قالدى. بۇ ھال ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلىرىنىڭ ئالدىغا بايرىقى روشەن ھالدا سوتسىيالىزم مەيدانىدا تەۋرەنمەستىن چىڭ تۇرۇش، تېمىنى كۆپ خىللاشتۇرۇش ۋە دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامىدىكى ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدىن ئىبارەت دەۋرنىڭ بۇ باش تېمىسىنى دەل ۋاقتىدا كۈچلۈك ھالدا ئىپادىلەش، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى ئارقىلىق خەلقنى تەربىيىلەش، خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، خەلق ئاممىسىنىڭ سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ئىشەنچ ـ ئىرادىسىنى كۈچەيتىش، بۇرژۇئازىيىنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش سۇيىقەستىگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت جىددىي تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ، نۆۋەتتىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى،

شۇنداقلا ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت تارماقلىرىدىكى رەھبەرلەرنىڭ ھەرگىزمۇ سەل قاراشقا ۋە ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى .

بۇ تەلەپكە يېتىش ئۈچۈن ، مۇنداق بىر قانچە جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش لازىم . بىرىنچىدىن ، ئالدى بىلەن تېخىمۇ كۆپلىگەن كىشىلەرنى بۇ خىزمەتكە قاتنىشىشقا جەلپ قىلىپ ۋە تەشكىللەپ ، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئىپادىلىگەندە ، تېما جەھەتتىكى كۆپ خىل بولۇش بىلەن دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامىدىكى ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىش مەسىلىسى ئۈستىدە ئەستايىدىل مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش لازىم . ئىككىنچىدىن ، نەزەرىيە ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ ، ئىدىيىنى دادىل ئازاد قىلىپ ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئوڭچىل ۋە سولچىل خاھىشلارنىڭ سەلبىي تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ ، ئىدىيە ـ نەزەرىيە ساھەسىدە پەيدا بولغان تۈرلۈك قالايمىقانچىلىقلار ۋە ھەق ـ ناھەق مەسىلىلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك . توغرا دۇنيا قاراش ، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى مۇستەھكەم ھالدا تۇرغۇزۇش كېرەك . ئۈچىنچىدىن ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈشتە چىڭ تۇرۇپ ، خەلق ئاممىسى بىلەن جاپادا ، ھالاۋەتتە بىرگە بولۇش ، دەۋر تومۇرىنىڭ سوقۇشىغا ماسلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك . تۆتىنچىدىن ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە دەۋرنى توغرا تونۇشتا ، دەۋرنى توغرا ئىپادىلەشتە چىڭ تۇرۇش لازىم . بۇ جەھەتتە ، ئىنقىلابىي رېئالىزم بىلەن ئىنقىلابىي رومانتىزمنى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى تەشەببۇس قىلىش لازىم . گەرچە بۇ ئىجادىيەت ئۇسۇلى بىردىنبىر ئىجادىيەت ئۇسۇلى

بولمىسمۇ، لېكىن ئۇ ماركسىزملىق دۇنيا قاراشنىڭ يېتەكچىلىكىدە، تۇرمۇشنى تارىخي چىنلىقنى ئاساس قىلىش ئارقىلىق ئەكس ئەتتۇرىدۇ. شۇڭا ئۇ، ماركسىزملىق دۇنيا قاراش بويىچە تۇرمۇشنى كۆزىتىش ۋە تۇرمۇشنى ئىپادىلەشكە پايدىلىق، خەلقنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇش، خەلقنى تەربىيىلەش، خەلققە ئىلھام بېرىشكە پايدىلىق، بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان ئېسىل ئەسەرلەر ئىجاد قىلىندى. بۇ ئۇسۇلنى قوللانغاندا، جەزمەن تېخىمۇ كۆپلىگەن نادىر ئەسەرلەر مەيدانغا كېلىدۇ. بەشىنچىدىن، «ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، سوتسيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە روھنى ئۇرغۇتۇش، ئىدىيىنى ئازاد قىلىش كېرەك. سەنئەتكارلار سوتسيالىزمدا چىڭ تۇرۇپ، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئىپادىلەشكە جۈرئەتلىك بولۇشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ كۈرەشنى ئىپادىلىگەندە، بەدىئي جەھەتتە چېتىلىش ئېھتىمالى بولغان مەسىلىلەرنى توغرا ۋە ياخشى بىر تەرەپ قىلىش لازىم. ئالايلۇق، مەدھىيىلەش بىلەن ئاشكارىلاشنىڭ مۇناسىۋىتى، ئىجابىي تەرەپ بىلەن سەلبىي تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى، ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش بىلەن چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتى، ئىچكى جەھەت بىلەن تاشقى جەھەتنىڭ مۇناسىۋىتى، ۋەھاكازالار.

سەنئەت ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ھەربىر دەۋر شۇ دەۋر بىلەن ھەمنەپەس ۋە تەقدىرداش بولغان ئۇلۇغ يازغۇچىلارنى مەيدانغا چىقىرىدۇ، شۇنداقلا، شۇ دەۋرنى يورۇتۇپ تۇرىدىغان ئۆلمەس ئەسەرلەرنىمۇ مەيدانغا چىقىرىدۇ. بۈگۈن بىزنىڭ بۇ ئۇلۇغ دەۋرىمىز سەنئەتكارلارغا كۆپلىگەن تەلەپلەرنى قويىدۇ.

شۇنىڭغا ئىشەنچىمىز كامىلكى، پەقەت بىز روھىمىزنى ئۆزگۈتكەندىلا بولساق، ئۇلۇغ يازغۇچى، سەنئەتكارلار، ئۇلۇغ ئەسەرلەر جەزمەن بارلىققا كېلىدۇ.

## تىياتىر سەنئىتىنىڭ تاماشىبىنلىرىنى جەلپ قىلىش توغرىسىدا

تاماشىبىنلار — تىياتىر سەنئىتىمىزنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا تايىنىدىغان تۇپراق، خەلق ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئانىسى. بىز ھەر مىللەت تاماشىبىنلىرىنىڭ ئېستېتىك زوقىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىشىمىز، شۇنداقلا، تاماشىبىنلار ئارقىلىق ئۇلار ياقتۇرىدىغان بەدىئىي شەكىللەرنى تېپىپ چىقىپ، ئۆزىمىزنىڭ يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك ئويۇنلىرىمىز بىلەن تاماشىبىنلارنى جەلپ قىلىشىمىز لازىم. بۇ ئارقىلىق تاماشىبىنلار سېپىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىش مەقسىتىگە يېتىش ئاساسىدا، تىياتىرچىلىق ئىشلىرىنى قىزغىن سۆيىدىغان ۋە كۆڭۈل بۆلىدىغان بىر ئەۋلاد تاماشىبىنلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشىمىز كېرەك.

بۇ يەردە مەن يەنە بىر قېتىم شۇنى تەكىتلىمەكچىمەنكى، نەزەرىيە ئۆگىنىشى ۋە تەتقىقاتىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈش لازىم، يەنى سەنئەت خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىش لازىم. جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىشى كېرەك. يېتەكچى ئىدىيىنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈشكە بولمايدۇ. سەنئەتچىلەر، بولۇپمۇ پارتىيىلىك سەنئەتچىلەر ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئۆگىنىشى، ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ مەيدانى، نۇقتىئىنەزەرى، ئۇسۇلىنى قوللىنىپ مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىشى ۋە ھەل قىلىشى كېرەك.

سەنئەتچىلىرىمىز جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش يولىدا رولىنى توغرا جارى قىلدۇرۇشى ، كەلگۈسىدە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ۋەزىيەت ئۆزگىرىشى داۋامىدا يۆنىلىشتىن ئادىشىپ قالماسلىقى ، سىناقتا ھەقىقىي بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بولۇشى لازىم . بۇنىڭ ئۈچۈن ماركسىزم ـ لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى تېخىمۇ ئەستايىدىل ، ياخشى ئۆگىنىشى كېرەك .

سەنئەتكارلارنىڭ ئىجادىيەت پائالىيىتى نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ ، نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكى بولۇشى ، يەنى يۆنىلىشنى توغرىلاش مەسىلىسى ھەل قىلىنىشى لازىم . قايسىلىرى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق ، قايسىلىرى پايدىسىز ، نېمىلەرنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك ، نېمىلەرگە قارشى تۇرۇش كېرەك ، بۇ مەسىلىلەردە سەنئەتكارلارنىڭ ئىجادىيىتىدە مەلۇم تاللاش بولىدۇ . ئەگەر بەلگىلىك سەۋىيىدىكى نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكى بولمايدىكەن ، خاتالىق يۈز بېرىدۇ . بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭ ئاچچىق ساۋاقلىرى بىزگە شۇنى تونۇتتىكى ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ، ماركسىزم ـ لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇش ، پارتىيىنىڭ مۇكەممەل بولغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش ، يېتەكچى ئىدىيىنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭ خەۋپىدىن قاتتىق ھوشيار بولۇش ، خاتا ، ئەكسىيەتچى نۇقتىئىنەزەرلەرنى تەنقىد قىلىش كېرەك . شۇنداق قىلغاندىلا ، ئاندىن ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزنىڭ يۆنىلىشتىن چەتنەپ كەتمەسلىكىگە ، ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزنىڭ ساغلام يۆنىلىشنى بويلاپ راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ . نۆۋەتتە ،

يولداش جياڭ زېمىنىنىڭ بۇ يىلقى يۇەنشياۋ بايرىمىدا ۋە « 1 ـ ئىيۇل » دا سۆزلىگەن سۆزلىرىنى، لۇشۇن توغۇلغانلىقىنىڭ 110 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، ئىجادىيەت تېمىلىرىنى كۆپ خىللاشتۇرۇش ۋە دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامىدىكى ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ بېيىتىشتا داۋاملىق چىڭ تۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بايرىقىمىز روشەن هالدا تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئۆز ۋاقتىدا دەل ۋە كۈچلۈك هالدا ئىپادىلىشىمىز، خەلقنى سەگەكلەشتۈرۈپ سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا بولغان ئىشەنچىنى مۇستەهكەملىشىمىز لازىم.

بىز پەقەت يۇقىرىدىكى بىر قانچە جەهەتتە بوشاشماستىن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغانلا بولساق، شىنجاڭنىڭ تىياتىرچىلىق ئىشلىرىدا تېخىمۇ گۈللەپ ـ ياشناش ۋەزىيىتى بارلىققا كېلىدۇ! يېقىندا شىنجاڭنىڭ تىياتىرچىلىق ئىشلىرىدا ياخشى باشلىنىش مەيدانغا كەلدى. مەسىلەن، بۇ يىل 1 ـ ئايدا ئۈرۈمچى شەهەرلىك جىڭجۇ تىياتىر ئۆمىكىنىڭ « غەربىي رايون ئاسمىنىدىكى هەسەن ـ هۈسەن » ناملىق تىياتىرى ئەنخۇي تىياتىرىنىڭ بېيجىڭغا كىرگەنلىكىنىڭ 200 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن ئويۇن قويۇش پائالىيىتىگە قاتناشتۇرۇلدى. 6 ـ ئايدا شىنجاڭ قۇتۇبى چۈيزى تىياتىر ئۆمىكىنىڭ « قۇدىلارنىڭ كۆرۈشۈشى » ناملىق چۈيزى تىياتىرى ياڭجۇدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەت بويىچە هازىرقى زامان تىياتىرلىرى كۆرىكىگە قاتناشتۇرۇلۇپ تۆت تۈردە مۇكاپاتلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىلى ئوبلاستلىق دراما ئۆمىكىنىڭ « قاراڭغۇلۇق ئىچىدىكى كومېدىيە » ناملىق تراگكومېدىيىسى شىئەندە ئۆتكۈزۈلگەن غەربىي شىمال رايونىنىڭ « غالىبىيەت لوڭقىسى » بويىچە دراما بايرىمىغا

قاتناشتى ھەمدە 14 تۈرلۈك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇ يىل 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايونلۇق دراما ئۆمىكىنىڭ «مەلىكە جىيې يۈي» ناملىق درامىسى مەملىكەت بويىچە دراما ئالماشتۇرۇش يۈزىسىدىن بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئويۇن قويۇش پائالىيىتىگە قاتناشتۇرۇلىدۇ. سەھنە ئەسەرلىرىمىزنىڭ مۇشۇنداق رايون خاراكتېرلىك ۋە مەملىكەت خاراكتېرلىك تىياتىر كۆرەكلىرىگە قاتنىشالىغانلىقىنىڭ ئۆزى شىنجاڭنىڭ تىياتىرچىلىق ئىشلىرىغا قارىتا ئىلھام، تۈرتكە ۋە مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن بىز داۋاملىق تىرىشىشىمىز، جاسارەت بىلەن ئىلىشىشىمىز لازىم.

1991 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى تاربىسى

# ئاممىۋى مەدەنىيەتنى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدا گۈللەندۈرەيلى!

## بىرىنچى، ئاممىۋى مەدەنىيەت تەتقىقاتىدىكى يېڭى يۈكسەكلىك

ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىسلاھاتى ۋە قۇرۇلۇشى ئۈستىدىكى نەزەرىيە تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش — ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدە لىنىيە ئالماشتۇرۇش داۋامىدا گەۋدىلىنىپ چىققان يېڭى تېما، بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش داۋامىدىكى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىيىتى نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىگە جىددىي موھتاج بولغانلىقتىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلە، «مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى شەھەر - يېزا ئاساسىي قاتلاملارغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش» نىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى، ئاممىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئىلمىيلىشىش، سىستېمىلىشىش، قېلىپلىشىش، زامانىۋىلىشىش يۆنىلىشىگە قاراپ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ زۆرۈر نەزەرىيە تەييارلىقى.

يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا تۇرغان ئاممىۋى مەدەنىيەت نەزەرىيە تەتقىقاتى ئادەتتىكى ئىلىم - پەندىكى ئاساسىي نەزەرىيە تەتقىقاتىغىمۇ، ئادەتتىكى قانۇنىيەتلەرگە ئىگە ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان نەزەرىيە تەتقىقاتىغىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئۇ تامامەن يېڭى، تېخىمۇ چوڭقۇر يۈكسەكلىككە ئىگە، يەنى: ئۇ دېڭشياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسىنى ئۆزىگە يېتەكچى قىلىپ، ھەم ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىشلىرى قۇرۇلۇشى دۇچ كېلىۋاتقان يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل

قىلىشنى ، ھەم ئامموۋى مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئۇزاققىچە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئىستىقبالى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىدۇ؛ ئامموۋى مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئىسلاھاتنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ، ئۇنىڭدا جەزمەن كۈنلۈكنى تاشلاپ ، يېڭىلىق يارىتىشنىڭ مۇقەررەرلىكىنى ئېچىپ بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ . ئامموۋى مەدەنىيەت ئىشلىرى ئىسلاھاتى ۋە قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى يولىنى ، يېڭى نىشانىسىنى ئېچىپ بېرىپ ، رېئاللىق بىلەن يىراق كەلگۈسىنى بىرلەشتۈرۈش ، نەق پاكىتلار بىلەن يىراقنى كۆرۈشنى بىرلەشتۈرۈش ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشكىمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ .

دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسى يېڭى دەۋردىكى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ يۆنىلىشىنى ، يەنى مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بەردى . ئۇ ئىسلاھاتنىڭ مەملىكىتىمىزدىكى تۈرلۈك ئىشلارنىڭ توپ چىقىش يولى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ ، « ئىسلاھ قىلمىغاندا چىقىش يولى بولمايدۇ » ، « ئىسلاھات ئومۇميۈزلۈك بولۇشى ، جۈملىدىن ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ، شۇنداقلا شۇنىڭغا مۇناسىپ كېلىدىغان ھەر قايسى ساھەلەردىكى ئىسلاھاتنى ئۆز ئۆستىگە ئېلىش لازىم » دەپ تەكىتلەپ كۆرسەتتى . بۇ بىزگە مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى قەتئىي ئېلىپ بېرىشنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىت ئاستىدا ، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئىشلىرى قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى ئىكەنلىكىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بەردى . 14 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سىياسىي دوكلاتىدا

ۋە 14 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ « قارار » ىدا « مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش » ۋەزىپىسى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى . بۇ ئەلۋەتتە ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىشلىرى ئىسلاھاتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

بىزنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ، ئىشكنى ئېچىۋېتىش يولىغا قويۇلۇۋاتقان نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتە ئاممىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئىسلاھاتى ۋە قۇرۇلۇشى ئۈستىدە تەتقىق ئېلىپ بېرىشىمىز بىلەن ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىشنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى يۈنىلىش ۋە نىشان جەھەتتە بىردەك . بۇ بىزنىڭ بىرلىشىش ئۇقتىسىنى ئېنىق تونۇۋېلىشىمىزغا ، كېيىش ئېغىزىنى تېپىۋېلىشىمىزغا ، مەۋقەنى ئايدىڭلاشتۇرۇشىمىزغا پايدىلىق ، بىرلىشىش ئۇقتىسىنى ئېنىق تونۇۋېلىش دېگەنلىك ــ ئاممىۋى مەدەنىيەت نەزەرىيە تەتقىقاتىدا ھەم ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىلمىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىدە ۋە ئەنئەنىسىدە چىڭ تۇرۇش ، ھەم دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا يېتىشىۋېلىش ، كەسپىي ئىشلارنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ، ئىسلاھاتتا كۆزلىگەن مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتەك يۆنىلىش ۋە نىشانى تۇپتىن تۇرغۇزۇپ ، مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى بىلەن ئىقتىسادىي ، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئىچكى باغلىنىشى يۈكسەكلىكىدە ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ، يېڭى ئەھۋاللارنى ئىگىلەش ، يېڭى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش ، يېڭى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ، يېڭى تېمىلارغا جاۋاب بېرىشنى ئۆگىنىۋېلىش دېگەنلىك . كېيىش ئېغىزىنى تېپىۋېلىش دېگەنلىك ــ ئىقتىسادىي

تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىقتىسادىي تۇرمۇشقا ۋە ئۈستقۇرۇلمىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە كۆرسەتكەن چوڭقۇر تەسىرىنى توغرا تونۇش؛ شۇنداقلا يەنە مەدەنىيەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكىنىمۇ ئومۇميۈزلۈك تونۇپ، مەدەنىيەت ئىسلاھاتى بىلەن قۇرۇلۇشنى بازار ئىگىلىكىنىڭ يېڭى تەلىپىگە تىرىشىپ ماسلاشتۇرۇشنىڭ كېسىش ئېغىزىنى تېپىپ، ئۇنى ئىسلاھات ئومۇمىي ۋەزىيىتىنىڭ بىر ئورگانىك قىسمىغا ئايلاندۇرۇپ، ساغلام، ئوڭۇشلۇق راۋاجلاندۇرۇش دېگەنلىك؛ مەۋقەنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش دېگەنلىك — تولىمۇ مۇرەككەپ بولغان ئىسلاھات ئەمەلىيىتىدە ۋە ئىزلىنىش داۋامىدا، مەۋقەنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇپ، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئىسلاھاتنىڭ خاراكتېرى، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا قارىتىپ ئوتتۇرىغا قويغان «ئۈچكە پايدىلىق بولۇش» تىن ئىبارەت ھۆكۈم قىلىش ئۆلچىمىنى باشتىن - ئاخىرغىچە تەتبىق قىلىش ھەم ئۇنى ئاممىۋى مەدەنىيەت تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىشىمىزنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى قىلىش، تەشكىلات، كادىر ئىشلىرى، راسخوت ئورۇنلاشتۇرۇش، كىرىمنى تەقسىم قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك تۈزۈم ئىسلاھاتىدا ۋە ئورگان، مۇئەسسەسە، قوشۇن، باشقۇرۇش، قۇرۇلۇش جەھەتلەردە ئاممىۋى مەدەنىيەت تەتقىقاتىدىكى فاكچېن، پرىنسىپلارنىڭ مۇستەھكەملىكىدە چىڭ تۇرۇش، ئاممىۋى مەدەنىيەت تەتقىقاتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئىلمىيلىكنى ساقلاش، ئاممىۋى مەدەنىيەت تەتقىقاتىنىڭ ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىشتىكى ئالدىن يېتەكچىلىك قىلىش خۇسۇسىيىتىگە دىققەت قىلىش ئارقىلىق، نەزەرىيە قۇرۇلۇشنى

باشتىن ـ ئاخىرغىچە ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت مۇشۇ تۈپ نۇقتىنى ئاساس قىلىدىغان قىلىش كېرەك دېگەنلىك.

ئاممىۋى مەدەنىيەت تەتقىقاتىنى مانا شۇنداق نەزەرىيىۋى يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرغان، چوڭقۇرلاشتۇرغاندىلا، ئاندىن توغرا پىكىر قىلىش ئۇسۇلىغا ۋە قىممەت قارىشىغا ئىگە بولغىلى، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ خاراكتېرى ۋە «ئېچىلىش، سايراش» يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرغىلى، نەزەرىيە تەتقىقاتىمىزنى تېخىمۇ ئەمەلىي ئۈنۈم بېرىدىغان، رېئاللىققا تېخىمۇ ئوبدان يېتەكچىلىك قىلالايدىغان قىلغىلى ۋە ئۇزۇنغىچە يېتەكچىلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

## ئىككىنچى، ئاممىۋى مەدەنىيەت نەزەرىيىسىنىڭ يېڭى تەرەققىياتى

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاممىۋى مەدەنىيەت نەزەرىيە تەتقىقاتى ھازىرلا پەيدا بولۇپ قالغان ئىش ئەمەس، بەلكى رايونىمىزدىكى ئاممىۋى مەدەنىيەت كەسپىي ئورۇنلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ئۈستىدىكى، ئىزدىنىش ۋە ئۇنىڭ ئەمەلىيىتىگە يانداشقان ھالدا ئېلىپ بېرىلدى. 1991 ـ يىلى كۆنەستە چاقىرىلغان ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىشلىرى ئىسلاھاتى ۋە قۇرۇلۇشى ئۈستىدىكى مۇھاكىمە يىغىنى، 1994 ـ يىلى سانجى، شىخەنزە، قارامايلاردا چاقىرىلغان ئاممىۋى كۇتۇپخانىلارنىڭ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش تەجرىبىلىرى ئالماشتۇرۇش نەق مەيدان يىغىنى ھەم بۇ قېتىمقى مۇھاكىمە يىغىنلىرىنىڭ ھەممىسى يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيانقى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت كەسپىي ئورۇنلىرى ۋە ئاممىۋى كۇتۇپخانىلاردا ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاھات ئەمەلىيىتىنىڭ سىستېمىلىق يەكۈنى، شۇنداقلا ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىشلىرىنى

يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا راۋاجلاندۇرۇش نۇقتىسىدە ئېلىپ بېرىلغان نەزەرىيىۋى ئىزلىنىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىسلاھاتى ۋە قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە سەل قارىغىلى بولمايدىغان رول ئوينىدى . زور بىر تۈركۈم تەتقىقات نەتىجىلىرى بىزنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت نەزەرىيىسى تەرەققىياتىمىزدا يېڭى ئىلگىرىلەش بولغانلىقىنى نامايان قىلىپ ، بىزگە يېڭى ئىلھام بەخش ئەتتى .

مەدەنىيەتنىڭمۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ئىكەنلىكى توغرىسىدا . ماركسىزمنىڭ مەدەنىيەت ئىنسانلارنىڭ « مەقسەتلىك ھەرىكىتى » ۋە « ئەمگىكى » نىڭ « سىرتقا كېڭىيىشى » ۋە « ئوبيېكتىپلاشتۇرۇلۇشى » ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى دىئالېكتىكىسى ، تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىينەزەرىنى تەتبىق قىلىپ ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ھەرىكىتىنىڭ مۇئەييەن ئىجتىمائىي ھالىتىنى ئۆزگە ۋاستە قىلىدىغانلىقىنى ، بولۇپمۇ مۇئەييەن مەدەنىيەتنى ئىگىلىگەن ئادەمنى ۋاستە قىلىدىغانلىقىنى تونۇش ؛ مۇئەييەن ئىجتىمائىي شارائىت ئاستىدا ، مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسى ۋە ئەمگەكچىلەر ساپاسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى ئوخشاش بولغان ماددىي ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدا ئوخشاش بولمىغان مەھسۇلات ۋە ئۈنۈم پەيدا قىلىدىغانلىقىنى تونۇش ؛ « مەدەنىيەت كۈچى » نىڭ ئەمەلىيەتتە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش داۋامىدا بىۋاستە ئۈنۈم بېرىدىغانلىقى ۋە غايەت زور يوشۇرۇن كۈچى بارلىقىنى تونۇش لازىم . ئاممىۋى مەدەنىيەتنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا خىزمەت قىلدۇرۇش جەھەتتە كۆپ ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ .

ئاممۇۋى مەدەنىيەت ئىشلىرى دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىقلار ۋە پۈرسەت توغرىسىدا. ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدە لىنىيە ئالماشتۇرۇش داۋامىدا، ئاممۇۋى مەدەنىيەت ۋە كۇتۇپخانىچىلىق ئىشلىرى نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلمەكتە. مەسىلەن، دۆلەتتىن ئاجرىتىپ بېرىلىدىغان راسخوت يېتىشمەيۋاتىدۇ، بەزىلىرى « ئۆزۈقى ئۆكسۈپ قېلىش »، « ئەمچەكتىن ئايرىۋېتىش » خەۋپىگە دۇچ كەلمەكتە؛ مۇئەسسەسە، ئۈسكۈنىلەر ئاز، كەمچىل، ناچار، ئاددىي بولغاچقا، بازاردىكى ئالى دەرىجىلىك كۆڭۈل ئېچىش مەدەنىيىتى بىلەن رىقابەتلىشىش تەس بولماقتا؛ ۋاسىتە ـ ئۇسۇللار قالاق بولغاچقا، ئىلغار بولغان ئاممۇۋى يەتكۈزۈش، تارقىتىش ۋاسىتىلىرىگە تاقابىل تۇرۇش تەس بولماقتا ۋە ھاكازالار. ئەمما، بازار ئىگىلىكى ئاممۇۋى مەدەنىيەت ۋە كۇتۇپخانىچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا پۈرسەتمۇ ئېلىپ كەلدى: سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى بىر ـ بىرىگە ماس ھالدا راۋاجلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلماقتا، مەدەنىيەتنىڭ ئەقىل كۈچى جەھەتتىن يار ـ يۆلەكتە بولۇشىنى ۋە مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بىلەن تەمىنلىشىنى مۇراجىئەت قىلماقتا، شۇنداقلا مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ كۈنسايىن ئوبدان شارائىت ۋە مۇھىت يارىتىپ بەرمەكتە؛ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە بازار ئىگىلىكى قۇرۇلمىسى دۆلەت باشقۇرغان مەدەنىيەتنىڭ كۆپ خىل يول، كۆپ خىل شەكىللەر بىلەن ئورتاق بەرپا قىلىش يولىدا مېڭىشى ئۈچۈن يېڭى زېمىن ئېچىپ بەردى، ئاممۇۋى مەدەنىيەتنىڭ بازار رىقابىتىگە قاتنىشىشى ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ، سەرخىل ئەسەرلەرنىڭ، ئۈنۈمىنىڭ يارىتىلىشىغا پايدىلىق بولماقتا.

ئاممۇۋى مەدەنىيەتتە لىنىيە ئالماشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭ تېپىنى

ئۆزگەرتىش توغرىسىدا ، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىشلىرى جەزمەن پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى ئاستىدا شەكىللەنگەن كونا ئەندىزىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئىسنىيە ئالماشتۇرۇش ، تېپىنى ئۆزگەرتىش يولىدا مېڭىشى لازىم . پىلانلىق ئىگىلىك تىپىنى پىلان بىلەن بازار بىرلەشتۈرۈلگەن تىپقا ئۆزگەرتىش : يەنى ئىقتىسادىي قانۇنىيەتكە ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىپ ، پىلاننى ، ئۆزگەرتىشنى ، قۇرۇشنى ۋەزىيەتكە ئاساسەن پايدىلىق تەرەپكە قاراپ يېتەكلەشنى ۋاستە قىلىپ ، ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىشلىرى ئۈستىدە قايتا ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىپ ، ماكرو جەھەتتىن كونترول قىلىشنى كۈچەيتىش ؛ ھەقسىز مۇلازىمەت تىپىنى ھەقلىق ـ ھەقسىز مۇلازىمەتنى بىرلەشتۈرۈش تىپىغا ئۆزگەرتىش ؛ يەنى ، دۆلەت باشقۇرغان مەدەنىيەتنىڭ جامائەت پاراۋانلىقى خاراكتېرىدا چىڭ تۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ئۆزىمىزنىڭ مۇئەسسەسە، ئۈسكۈنە ، ئىختىساس ئىگىلىرى ، ماھارەت ، سەنئەت قاتارلىق مەلۇم جەھەتلەردىكى ئارتۇقچىلىقىمىزنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن جارى قىلدۇرۇپ ، مەدەنىيەتنى تولۇقلاش پائالىيىتىنى ، تىجارەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ ، مەدەنىيەت ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىپ ، ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا ، قانۇنلۇق ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈش ؛ چاقىرىش ، تەشكىللەش تىپىنى مۇلازىمەتچىلىك قىلىش ، يېتەكچىلىك قىلىش تىپىغا ئۆزگەرتىش ؛ يەنى ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنى كۆپ مەركەزلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت يېڭى ۋەزىيەتكە ئۇيغۇنلىشىپ ، ئاساسىي يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ ، ساغلام ، ئاكتىپ مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ( گېنلىرىنى ) بازار مەدەنىيىتىگە سىڭدۈرۈپ ، ئىجتىمائىي رايونلار

مەدەنىيىتى، كارخانىلار مەدەنىيىتى، مەكتەپلەر مەدەنىيىتى، ھەربىي گازارمىلار مەدەنىيىتى بىلەن باغلىنىش نۇقتىلىرىنى كەڭ تۈردە بەرپا قىلىش ئارقىلىق شۇ جايلارغا بېرىپ مۇلازىمەت قىلىش، يېتەكچىلىك قىلىش يولى بىلەن نۇقتا ئارقىلىق ئومۇمىي دائىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، پۈتكۈل ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنى سۈپەت ۋە مىقداردىن ئىبارەت ئىككى جەھەتتە يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈش؛ يەككە پائالىيەت تىپىنى كۆپ خىل پائالىيەت تىپىغا ئۆزگەرتىش: يەنى ئاممىنىڭ بىلىمگە، باي بولۇشقا، گۈزەللىككە، يېڭىلىققا، كۆڭۈل ئېچىشقا ئىنتىلىش قاتارلىق تۈرلۈك تەرەپ ۋە قاتلاملاردىكى ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىپ، مۇلازىمەت فۇنكسىيىسى ۋە ۋاسىتىلىرىنى كېڭەيتىپ، ئاما ئۆزى قاتنىشىدىغان، ئۆز كۆڭلىنى ئۆزى خۇش قىلىدىغان، ئۆزىنى ئۆزى تەربىيىلەيدىغان كۆپ خىل شەكىللىك ئاممىۋى مەدەنىيەت زور سەھنىسىنى پائال تۈردە بەرپا قىلىش كېرەك.

ئاممىۋى مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ پۇت دەسسەپ تۇرۇش نۇقتىسى ۋە يۈكسىلىش نۇقتىسى توغرىسىدا، تەرەققىي قىلدۇرۇش — گۈللەندۈرۈشنىڭ شەرتى، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش — تەرەققىياتنىڭ ئۇلى. ئاممىۋى مەدەنىيەتنىڭ پۇت دەسسەپ تۇرۇش نۇقتىسى — ماسلىشىش، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، ئاممىۋى مەدەنىيەتنىڭ پۇت دەسسەپ تۇرۇش نۇقتىسى ( مەۋقەسى ) ئالدى بىلەن يېڭى ۋەزىيەتكە، يېڭى مۇھىتقا ماسلىشىپ، كەسپىي ئىشلارنىڭ ئۇلىنى مۇستەھكەملەش، كەسپىي قوشۇننى مۇستەھكەملەش ئارقىلىق ئۆز تەرەققىياتىمىزغا پايدىلىق بولغان مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش مۇھىتىنى يارىتىش بولۇشى لازىم. ماسلىشىش داۋامىدا ئۆزىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، روناق

www.uyghurkitap.com

تاپقۇزۇشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان نۇقتىنى تېپىپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىش، گۈللىنىشكە قاراپ يۈرۈش قىلىش لازىم. شەك ـ شۈبھىسىزكى، مەيلى ماسلىشىش مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ياكى تەرەققىيات، گۈللىنىش بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلاھات ئارقىلىقلا ۋۇجۇتقا چىقىدۇ. ئىسلاھات يولىدا تەۋرەنمەي ماڭغاندىلا ۋە ئىسلاھات داۋامىدا تەدرىجي ئالغا باسقاندىلا، ئاندىن جۇڭگونىڭ جۇشقۇنلۇقى ۋە ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

## ئۈچىنچى، ئامموۋى مەدەنىيەت ئىسلاھاتىنىڭ يېڭى نىشانى

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش جەھەتتىكى ئېھتىياجى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى تەلىپى، شۇنداقلا مەدەنىيەت ئورۇنلىرىنىڭ يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدىكى ئۆزىنى ئۆزى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئېھتىياجى مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى تېزلىتىش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئالدىغا يېڭى، تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويماقتا. مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا، نۆۋەتتە ئەڭ ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقىنى، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ، ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، مەۋقەنى ئەمەلىي ئۇل ئۈستىگە قويۇپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە مۇۋاپىق بولۇشنى ئاساسىي تەلەپ قىلغان ئېنىق ۋە قەتئىي ئىسلاھات نىشانىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۇرغۇزۇشتىن ئىبارەت. بۇ بىزنىڭ ئىدىيىنى، ئورۇنلاشتۇرۇشنى، ھەرىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىسلاھاتنىڭ ساغلام، ئوڭۇشلۇق راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىزدا ئىنتايىن زۆرۈر.

1) خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆزلۈكسىز ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش لازىم.

بازار ئىگىلىكى ۋەزىيىتى ئاستىدا، بىز ئاممىۋى مەدەنىيەتنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنى ۋە فۇنكسىيىلىك رولىغا بولغان تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆزلۈكسىز ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئەخلاقلىق، غايىلىك، ئىنتىزامچان مەدەنىيەتلىك يېڭى ئادەملەرنى يېتىشتۈرۈشنى باشتىن - ئاخىرغىچە ئىسلاھاتنىڭ توپ نىشانى ۋە خىزمەتنىڭ مۇھىم مەقسىتى قىلىشىمىز كېرەك.

نۆۋەتتە، مەملىكىتىمىز تېخى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ھازىرقى باسقۇچتىكى ئاساسىي ۋەزىپە يەنىلا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئۆزلۈكسىز ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش؛ ئەڭ ئالىي نىشان يەنىلا خەلق ئاممىسىنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ توپ مەقسىتى، ئەلۋەتتە يەنە ئاممىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى دەۋردىكى توپ ۋەزىپىسى.

ئاممىۋى مەدەنىيەت سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، شۇنداقلا يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدىكى ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئىچىدىكى كەڭ ئاممىۋىلىققا ۋە بىر قەدەر كۈچلۈك جەلپ قىلىش كۈچىگە، سىڭىپ كىرىش كۈچىگە ئىگە تارقىتىش، كېڭەيتىش شەكلى ۋە تۇشۇغۇچى جىسىم. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى ئاممىۋى مەدەنىيەت كەسپىي ئورۇنلىرىنىڭ ۋە ئاممىۋى كۇتۇپخانىلارنىڭ خاراكتېرى

ۋە ئاساسىي ۋەزىپىسى ئۆزگىرىپ كەتكىنى يوق . دۆلەت باشقۇرىدىغان جامائەت پاراۋانلىقى خاراكتېرلىك مەدەنىيەتنىڭ ئاساسىي يېتەكچىلىك رولىنى ۋە يېتەكچىلىك قىلىش رولىنى كۆرسىتىش ، تەشكىللەش فۇنكسىيىسىنى ، رولىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇپ ، پۈتكۈل ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ، ئامممىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ .

ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيانقى ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى :

ئاممىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئومۇمى خاراكتېر ئالغان بولۇش ، ئاممىۋى تۈس ئالغان بولۇش ، كۆپ خىل بولۇش ۋە كۆپچىلىك ئۆز كۆڭلىنى ئۆزى خۇش قىلىش خاراكتېرى بار بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ ، كەڭ ئاممىنى ، بولۇپمۇ ياشلار ، ئۆسمۈرلەرنى پائالىيەتكە قاتنىشىشقا كەڭ ۋە قىزغىن جەلپ قىلىپ ، ئۇلارنى ئۆز كۆڭلىنى ئۆزى خۇش قىلىش ، ئۆزىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش داۋامىدا ئۆزىنى ئۆزى تولۇقلاش ، ئۆزىنى ئۆزى تاكامۇللاشتۇرۇش ، ئۆزىنى ئۆزى تەربىيىلەش ، ئۆزلۈكىدىن تەربىيە قوبۇل قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ ؛

ئالىيجاناب ، مول مەزمۇنلۇق ، تۈرلۈك ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەش ۋە قانات يايدۇرۇش پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ فاڭجېن ـ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىشقا ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ، كوللېكتىۋىزم ۋە سوتسىيالىزم تەربىيىسىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ، مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشقا دائىر تۈرلۈك

www.uyghurkitap.com

ۋەزىپىلەرنى شەھەر، يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلاملارغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە پايدىلىق؛

ئاممىۋى مەدەنىيەتنىڭ سىڭىپ كىرىش جەھەتتىكى كۈچ ـ قۇدرىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئاساسىي قاتلامنىڭ ئىدىيىۋى ـ سىياسىي تەربىيىنى، پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە كېڭەيتىشنى، ئىجتىمائىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى، دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئارمىيە ـ خەلق ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق بولۇپ، بۇ ئارقىلىق كەڭ ئاممىنىڭ، بولۇپمۇ ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ ساپاسىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، غايىلىك، ئىنتىزامچان بىر ئەۋلاد يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىگە يەتكىلى بولىدۇ.

مانا بۇلار ئاممىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولغان، باشقا نەرسە ئورنىنى باسالمايدىغان رولى، شۇنداقلا ئاممىۋى مەدەنىيەتنىڭ يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا جانلانغانلىقى، گۈللەنگەنلىكىنىڭ ئاساسىي ئالامەتلىرى ھېسابلىنىدۇ.

2) جۇشقۇنلۇقا ۋە ھاياتىي كۈچكە تولغان ئىچكى باشقۇرۇش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش لازىم.

بازار ئىگىلىكىگە ماس كېلىدىغان، ئۆزىنىڭ خاراكتېرىگە ۋە ئاساسىي ۋەزىپىسىگە مۇۋاپىق بولغان، جۇشقۇنلۇقا ۋە ھاياتىي كۈچكە تولغان ئىچكى باشقۇرۇش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش — مەدەنىيەت كەسپىي ئورۇنلىرى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا يېتىدىغان ئاساسىي نىشاندىن ئىبارەت.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، مەدەنىيەت كەسپىي ئورۇنلىرىدا پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى

شارائىتتىدا شەكىللىنىپ قالغان باشقۇرۇش مېخانىزمىدىكى نۇرغۇن مۇۋاپىق كەلمەسلىك ۋە ئىللەتلەر پاش بولۇپ چىقتى، ئۇلار تەرەققىياتنى قاتتىق چەكلەپ قويغانلىقتىن جىددىي ئىسلاھ قىلىشقا موھتاج. يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيان، پۈتكۈل مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىدىن ئىبارەت بۇ ماكرو ئومۇمىلىق ئىچىدە، ئاممىۋى مەدەنىيەت كەسپىي ئورۇنلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ھەممىنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، بۇ جەھەتتە ئىنتايىن پايدىلىق ئىزدىنىشلەر ئېلىپ بېرىلدى. بۇنىڭ ئاساسىي يولى توغرا بولدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيى، شىخەنزە شەھەرلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيى، سانجى ئوبلاستلىق ئاممىۋى سەنئەت سارىيى، قەشقەر ۋىلايەتلىك كۇتۇپخانا، قاراماي شەھەرلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيى، يەكەن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى، فۇكاڭ شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتى قاتارلىق زور بىر تۈركۈم ئورۇنلارنىڭ ئىسلاھات ئەمەلىيىتى روشەن ئۈنۈمگە ئېرىشىپ، بىزنى ئىنتايىن قىممەتلىك تەجرىبە بىلەن تەمىنلىدى.

مەدەنىيەت كەسپىي ئورۇنلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ئاساسلىقى كادىر ئىشلىرى تۈزۈمى، تەقسىمات تۈزۈمى، راسخوت ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت مۇشۇ ئۈچ تۈرلۈك تۈزۈمنى دەۋر قىلغان ھالدا ئېلىپ بېرىلدى. ئىش ئىختىساس ئىگىلىرىنى باشقۇرۇشتىن، كادىر ئىشلىرى تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشتىن باشلىنىپ، ئاساسىي زىددىيەت چىڭ تۇتۇلدى. ئاممىۋى مەدەنىيەت كەسپىي ئورۇنلىرى ۋە ئاممىۋى كۇتۇپخانىلار ئومۇميۈزلۈك ھالدا بىر يۇرۇش مەسئۇل باشلىقنى خىزمەتكە تەكلىپ قىلىش تۈزۈمى، ئاساسىي باشلىق مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى، ھەممە خادىملارنى تەكلىپ بىلەن ئىشقا قويۇش تۈزۈمى ۋە ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى قاتارلىق ئىسلاھات

تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇپ ، ئىش ئورۇنلىرىنى ئىلمىي ھالدا تەسىس قىلىش ، ئىش ئورنىنى تاللاپ خىزمەت ئىشلەش ، سەرخىللىرى گۇرۇپپا بولۇپ ئۇيۇشۇش ، نىشانلىق باشقۇرۇش ، ئۆلچەمنى مىقدارلاشتۇرۇپ ، قاتتىق تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ، ياخشىلارنى مۇكاپاتلاپ ناچارلارنى جازالاش ، تەڭ تەقسىماتچىلىق « داشقازان » نى چىقىپ تاشلاپ ، كادىرلار ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى ئومۇميۈزلۈك قوزغاش مەقسىتىگە يەتتى ، ئىچكى قىسىمدا خىزمەتنى ھەممە ئادەم تالىشىپ ئىشلەيدىغان ، ساپاسىنى ئۆزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تىرىشىدىغان ، ئىختىساس ئىگىلىرى ئۆزلۈكسىز يېتىشىپ چىقىدىغان ، ئاساسىي كەسىپ كۈندىن ـ كۈنگە جۇشقۇن يۇقىرى ئۆرلەيدىغان سەرخىل كىچىك مۇھىت يارىتىلدى . تەقسىمات تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش ــ كادىر ئىشلىرى تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ كۈچلۈك يۆلەنچۈكى ، بۇ پۈتكۈل ئىسلاھاتنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ . نۆۋەتتە ، بەزى ئورۇنلار يولغا قويغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەتتىكى ئەمەلىي نەتىجىسىنى شەخسنىڭ مۇكاپات پۇلى ياكى قىسمەن لەيلىمە ( تۇراقسىز ) كىرىمى بىلەن باغلاش چارىسى ھەقىقەتەن كارغا كېلىپ روشەن ئۈنۈم بەردى ، بۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك ھەم مۇشۇ ئاساستا ئۇنى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈپ ، ياخشىلارنى مۇكاپاتلاپ ناچارلارنى جازالاش ، كۆپ ئىشلىگەنلەرگە كۆپ ھەق بېرىشتەك سوتسىيالىستىك قىممەت قارىشىنى ۋە تەقسىمات پرىنسىپىنى ھەقىقىي گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك . راسخوت ئورۇنلاشتۇرۇش بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە يەنىلا بىر قەدەر جىددىي بولىدۇ ، ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ۋە دۆلەتنىڭ كەسپىي

ئىشلار راسخوتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش جەمئىيەتتىكى سىياسەتنىڭ تەدرىجىي تەڭشىلىشىگە ئەگىشىپ ئەھۋالدا يەنە زور ئۆزگىرىش بولۇشى مۇمكىن. مەدەنىيەت كەسپىي ئورۇنلىرىدا بولۇپمۇ ئاممىۋى مەدەنىيەت كەسپىي ئورۇنلىرىدا ئىراقنى كۆرەرلىك، ھالدىن كۆرۈش دانالىقى بولۇشى، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى بولۇشى كېرەك. ئىسلاھات داۋامىدا ھەرىكەت مېخانىزمنى بازار ئىگىلىكى ئىزىغا سېلىش چارىسى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، تىجارەت مېخانىزمىنى كىرگۈزۈپ، راسخوت مەنبەسىنى كېڭەيتىپ، تەدرىجىي ھالدا ئۆزىنىڭ مۇقىم «قان ياساش» مېخانىزمنى بەرپا قىلىشى لازىم.

3) بازارغا يۈزلىنىپ مەدەنىيەت ئىگىلىكىنى پائال ئېچىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. بىز مەدەنىيەت ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسىگە يالغۇز ئاممىۋى مەدەنىيەت ئورۇنلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى راسخوت قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش نۇقتىسىدىنلا قاراپ، بولسىمۇ بولىدىغان، بولمىسىمۇ بولىدىغان ۋاقىتلىق تەدبىر قاتارىدا مۇئامىلە قىلماسلىقىمىز لازىم. شۇنى تونۇش لازىمكى، مەيلى دۆلەتنىڭ مەدەنىيەتنى ئۇچىنچى كەسىپ ساھەسىگە مەنسۇپ دەپ ئايرىغانلىقى جەھەتتىن ياكى مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ماددا ئىگىلىكى ۋە تاۋار خاراكتېرىگە ئىگە ئىكەنلىكى جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى مەدەنىيەت ئىشلەپچىقىرىشى ۋە مۇلازىمىتىنىڭ جەزمەن بازارغا كىرىشى ۋە بازار قانۇنىيىتى ۋە قىممەت قانۇنىنىڭ ئىلكىدە بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت رېئاللىق جەھەتتىن ياكى مەدەنىيەت ــ سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشىنى تەدرىجىي ھالدا ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش، كەسىپلەشتۈرۈش، مەھسۇلات ئىگىلىكىگە ئايلاندۇرۇش، زامانىۋىلاشتۇرۇش يۈزلىنىشى جەھەتتىن بولسۇن، مەدەنىيەت ئىگىلىكىنى پائال ئېچىش ۋە

راۋاجلاندۇرۇش مەدەنىيەت كەسپى ئورۇنلىرى ئىسلاھات داۋامىدا دۇچ كېلىۋاتقان مۇھىم ۋەزىپە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ئوتتۇرىغا قويغان مەدەنىيەت ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش نىشانى مۇنداق : يېقىنقى مەزگىللىك نىشان ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە مەملىكەت بويىچە تەدرىجىي ھالدا مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشى ۋە مەدەنىيەت كۆڭۈل ئېچىش مۇلازىمەت سىستېمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت ؛ بۇ سىستېما ئاساسلىقى كۆڭۈل ئېچىش كەسپى ، ئويۇن قويۇش كەسپى ، كىنو ، تېلېۋىزور كەسپى ، ئۈن ـ سىنئالغۇ كەسپى ، نەشرىياتچىلىق كەسپى ، ھۆججەت ـ ماتېرىيال ، ئۇچۇر كەسپى ، سەنئەت بويىچە تەربىيىلەش كەسپى ۋە باشقا مەدەنىيەت كەسپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . يىراق ، كەلگۈسى نىشان ، ئون يىل ۋاقىت ئىچىدە ، يەنى كېلەركى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مەملىكەت بويىچە مەدەنىيەت ، كۆڭۈل ئېچىش مۇلازىمىتى سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقىش ئىشىنى تاماملاش ، يەنى ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق بولۇش ، تۈر ـ خىللىرى تولۇق بولۇش ، مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ، تىجارەت قىلىش ۋە مەدەنىيەت مۇلازىمىتىنىڭ مەقسۇلات ئىگىلىكىگە ئايلىنىش ، ئىجتىمائىيلىشىش دەرىجىسى بىر قەدەر زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ، ئىقتىسادنىڭ ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ساغلام تۇرمۇش ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق كەلگەن بولۇش مەقسىتىگە يېتىشتىن ئىبارەت .

مەدەنىيەت ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتا بىز دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى ، مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ، مەدەنىيەت ئىقتىسادى سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى

كاپالەت، مەدەنىيەت ئارقىلىق مەدەنىيەتنى تولۇقلاش پائالىيىتىنى تاپانچ، غوللۇق كىرىم يارىتىش ئەمەلىي گەۋدىلىرى (كارخانىلار) نى باش، كەسپىي ئىشلارنى گۈللەندۇرۇشنى نىشان قىلىپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزلۈكسىز يۇقىرى ئۆرلىشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ھەم ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ دادىل يول ئېچىشىمىز، ھەم قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلىپ، سالماق، پۇختا ئىش قىلىشىمىز، ھەم پىلانلىق ئىگىلىك ئەندىزىسىنى بۇزۇپ تاشلىشىمىز، ھەم ماكرولۇق باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشىمىز، ھەم مەدەنىيەت ئىقتىسادى سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز، ھەم ئىچكى باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئوبدان ئالماشتۇرۇشىمىز؛ ئىزدىنىش ئېلىپ بارغۇچىلارنى قوللاپ «سۇنى قويۇپ بېرىپ بېلىق بېقىش»قا رۇخسەت قىلىشىمىز، ھەم ئىلغارلارغا مەدەت بېرىپ، ئىلھاملاندۇرۇپ، «ھەدېسىلا ئايىغى چاققان كالىنى قامچىلاش» قىلمىشلىرىدىن ساقلىنىشىمىز لازىم.

بۇنىڭدا مۇنداق ئۈچ مۇناسىۋەتنى توغرا بىر ياقلىق قىلىشىمىز لازىم.

بىرىنچىسى، كەسىپ بىلەن ئىگىلىكنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىرياقلىق قىلىش كېرەك. بۇنىڭدا كەسىپ ئاساس، ئىگىلىك كەسىپى قوشۇمچە بولۇپ، ئاساس بىلەن قوشۇمچىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ. شۇڭا ئىگىلىك كەسپىنىڭ كۆلىمى كېڭىيىپ كېتىپ، كەسىپ ئىستېھكاملىرى كىچىكلەپ كېتىش؛ ئىقتىسادىي ئۈنۈم زورىيىپ كېتىپ، مۇلازىمەت دائىرىسى كىچىكلەپ كېتىش؛ تىجارەت قوشۇنى زورىيىپ كېتىپ، كەسىپ قوشۇنى كىچىكلەپ كېتىش، ھەتتا «سودىنى مەدەنىيەتنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ قويۇش»، «مەدەنىيەت خارابلىشىپ، سودا گۈللىنىپ كېتىش» تەك

ئەھۋالىنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ھەقىقىي تۈردە ساقلىنىش كېرەك .

ئىككىنچىسى ، ئىگىلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچى تىجارەتچىلەر بىلەن دۆلەت ، كوللېكتىپنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر ياقلىق قىلىش كېرەك . مۇكەممەل باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى ۋە ھۆددىگەرلەرنىڭ خەۋپسىزلەندۈرۈش بويىچە رەنگە قويۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ ، دۆلەت مال ـ مۈلكى ۋەدۆلەت مەبلىغىنىڭ زىيانغا ئۇچرىماسلىقىغا ھەقىقىي تۈردە كاپالەتلىك قىلىپ ، دۆلەتنى ، كوللېكتىپنى زىيانغا ئۇچرىتىش ھېسابىغا شەخسلەر بېيىش « راھىبلار باي بولۇپ ، ئىبادەتخانا گادايلىشىپ كېتىش » تەك مەسىلىلەرنىڭ قايتا يۈز بېرىشىنى تۈگىتىش كېرەك .

ئۈچىنچىسى ، ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر ياقلىق قىلىش كېرەك . باشتىن ـ ئاخىرغىچە ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ ، نۇقۇل ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى قوغلىشىدىغان ، ھەتتا پايدىنى دەپ ئىنسابنى ئۇنتۇپ ، قانۇنغا ، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىدىغان قىلمىشلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن ھەقىقىي ساقلىنىش كېرەك .

4 ) مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ، ماكرو مۇھىتىنى سەرخىللاشتۇرۇش لازىم .

ئاممىۋى مەدەنىيەت كەسپىي ئورۇنلىرى ۋە ئاممىۋى كۇتۇپخانىلارنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ـ ياخشى ئېلىپ بارالماسلىقىنىڭ ئاچقۇچى — مەۋقەنى ئىچكى قىسىمغا قويۇپ ، ئىچكى ماھارەتنى ئوبدان يېتىلدۈرۈشتە ، ئەمما ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ماكرولۇق ئىسلاھات مۇھىتىنى سەرخىللاشتۇرۇپ ، ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش ،

سىستېمىلاشتۇرۇشمۇ سەل قارىغىلى بولمايدىغان مۇھىم بىر تەرەپ.

مەدەنىيەت مەمۇرىي تارماقلىرى مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى تەشكىللىگۈچىلەر ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلغۇچىلار بولۇپ، ئورگانلارنى ئىسلاھ قىلىش، قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇش، مېخانىزمنى ئالماشتۇرۇپ، فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، سىياسەت ــ تەدبىرلەرنى ياخشىلاش ئارقىلىق مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى ئەتراپلىق چوڭقۇر ئېلىپ بېرىش لازىم.

مەدەنىيەت پائالىيىتى ئېلىپ بېرىشنى مەدەنىيەتنى باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىپ، كۆپ خىل ۋاستىلەر بىلەن مەدەنىيەت ئىشلىرى ئىسلاھاتىنىڭ تەرەققىياتىنى ماكرو تىزگىنلەشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

مەمۇرىي ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاپ، مەدەنىيەت كەسپىي ئورۇنلىرىغا مەنسۇپ بولغان ئادەم، مالىيە، ماددىي ئەشيا باشقۇرۇش ھوقۇقىنى قەتئىي تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ، مەدەنىيەت كەسپىي ئورۇنلىرىنىڭ مۇستەقىل قانۇنىي ئىگىلىك فۇنكسىيىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم.

ھۆكۈمەتنىڭ باشقا فۇنكسىيىلىك تارماقلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوبدان ماسلاشتۇرۇپ، مەدەنىيەت كەسپىي ئورۇنلىرىنىڭ ئىسلاھات داۋامىدا يولۇققان تۈرلۈك مەسىلىلەرنى ئوبدان ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىش كېرەك.

مەدەنىيەت ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىنى پائال مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ماكرولۇق باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مەدەنىيەت ئىگىلىك كەسپىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ۋە مەدەنىيەت بازىرىنى ساغلام راۋاجلىنىش، تىجارەتنى تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىش تەرىپىگە

قاراپ يېتەكلەپ ، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمدىن ئوخشاشلا مول ھوسۇل ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك .

### تۆتىنچى ، ئاممىۋى مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ يېڭى يولى

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان « مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتىكى ئاچقۇچ — ئۇنى قۇرۇشتا » ، « مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى شەھەر - يېزا ئاساسىي قاتلاملارغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم » دېگەن يېتەكچى فاكتىنلار ئاممىۋى مەدەنىيەتنىڭ يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا ئىسلاھ قىلىش ، راۋاجلاندۇرۇش ، گۈللەندۈرۈش يولىدا مېڭىشى ئۈچۈن ئېنىق نىشان كۆرسىتىپ بەردى . مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش — مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە نىشانى ، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بولسا مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ۋاستىسى ۋە يولى . ئاساسىي قاتلامغا يۈزلىنىپ ، قۇرۇشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش — ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ ، بۇنىڭدا ئاممىۋى مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئاساسىي زىددىيەت چىڭ تۇتۇۋېلىنغان ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئىچكى ، ماھىيەتلىك تەلىپى گەۋدىلەندۈرۈلگەن .

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت يېڭى ۋەزىيەتتە ئاممىۋى مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ يولى ھاللىق مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى نىشان ، مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ، ئاساس قاتلامدىكى ئۈچ دەرىجىلىك مەدەنىيەت تورىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى ئاساس ، ئۈچ چوڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا ، ئاممىۋى

مەدەنىيەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈپ ، مول مەزمۇنلۇق تۈرلۈك مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشنى مەزمۇن قىلىپ ، قۇرۇلۇشنى جان ـ دىل بىلەن ياخشى تۇتۇش ، مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشنى ئاساس قىلىپ ، خىزمەتنى ئۈزاققىچە قانات يايدۇرۇش ، قۇرۇلۇش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ، ئاممىۋى مەدەنىيەتنى ، شۇنداقلا پۈتكۈل ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم .

يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدىكى ئاممىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى كۆپ تەرەپلىمىلىك بولۇپ ، جايلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت تەجرىبىلىرى بىزگە تۆۋەندىكى تۆت جەھەتتىكى قۇرۇلۇشنى ياخشى تۇتۇش كېرەكلىكىنى ئۇقتۇردى :

ئاممىۋى سەنئەت سارىيى ، مەدەنىيەت يۇرتى ( پونكىتى ) ۋە ئاممىۋى كۇتۇپخانىلارنىڭ قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇش كېرەك . ئاممىۋى سەنئەت سارىيى ، مەدەنىيەت يۇرتى ( پونكىتى ) ۋە كۇتۇپخانىلار جامائەت پاراۋانلىقى خاراكتېرىدىكى مەدەنىيەت كەسپىي ئورۇنلىرى بولۇپ ، ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەش ، ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىش ۋە جەمئىيەتنى پاراۋانلىق خاراكتېرىدىكى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق كۆپ خىل ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغان . ئاممىۋى سەنئەت سارىيى ، مەدەنىيەت يۇرتى ( پونكىتى ) نىڭ قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ھاللىق مەدەنىيەت قۇرۇلۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ، جايلاردىكى پارتىيە ، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەدىكىلەرنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىشلىرى قۇرۇلۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈشىنى ، ئەھمىيەت بېرىشىنى ، تەشكىل ، رەھبەرلىك ، پىلان ، سىياسەت ، مالىيە ، ماددىي كۈچ جەھەتلەردىن ئاممىۋى مەدەنىيەت كەسپىي ئورۇنلىرى

ۋە ئاممىۋى كۈتۈپخانىلارنىڭ مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى، قوشۇن قورۇلۇشى، تور قۇرۇلۇشى، پائالىيەت قۇرۇلۇشى ۋە باشقۇرۇش قۇرۇلۇشىنى پائال قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. ئاممىۋى مەدەنىيەت كەسپىي ئورۇنلىرى ۋە كۈتۈپخانىلار قۇرۇلۇش داۋامىدا خىزمەتنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى مەركەز، ئىچكى قىسمىدىكى ھەرىكەت مېخانىزمىنى جانلاندۇرۇش ۋە مۇقىم، ئىشەنچلىك ئىقتىسادىي كاپالەت بەرپا قىلىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، بىر ياخشى رەھبەرنى سەپلەش، ئىسلاھاتقا دائىر بىر يۈرۈش ياخشى تەسەۋۋۇرنى بېكىتىش، بىر ياخشى قوشۇن قۇرۇش، بىر ئوبدان تۈزۈلمىنى شەكىللەندۈرۈش، بىر ياخشى ئەمەلىي گەۋدىنى بەرپا قىلىش ئارقىلىق مەدەنىيەت يۇرتلىرىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ياخشى يولىنى تېپىپ چىقىش لازىم.

ئىجتىمائىي چوڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇش لازىم. ھۆكۈمەت مەدەنىيەتنى ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇشتەك ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىپ، ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنى جەمئىيەت باشقۇرۇش، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەدەنىيەت ئىشلىرى قۇرۇلۇشىدىكى بىر مۇھىم ئىسلاھات. دۆلەت مەبلەغ چىقىرىپ مەدەنىيەتنى باشقۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى كەڭ تۈردە قوزغاپ، مەدەنىيەتنى جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي چوڭ مەدەنىيەتنى باشقۇرۇش يولىنى كېڭەيتىش كېرەك. ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى جامائەت پاراۋانلىقى خاراكتېرىدىكى مەدەنىيەتنى ئاساسىي گەۋدە، ئاساسىي يېتەكچى قىلىش، كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەر مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئورتاق باشقۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىجتىمائىي رايونلار مەدەنىيىتى، كەنت ـ بازار مەدەنىيىتى، كارخانا مەدەنىيىتى، مەكتەپ مەدەنىيىتى، ھەربىي گازارما مەدەنىيىتى، ئائىلە مەدەنىيىتى

قاتارلىق مەدەنىيەت شەكىللىرىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ تىخمۇ قوللاپ ۋە يېتەكلەپ، ئۇنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ يېڭى ئېچىلغان رايونى ۋە يۈكسىلىش نۇقتىسىغا، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ جانلىق ئارمىيىسىگە ئايلاندۇرۇش لازىم.

نۇقتىلىق مەدەنىيەت قۇرۇلۇشلىرىنى ياخشى تۇتۇش لازىم. مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى تەشەببۇس قىلغان ۋە تەشكىللەپ ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۈچ چوڭ مەدەنىيەت سىستېما قۇرۇلۇشى يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىي گەۋدە بويىچە ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ كۈچلۈك تەدبىرى. ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا نۇقتىلىق مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بۇ تېپىلغۇسىز ياخشى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۈچ چوڭ قۇرۇلۇشنى تارماقنىڭ ھەرىكىتىدىن ھۆكۈمەتنىڭ ھەرىكىتىدىن يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ ئورتاق قۇرۇش ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ پۈتكۈل مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى، تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش داۋامىدىكى يېتەكچىلىك رولىنى، ئۈلگە بولۇش رولىنى، باشچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇق جەھەتتىن راۋاجلىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم.

ئاممىۋى مەدەنىيەت نەزەرىيىۋى قۇرۇلۇشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. توغرا ئاممىۋى مەدەنىيەت نەزەرىيىسى ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىشلىرى قۇرۇلۇشىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ كۈچلۈك يېتەكچىسى. ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىشلىرى ئىسلاھاتى ۋە قۇرۇلۇشى ئەمەلىيەتتە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئاممىۋى مەدەنىيەت نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىگە موھتاج. بىز بازار ئىگىلىكى شارائىتى ئاستىدىكى ئىسلاھات ۋە ئىزدىنىشنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت نەزەرىيە تەتقىقاتى

www.uyghurkitap.com

ئالدىغا نۇرغۇن يېڭى ، قىيىن مەسىلىلەرنى قويۇۋاتقانلىقىنىمۇ كۆرۈشىمىز ، شۇنداقلا ئاممىۋى مەدەنىيەت كەسپىي ئورۇنلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان كەڭ ، چوڭقۇر ئىسلاھات ئەمەلىيىتىنىڭ بىزگە قىيىن مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشنىڭ پايدىلىق شارائىتىنى يارىتىپ بېرىۋاتقانلىقىنىمۇ كۆرۈشىمىز لازىم . ئاممىۋى مەدەنىيەت نەزەرىيە قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇشتىكى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان ئاچقۇچلۇق مەسىلىلەر — ئاممىۋى مەدەنىيەت ، نەزەرىيە قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇشتا ، ئاممىۋى مەدەنىيەت نەزەرىيە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئۆزىنىڭ ساپاسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈشى ، بىرىنچىدىن ، دەۋرگە لايىق مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ، ۋەزىپە تۇيغۇسىنى تۇرغۇزۇپ ، يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدىكى ئاممىۋى مەدەنىيەت نەزەرىيە تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم رولى ۋە ئورنىنى تولۇق تونۇشى ، بۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى تەقدىم قىلىشى ، قەتئىي تەۋرەنمەسلىك روھىنى تۇرغۇزۇشى لازىم ؛ ئىككىنچىدىن ، ئەمەلىيەتكە ئەھمىيەت بېرىپ ، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ ، جەمئىيەتكە ، ئەمەلىيەتكە يېقىنلىشىش ، ئاساسىي قاتلامدىكى مول مەزمۇنلۇق ئىسلاھات ، قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتى ئىچىدىن يېڭى ماتېرىياللارنى قېزىپ چىقىرىش ۋە ئۇنى ئىسپاتلاش ، يېڭى نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ، يېڭى نەزەرىيىلەرنى بەرپا قىلىش ئارقىلىق ، ئاممىۋى مەدەنىيەت نەزەرىيە تەتقىقاتىنىڭ يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇش لازىم ؛ ئۈچىنچىدىن ، ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ ، بىلىمنى يېڭىلاپ ، ئىدىيىنى دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇپ ، ئۆزىنى زامانىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك پەن بىلىملىرى بىلەن بېيىتىپ ، نەزەرىيە ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك ؛ تۆتىنچىدىن ، ئىلمىي تەتقىقات ئۇسۇلىدا چىڭ

تۇرۇپ، ئىسلاھات داۋامىدا ئوتتۇرىغا چىققان پايدىلىق تەرەپ بىلەن ئىللەتلەرگە، پايدا بىلەن زىياننى، ياخشىلىق بىلەن رەزىللىكنى، ئېسىل نەرسىلەر بىلەن ناچار نەرسىلەرگە ئاڭلىق كۆز قاراشتا تۇرۇپ توغرا مۇئامىلە قىلىش ۋە چۈشىنىش، ئىسلاھات داۋامىدا ئوتتۇرىغا چىققان تۈرلۈك مۇرەككەپ ھادىسىلەرنى دىئالېكتىكىلىق پىكىر قىلىش ئۇسۇلى بويىچە تەھلىل قىلىش ۋە چۈشەندۈرۈش ھەم بۇنىڭدىن توغرا يەكۈن چىقىرىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەمەلىيەتنىڭ ھەقىقەتنى تەكشۈرۈشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش داۋامىدا ئاممىۋى مەدەنىيەت نەزەرىيىسىنى كۆندىن ـ كۈنگە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئاممىۋى مەدەنىيەت نەزەرىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە، ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ رولىنى ئوبدان جارى قىلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئۇلى ۋە ئاساسىي تايانچلىرىنىڭ ھەممىسى جايلاردىكى ئاساسىي قاتلامدا. شۇنىڭ ئۈچۈن، يۇقىرى بىلەن تۆۋەننى ئوبدان بىرلەشتۈرۈپ جەمئىيەت خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. جەمئىيەتنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى جەھەتتە تېخىچە ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرمىغان ۋىلايەت، ئوبلاستلار جەمئىيەتنى ئىمكانقەدەر تېزرەك قۇرۇشى، قۇرۇلغان بولسىمۇ يېتەرلىك دەرىجىدە مۇكەممەل بولمىغانلىرى تېزرەك مۇكەممەللەشتۈرۈشى لازىم. جايلاردىكى ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىلمىي جەمئىيەت تەشكىللىرى شۇ جايدىكى مەدەنىيەتكە مەسئۇل تارماقتا قارايدۇ. مەدەنىيەتكە مەسئۇل تارماقلاردىكى ئاممىۋى مەدەنىيەتكە مەسئۇل رەھبەر جەمئىيەت خىزمىتىنى تۇتۇشقا مەسئۇل بولىدۇ. بىكتۇەن، ئىشچىلار

www.uyghurkitap.com

ئۇيۇشمىسى، ئىتتىپاق كومىتېتى قاتارلىق ھەر قايسى سىستېمىلار ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىلمىي جەمئىيەتلىرى ( گۇرۇپپىلىرى ) تەشكىللىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ئەزالارنى باشقۇرىدىغان ئادەم بار بولۇش، ئەزالىق بەدىلىنى يىغىدىغان ئادەم بار بولۇش، پائالىيەتنى تەشكىللەيدىغان ئادەم بار بولۇش، كۈندىلىك خىزمەتكە مەسئۇل مەخسۇس ئادەم بار بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى لازىم. جەمئىيەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش جەمئىيەتتە، ھەرقايسى سىستېمىلار، جايلاردىكى ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىلمىي جەمئىيەت ( گۇرۇپپىلار ) نىڭ يىللىق پىلان ھەم يىراق كەلگۈسى پىلانى بار بولۇشى، ھەم ئۇنى جايلارنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتى پىلانى ئىچىگە كىرگۈزۈش ئارقىلىق تەرەققىيات نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، پائالىيەت تۈرلىرىنى ئېنىق بېكىتىشى لازىم، شىخەنزە شەھىرى، مەكىت ناھىيىسى، قۇمۇل ۋىلايىتى، بارىكۆل ناھىيىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيى قاتارلىق ۋىلايەت ۋە ئورۇنلاردىكى ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىلمىي جەمئىيەتلىرىگە ئوخشاش نەزەرىيە مۇھاكىمە پائالىيەتلىرىنى ئوبدان تەشكىللەشكە دىققەت قىلىپ، ھەم تەشكىلىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرۇشى، ھەم ئاممىۋى مەدەنىيەتنىڭ نەزەرىيە قۇرۇلۇشىنى يۈكسەلدۈرۈشى كېرەك. بۇ يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا بازار ئىگىلىكىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان ئىقتىسادقىلا ئەھمىيەت بېرىپ، نەزەرىيىگە سەل قارايدىغان، تىجارەتكىلا ئەھمىيەت بېرىپ، تەتقىقاتقا سەل قارايدىغان ناچار خاھىشلارنى تۈگىتىپ، ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىلمىي جەمئىيەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشتا ئىنتايىن زۆرۈر.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى

سوتسيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرى ئىسلاھاتى تەرەققىياتىغا يېڭى يول ۋە يېڭى زېمىن ئېچىپ بەردى. پارتىيىنىڭ 14 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا سوتسيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش، مەدەنىيەتلىك، ئەخلاقلىق، غايىلىك، ئىنتىزامچان يېڭى ئادەملەرنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ تۈپكى ۋەزىپىنى چىڭ تۇتۇش، مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئاچقۇچى — ئۇنى قۇرۇشتا، دېگەن قاگىدىدا چىڭ تۇرۇش، پۈتكۈل جەمئىيەت تەك ھەرىكەتلىنىپ ئورتاق قۇرۇشتەك يېڭى ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بىز پارتىيىنىڭ 14 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆتكەنكى ئىسلاھات تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش، قوبۇل قىلىش ئاساسىدا، يېڭى تەسەۋۋۇر، يېڭى خىزمەتىمىز بىلەن يېڭى خىرىسنى كۈتۈۋېلىشىمىز، ئامىۋى مەدەنىيەت ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئامىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش داۋامىدا دەۋرگە لايىق يېڭى تۆھپىلەرنى يارىتىشىمىز لازىم.

# شىنجاڭنىڭ بۈگۈنكى مەدەنىيەت ـ سەنئەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەققىدە

شىنجاڭ تارىختىن بۇيان ئالەمگە مەشھۇر «مۇقام ـ مەشرەپ دىيارى»، «ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى»، بۇ يەردە شانلىق قەدىمكى مەدەنىيەت، باي ۋە گۈزەل خەلق سەنئىتى بارلىققا كەلگەن.

ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنىڭ شانلىق نۇرىدا شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئىتى مىسلىسىز گۈللەپ ـ ياشنىدى. ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشى ۋە «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئېسىل مىللىي مەدەنىيەتنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، ئەدەبىيات، كىنو، تېلېۋىزىيە، مۇزىكا، ئۇسسۇل، گۈزەل سەنئەت، تىياتىر قاتارلىق تۈرلۈك مەدەنىيەت ئىشلىرىدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى دەۋر روھىغا ۋە شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ساغلام مەنىۋى مەھسۇلاتلار بىلەن تەمىن ئېتىپ، خەلقنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى، گۈللىنىشىنى، مەدەنىيەتلىك بولۇشىنى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىككى

مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا مۇھىم تۆھپە قوشتى، نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر، ئويۇن (نومۇر) لار دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى چوڭ سەنئەت پائالىيەتلىرىدە مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، «ناخشا — ئۇسسۇل ماكانى» بولغان شىنجاڭنىڭ شۆھرىتىنى نامايان قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۇچۇن شان — شەرەپ كەلتۈردى.

ئازادلىقتىن بۇيان پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت — سەنئەت خىزمەتلىرىگە زور دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، 1949 — يىلىدىن 1994 — يىلىغىچە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 290 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى. بۇنىڭ بىلەن مەدەنىيەت — سەنئەت ئىشلىرى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش داۋامىدا ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا — قىشلاقلىرىغىچە مەدەنىيەت — سەنئەت تور — نۇقتىلىرى بارلىققا كەلدى. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدا ھەر دەرىجىلىك، ھەر خىل كەسپىي سەنئەت ئۆمەكلىرىدىن 89 ى، مۇنتىزىملاشقان، كۆلەملەشكەن ئويۇن قويۇش سورۇنىدىن 26 سى، تۈرلۈك كۇتۇپخانىلاردىن 64 ى بار. بۇ كۇتۇپخانىلاردا ساقلىنىۋاتقان ھەر خىل يېزىقتىكى كىتاب — ژۇرناللار 4 مىليون 700 مىڭ پارچىغا يېتىپ، 1978 — يىلىدىكىدىن 12 ھەسسە كۆپەيدى. تۈرلۈك ئاممىۋى مەدەنىيەت ئورۇنلىرى 987 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى 16 گە، مەدەنىيەت يۇرتى 92 گە يېتىپ، «ھەممە ناھىيىدە مەدەنىيەت يۇرتى بولۇش» نىشانى ئاساسەن ئىشقا ئاشتى. يېزا — كەنتلەرنى ئاساس قىلغان مەدەنىيەت پونكىتلىرىمۇ تېز تەرەققىي قىلىپ، يېزا — بازار دەرىجىلىك مەدەنىيەت پونكىتى 880 گە، كەنتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئۆيلىرى 5461 گە يەتتى. كىنو فىلىم قويۇش — تارقىتىش ئىشلىرىمۇ تېز تەرەققىي

قىلىپ، كىنو فىلىم تارقىتىش ئورنى 95 كە، كىنو قويۇش ئورۇنلىرى 2234 كە، بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلاردىكى كىنو قويۇش ئورۇنلىرى 1476 كە يەتتى. مەدەنىيەت ـ سەنئەت تەتقىقاتى خىزمىتىدىمۇ يۈكسىلىش بولدى. مەخسۇس سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن ئىككىگە، سەنئەت تەتقىقات ئورنى ئىككىگە يەتتى. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن 35 كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى مەخسۇس قوغدايدىغان ئورۇن 27 بولۇپ، قوغدىلىدىغان يادىكارلىق 13 مىڭ 245 كە يەتتى. سەككىز مۇزېي بولۇپ، بۇلاردا ساقلىنىۋاتقان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى 36 مىڭ 619 غا، بۇنىڭ ئىچىدىكى 1 ـ دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقى 503 كە يەتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغان 40 يىل مابەينىدە، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن بىر قاتار خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. بولۇپمۇ، يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ 1 ـ، 2 ـ نۆۋەتلىك «تەڭرىتاغ ئاۋازى» مۇزىكا كۆرىكى ۋە شىنجاڭ سەنئەت بايرىمى، غەربىي شىمال بويىچە مۇزىكا ھەپتىلىكى پائالىيىتى، غەربىي شىمال بويىچە سىرك مۇسابىقىسى، ئاپتونوم رايون بويىچە تىياتىر كۆرىكى، ئۇسسۇل مۇسابىقىسى، ئەلنەغمە كۆرىكى، ئۇسسۇل ئىجادىيىتى مۇھاكىمە يىغىنى قاتارلىق كۆلىمى چوڭ، تەسىر دائىرىسى كەڭ بولغان پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي مەدەنىيەتنى جارى قىلدۇرۇپ، سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا ئېرىشكەن نەتىجىلىرىنى كۆرەك قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى كۈچلۈك دەۋر روھىغا، روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە، يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيەتكە ۋە تەسىرچانلىققا ئىگە بىر تۈركۈم بوسۇش خاراكتېرلىك نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىش، دائىم يېڭى نومۇرلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، يېڭى تارىخىي دەۋر ۋە ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلاشتۇرۇش — سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش - راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى دەپ قاراپ، ئۇدا ئالتە يىل ئىجادىيەت خادىملىرىنى تەربىيىلەش بويىچە تۈرلۈك شەكىلدىكى كۇرسلارنى ئېچىپ ئۇلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈردى. بۇ ئارقىلىق ئىجادىيەت خادىملىرىنىڭ ئاكتىپچانلىقى جارى قىلدۇرۇلۇپ، ئاز بولمىغان نادىر نومۇرلارنىڭ ئىجاد قىلىنىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاندى. 1990 - يىلى 12 - ئايدىن 1991 - يىلى 1 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ۋە دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۇسسۇل مۇسابىقىسىدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك مىللەتلىرىنىڭ يەتتە نومۇرى 27 تۈرلۈك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. مۇكاپاتقا ئېرىشىش جەھەتتە مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللىي ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىنى نامايان قىلدى. 1992 - يىلى 2 - ئايدا يۇننەن ئۆلكىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن 3 - نۆۋەتلىك جۇڭگو سەنئەت بايرىمىغا ئاپتونوم رايونىمىز 400 كىشىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ، سەككىز مىللەتنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ناخشا - ئۇسسۇللىرىنى كۆرەك قىلىپلا قالماي، بەلكى يەنە «رەڭگارەڭ گۈلگە پۈركەنگەن تەڭرىتاغ» ناملىق چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇلنى تەييارلاپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 13 مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىپ، ئورتاق

www.uyghurkitap.com

كۆرەش قىلىپ شىنجاڭنى گۈللەندۈرگەنلىك مەنزىرىسىنى نامايان قىلدى . ئۇنىڭدىن باشقا ، مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تۈرلۈك شەكىلدىكى مۇزىكا ، ئۇسسۇل ، ئېپىزوت كۆرەكلىرىدە ئاپتونوم رايونىمىز ماھىرلىرى ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن شان - شەرەپ كەلتۈردى .

نەتىجىلەر سۆزلەنگەن ۋاقىتتا ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللىي ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتىگە بۈكسەك شان - شۆھرەت ئېلىپ كەلگەن ئىككى خاسىيەتلىك ئىشنى ئىپتىخار بىلەن تىلغا ئالىمىز . ئۇنىڭ بىرىنچىسى ، 1994 - يىلى 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى بېيجىڭدا ئاياغلاشقان جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ 20 - ئەسىردىكى كلاسسىك ئۇسسۇللىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە ئاتاقلىق ئۇسسۇل ئۇستازى ، مەرھۇمە قەمبەر خانىم رەتلەپ سەھنىلەشتۈرگەن « تەخسە ئۇسسۇلى » بىلەن ئاتاقلىق ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىسى ۋە رېژىسسورى ، مەرھۇم ھاجى راھمان ئىجاد قىلغان « ئۈزۈمچىلىك ئۇسسۇلى » ئالتۇن ھەيكەل مۇكاپاتىغا ، ھاجى راھمان بىلەن زەينەپ سىدىق ئىجاد قىلغان « دولان سەنىمى » كۆرسىتىش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى . ئۇنىڭ ئىككىنچىسى ، بۇ يىل 16 - ماي مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ئۆتكۈزگەن 5 - نۆۋەتلىك « مەدەنىيەتلىك جۇڭخۇا » مۇكاپاتى بويىچە سەنئەت نومۇرلىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە ، شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 40 يىللىق تويىغا سوۋغات سۈپىتىدە يېڭىدىن تەييارلىغان « تەڭرىتاغدىكى ھەسەن - ھۈسەن » ناملىق چوڭ تىپتىكى مىللىي مۇزىكىلىق ناخشا - ئۇسسۇل « مەدەنىيەتلىك جۇڭخۇا » يېڭى نومۇر مۇكاپاتىغا ، « تەڭرىتاغدىكى ھەسەن - ھۈسەن » نىڭ مۇزىكىسىنى ئىجاد قىلغان نۇسرەت ۋاجىدى ، جۇجى ، نۇرمۇھەممەت سايىت ، ما چېڭشياڭلار مۇزىكا ئىجادىيىتى

بويىچه « مەدەنىيەتلىك جوڭخۇا مۇزىكا ئىجادىيىتى مۇكاپاتى » غا ، « تەڭرىتاغدىكى ھەسەن ـ ھۈسەن » نىڭ باش ئۇسسۇلچىسى دىلنار ئابدۇللا « مەدەنىيەتلىك جوڭخۇا ئورۇنداش مۇكاپاتى » غا ئېرىشىپ ئاپتونوم رايونىمىزغا زور شان ـ شەرەپ كەلتۈردى . رەئىس ئابلەت ئابدۇرىشىتنىڭ « مۇنەۋۋەر مىللىي مەدەنىيەتنى جارى قىلدۇرۇپ ، سەنئىتىمىزدە تېخىمۇ شانلىق نەتىجە يارىتايلى » دېگەن ماقالىسىدە تەكىتلەپ ئۆتكىنىدەك :« چوڭ تىپتىكى مىللىي مۇزىكىلىق ناخشا ـ ئۇسسۇل 〈 تەڭرىتاغدىكى ھەسەن ـ ھۈسەن 〉 نىڭ ئۈچ تۈر بويىچە 〈 مەدەنىيەتلىك جوڭخۇا 〉 مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ ، مەملىكەت بويىچە مۇزىكا ، ناخشا ـ ئۇسسۇل تۈرىدە تۇنجى قېتىم ئەڭ ئالىي دەرىجىلىك پەۋقۇلئاددە شەرەپ مۇكاپاتىغا مۇيەسسەر بولغانلىقى ، ئاپتونوم رايونىمىز مىللىي سەنئىتىنىڭ بىر يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىدىن ، شۇنداقلا سەنئەت كەسپى بويىچە تېخى دۆلەت دەرىجىلىك ئەڭ يۇقىرى كاتتا مۇكاپاتقا ئېرىشەلمەسلىكتەك ۋەزىيەتكە خاتىمە بېرىلگەنلىكىدىن دېرەك بەردى » .

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت ، ئوبلاست ، ناھىيىلەردىكى كەسپىي سەنئەت ئۆمەكلىرىمۇ دەۋر روھى ، ئىسلاھات روھى مەدھىيىلەنگەن كۆپلىگەن نومۇرلارنى تەييارلاپ ، ئۆز جايىدىكى خەلقلەرنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپلا قالماي ، مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارا يۈزلىنىپ ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ يېڭى تەرەققىياتىنى نامايان قىلدى . كىنو ، دراما ، ئەلنەغمە سەنئىتىدىمۇ زور تەرەققىياتلار بولدى . « تەڭرىتاغ » كىنو ستۇدىيىسى ئىشلىگەن ھېكايە فىلىملاردىن « يول باشلىغۇچى » 1979 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە « مۇنەۋۋەر فىلىم » ؛ « ئارتىس بولمايدىغان قىز » 1983 ـ يىلى

مەملىكەت بويىچە ؛ 1985 ـ يىلى ئىستانبۇل خەلقئارا كىنو
بايرىمىدا « مۇنەۋۋەر فىلىم » ؛ « مۇھەممەت ھەققىدە پاراڭ »
مەملىكەت بويىچە « ئالتۇن خوراز » ؛ « خانىش ئامانىنساخان »
مەملىكەت بويىچە « بەش بىر قۇرۇلۇشى » مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشتى .
ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئاز بولمىغان
نادىر سەھنە ئەسەرلىرى سەھنىلەشتۈرۈلۈپ ، يېڭى دەۋردىكى ھەر
مىللەت خەلقىنىڭ يېڭىچە روھىي قىياپىتى ۋە تۇرمۇشى بەدىئىي
يۈكسەكلىكتە كۆتۈرۈلۈپ ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى . بولۇپمۇ ،
قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت
ئۆمىكى ، ئىلى ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى ، شىنجاڭ ئوپېرا
ئۆمىكى قاتارلىق كەسپىي ئۆمەكلەر ئاساسىي كۈچىنى دراما
ئىجادىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قارىتىپ ، « غېرىب ـ
سەنەم » ، « غۇنچەم » ، « مەسلىھەت چېيى » ، « قېرى
يىگىتنىڭ تويى » ، « مۇقام ئەجدادلىرى » ، « ئەل
قىساسى » ، « ۋىجدان سوتى ئالدىدا » ، « تۇمان »
قاتارلىق 40 تىن ئارتۇق نادىر تىياتىرنى ئوينىدى . شىنجاڭنىڭ
دراما سەنئىتىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ، 1991 ـ يىلى
ئاپتونوم رايون بويىچە تىياتىر كۆرىكى ئۆتكۈزۈلۈپ ، « قېرى
يىگىتنىڭ تويى » ، « مەلىكە جىبى يۈي » ، « ۋىجدان سوتى
ئالدىدا » ، « سالام ، ئاقسۇ » ، « ئۆركەشلە ، سۆيگۈ دەرياسى » ،
« ئەزىزە » قاتارلىق نادىر ئەسەرلەر كۆرەك قىلىندى . بۇ قېتىمقى
تىياتىر كۆرىكى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تىياتىر سەنئىتى
قوشۇنىنىڭ زورىيىۋاتقانلىقىنى نامايان قىلىپلا قالماي ، سەھنە
سەنئىتىنىڭ يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى .
كۆپلىگەن تىياتىرلار ئىچكى ئۆلكىلەردە ئوينىلىپ ، قېرىنداش
مىللەتلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى ، « غېرىب ـ سەنەم » ، « مەلىكە

جيپ يۈي » پايتەخت سەھنىسىنى زىلزىلىگە سالدى .
« غېرىب ـ سەنەم » ئوپېراسى 1992 ـ يىلى ئۆزبېكىستان ، قازاقىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە ئويىنىلىپ ياخشى تەسىر قوزغىدى .

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سېرك سەنئىتى يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيان غايەت زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى . مىللىي پۇراق بىلەن دەۋر ئالاھىدىلىكى زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سېرك سەنئىتى مەملىكەتتىن ھالقىپ دۇنياغا يۈزلىنىپ ، ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن زور شان ـ شەرەپلەرنى كەلتۈردى . بولۇپمۇ ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيىسىدىن بىرى بولغان دارۋازلىق سەنئىتى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تېز تەرەققىي قىلىپ ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا زور شۆھرەت قازاندى . نۆۋەتتە ئۇ ، چەت ئەللىكلەر نەزەرىدە « جۇڭگودىكى بىرىنچى سەنئەت » دەپ تەرىپلەنمەكتە .

ھەرقايسى جايلار مەدەنىيەت ـ سەنئەتنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ ، يەرلىك ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن تاشقى سودا ، ساياھەت بىرلەشتۈرۈلگەن مەدەنىيەت ـ سەنئەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى . مەسىلەن ، تۇرپاندا « ئۈزۈم بايرىمى » ، سانجىدا « شاپتۇل بايرىمى » ، قەشقەر ، خوتەنلەردە « نورۇز بايرىمى » ، بورتالادا « نادام بايرىمى » ، ئاقسۇدا « كۆسەن مەدەنىيەت ـ سەنئەت » بايرىمى ، ئىلىدا « تۇلپار بايرىمى » ، قۇمۇلدا « قوغۇن بايرىمى » ئۆتكۈزۈلدى .

ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى يەنە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى توپلاش ، رەتلەش ۋە ئۇنىڭغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىش جەھەتتە زور خىزمەتلەرنى ئىشلىدى . بولۇپمۇ ، ئون ئىككى مۇقامنى رەتلەش ، تەتقىق قىلىش ، سەھنىلەشتۈرۈش

جەھەتتە قالتىس نەتىجىگە ئېرىشتى.

«شەرق مۇزىكىسىنىڭ گۆھىرى» دەپ شۆھرەت قازانغان ئون ئىككى مۇقام ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، ھەقىقىي مەنىسىدىن ئالغاندا، ئۇ پۈتۈن ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى مۇزىكىلىق تىل بىلەن ئىپادىلىگەن چوڭ ھەجىمدىكى بەدىئىي قامۇس، غايەت زور ھەجىمدىكى قېلىپلاشتۇرۇلغان نادىر مۇزىكا ئەسىرى بولۇپ، ئۇ ئىلمىي، تارىخىي، بەدىئىي، ھۇزۇر ئېلىش ۋە ئۆرنەكلىك قىممىتىگە ئىگە. ئون ئىككى مۇقام قەدىمدىن تارتىپ خەلق ئارىسىدا ئاغزاكى ناخشا ۋە مۇزىكا شەكلى ئارقىلىق تارقىلىپ كەلگەندى. تارىختىن بۇيان فېئودال ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ نابۇت قىلىشى تۈپەيلىدىن مۇقامچىلار بارغانسېرى ئازىيىپ كەتكەن، شىنجاڭ ئازاد بولۇش ھارپىسىغىچە ئون ئىككى مۇقامنى بىر قەدەر تولۇق ئېيتالايدىغان ئىككى-ئۈچ نەپەر ياشانغان مۇقامچىلا قالغان بولۇپ، ئون ئىككى مۇقام يوقىلىپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بۇ قىممەتلىك مۇزىكا مىراسىنى جىددىي قۇتقۇزۇۋېلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەت، مەبلەغ جەھەتتىن ئىزچىل، كۈچلۈك تۈردە قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى بىلەن ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى قىرىق بەش يىل جاپالىق ئىلمىي ئىزدىنىش، ئىجتىھات بىلەن ئىشلەش ئارقىلىق، مەشھۇر مۇقام ئۇستازى تۇردى ئاخۇن ئاكا ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە ۋارىسلىق قىلىپ، زامانىمىزغىچە يەتكۈزگەن ئون ئىككى مۇقامنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش، ئورۇنداش، سەھنىلەشتۈرۈش، نەشر قىلىش خىزمىتىنى غەلىبىلىك تاماملىدى. ئون ئىككى مۇقام ئۇيغۇر

خەلقىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى سۈپىتىدە خەلقنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدىنى ئىپادىلىگەنلىكى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا تولىمۇ يېقىن بولۇشى، خەلقنىڭ ئېستېتىك ئېڭى ۋە ھۇزۇرلىنىش ئادىتىگە ئۇيغۇن كەلگەنلىكى، مۇزىكا، ئۇسسۇل، ناخشا بىرلەشتۈرۈلگەن ئالاھىدە سەنئەت تۈرى بولغانلىقى، مۇزىكا رىتىمىنىڭ ئاجايىپ گۈزەل، تەسىرلىك جەلپ قىلىش كۈچى، خىلمۇ خىل ئىپادىلەش شەكلى، يېقىملىق، سەلتەنەتلىك بايان خاراكتېرلىك سەنئەت ئۇسلۇبى يېڭى دەۋر ئۇيغۇر سەنئىتى ئۈچۈن مەنبە ۋە خۇرۇچ بولۇپ، مۇزىكا، ئۇسسۇل، ناخشا، تىياتىر ئىجادىيىتى ئۈچۈن ھەقىقىي جانلىنىش، قالتىس گۈللىنىش مەنزىرىسىنى ئېلىپ كەلدى. مۇقام نەغمىلىرى، داستانلىرى ئاساسىدا قايتا سەھنىلەشتۈرۈلگەن «غېرىب ـ سەنەم» ئوپېراسى ۋە «مۇقام ئەجدادلىرى»، «ئامانىسا»، «پەرھاد ـ شېرىن»، «رابىيە ـ سەئدىن» ئوپېرالىرى، جۈملىدىن مۇقاملاردىن پايدىلىنىپ ئىجاد قىلىنغان سىمفونىيىلەر ۋە كۆپلىگەن ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكىلار خەلقىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشى، ياقتۇرۇپ كۆرۈشى، يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. «چەببىيات» مۇقامى، جۈملىدىن مۇقاملاردىن پارچىلار مەملىكىتىمىز سەھنىلىرىدە ۋە ئەنگلىيە، پاكىستان، گېرمانىيە، بېلگىيە، گوللاندىيە، ئىران قاتارلىق دۆلەتلەر ھەم شياڭگاڭدا ئورۇندىلىپ قالتىس ئالقىشقا ئېرىشىپ، ئۇيغۇر سەنئىتىگە دۇنياۋى شۆھرەت ئېلىپ كەلدى.

چەت ئەللەر بىلەن بولغان مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى، شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى، شىنجاڭ سىرك ئۆمىكى، شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى ۋە بىر قىسىم ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرى يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئاسىيا،

ياۋروپا ، ئافرىقا ، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى 50 نەچچە دۆلەت ۋە رايونغا بېرىپ ئويۇن قويۇپ ، شىنجاڭنىڭ مىللىي سەنئىتىنى دۇنياغا تونۇتتى .

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۆسمۈرلەر سەنئىتىدە خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى . شىنجاڭ « ئاقتېرەك » ئۆسمۈرلەر ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكىدىن قۇربانجان مېھمانجان بىلەن خانقىز ئۆمەر 1989 - يىلى مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئۆسمۈرلەر ئۇسسۇل مۇسابىقىسىدە « قىزىلگۈل غۇنچىسى » ناملىق داپ ئۇسسۇلىنى ئورۇنداپ ، 1 - دەرىجىلىك ئورۇنداش مۇكاپاتىغا ، 1990 - يىلى مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆسمۈرلىرىنىڭ مۇزىكا كۆرىكىدە يەنە قۇربانجان مېھمانجان ئورۇندىغان داپ پەدىسى 1 - دەرىجىلىك ئورۇنداش مۇكاپاتىغا ؛ 1992 - يىلى ياپونىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا ئۆسمۈرلەر ناخشا مۇسابىقىسىدە بۇ ئۆمەكتىكى ئىليار مۇتەللىپ بىلەن رەناگۈل ئورۇندىغان « ئاق بۆجەن » ناملىق ناخشا 2 - دەرىجىلىك ئورۇنداش مۇكاپاتىغا ؛ 1991 - يىلى ئىشلەنگەن ، قۇربانجان مېھمانجان ، خانقىز ئۆمەر ، گۈلىستان قاتارلىق ئۆسمۈر ئارتىسلار ئاساسلىق رول ئالغان « ئىدىقۇتتىن كەلگەن داپچى بالا » ناملىق ھېكايە فىلىم بېرلىن خەلقئارا كىنو بايرىمىدا « ئالتۇن ئېيىق » مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ ئاپتونوم رايونىمىز ئۆسمۈرلىرىگە زور شان - شەرەپ كەلتۈردى .

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ، ئاپتونوم رايونىمىز مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتىدە مەركەزنىڭ « مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداشنى ئاساس قىلىش ، قۇتقۇزۇشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش » فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ ، ئاسار

ئەتىقىلەرنى قۇتقۇزۇش ، رېمونت قىلىش خىزمىتىنى مۇھىم ئورۇنغا قويدى . ئۈچ يىلدىن بۇيان ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئون ئورۇندىكى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى زور كۆلەملىك قۇتقۇزۇش خاراكتېرلىك رېمونت قىلدى . بۇنىڭغا 5 مىليون 940 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىندى . 1990 ـ يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۈرۈمچى ، تۇرپان ، شىخەنزە ، قەشقەر قاتارلىق تۆت ئورۇندا ۋاقىتلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىخانىسى قۇرۇلدى . مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتى 1988 ـ يىلى باشلىنىپ 1990 ـ يىلى ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلاشتى . بۇ قېتىم تەكشۈرۈلگەن ئورۇن 2500 بولۇپ ، يېڭىدىن 1862 ئورۇن بايقالدى . ھازىرغىچە مۇقىملاشقان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى ئاساسىي جەھەتتىن ئېنىقلاندى .

بىز ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغان 40 يىل مابەينىدە شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى ئەسلەپ ، كەلگۈسىگە نەزەر تاشلىساق ، قەلبىمىز چوڭقۇر ئىپتىخارلىق ، يۈكسەك بۇرچ ، كۈچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا چۆمۈلىدۇ . پارتىيە ۋە خەلق شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىدىن زور ئۈمىد كۈتمەكتە . بىز تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ ، شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك مىللىي مەدەنىيەت ـ سەنئىتىدە مىسلىسىز راۋاجلانغان ۋە گۈللەپ ـ ياشنىغان يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن باتۇرلارچە كۈرەش قىلىمىز .

## ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ يېڭى باھارى

### شەرق مۇزىكىسىنىڭ گۆھىرى

شىنجاڭ ئۇزۇن تارىخقا، پارلاق مەدەنىيەتكە ئىگە كۆپ مىللەتلىك قەدىمكى دىيار، ئالەمگە مەشھۇر «مۇقام ـ مەشرەپ، ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى»، ئۇ ئۇزۇن مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋە مۇنبەت سەنئەت تۇپرىقىغا ئىگە.

«شەرق مۇزىكىسىنىڭ گۆھىرى» دەپ شۆھرەت قازانغان ئون ئىككى مۇقام ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكىچىلىقىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ماكانلىرىدىن بىرى بولغان شىنجاڭدا ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز بىيىتقان ئېسىل سەنئەت بولۇپ، ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، ھەقىقىي مەنىسىدىن ئالغاندا، ئۇ، پۈتۈن ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى مۇزىكىلىق تىل بىلەن ئىپادىلىگەن چوڭ ھەجىمدىكى بەدىئىي قامۇس، غايەت زور ھەجىمدىكى قېلىپلاشتۇرۇلغان نادىر مۇزىكا ئەسىرى، ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك، بىباھا مىراستۇر. ئۇ، ئىلمىي، تارىخىي، بەدىئىي، ھوزۇر ئېلىش ۋە ئۆرنەكلىك قىممىتىگە ئىگە. شۇڭا، ئون ئىككى مۇقامنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى دۆلىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە مىللەتنىڭ پاراسەت ھەم ماھارەتلىرىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە.

ئون ئىككى مۇقام ئون ئىككى پارچە مۇزىكا قامۇسىدۇر. ئۇلار، راك مۇقامى، چەببىيات مۇقامى، مۇشاۋىرەك مۇقامى،

www.uyghurkitap.com

چارىگاھ مۇقامى، پەنجىگاھ مۇقامى، ئۆزھال مۇقامى، ئەجەم مۇقامى، ئۇششاق مۇقامى، بايات مۇقامى، نەۋا مۇقامى، سىگاھ مۇقامى، ئىراق مۇقامىدىن ئىبارەت بولۇپ، 365 ئاھاڭ، 2500 مىسراغا يېقىن شېئىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، تولۇق ئورۇنداشقا يىگىرمە تۆت سائەت ۋاقىت كېتىدۇ.

ئون ئىككى مۇقام ئەلنەغمە، مەشرەپ مۇزىكىلىرى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئىنتايىن قويۇق خەلق ئاھاڭلىرى خۇسۇسىيىتىگە، يارقىن مىللىي خاسلىققا، روشەن مۇزىكىلىق ئالاھىدىلىككە، سىستېمىلاشقان مۇزىكىلىق قۇرۇلمىغا، مول ئاھاڭدارلىققا، مۇرەككەپ ـ قىيىن ئۇدار ـ رىتىمچانلىققا ئىگە. ھەر بىر مۇقام ئۆزگىچە كۈي شەكلى ۋە خىلمۇخىل ئاھاڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، «چوڭ نەغمە»، «داستان»، «مەشرەپ» تىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ قىسىمدىن تەركىب تاپقان. ئون ئىككى مۇقامدىكى «چوڭ نەغمە»، «داستان»، «مەشرەپ» تىن ئىبارەت بۇ ئۈچ قىسىملىق مۇزىكا بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە سالماق باشلىنىپ، جانلىق ئېچىلىش، قىزغىن راۋاجلىنىش ۋە يېنىك چۈشۈرۈلۈشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن كىشىدە زوق ۋە ھاياجان قوزغايدۇ، ھۇزۇر بېغىشلايدۇ.

ئون ئىككى مۇقام خەلقىمىزنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى ئىشتىياقىنى، ئارزۇسىنى، ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ۋە قابىلىيەت ـ ماھارەتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشتەك خاسىيەت ئالاھىدىلىكى، باي تارىخىي مەنبەدارلىقى، ئەخلاق ئىلمى، پسىخولوگىيە ئىلمى، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق ئىلىملىرى بىلەن زىچ بىرىككەن ئىلمىي سەنئەتلىك رولى ئارقىلىق جەمئىيەتكە ئەدەب ـ ئەخلاق ئۆگىتىدىغان، مەنىۋى قۇدرىتى

بىلەن خەلقىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنى بېيىتىدىغان، مىللىي غۇرۇرىنى، ئىقتىدارىنى نامايان قىلىدىغان، سەنئەت ھۇزۇرىنى ئاشۇرىدىغان ئىجتىمائىي قىممىتى بىلەن ھازىرقى زامان سەنئىتىمىزنى گۈللەندۈرۈشتىكى باي مەنبە ۋە قۇرۇماس بۇلاقتۇر.

ئون ئىككى مۇقام قەدىمدىن تارتىپ خەلق ئارىسىدا ئاغزاكى ناخشا ۋە مۇزىكا شەكلى ئارقىلىق تارقىلىپ، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ساقلىنىپ كەلگەن بولۇپ، ئۆز تارىخىدا ئىككى قېتىم توپلىنىش، رەتلىنىش، قېلىپلاشتۇرۇلۇش، سەھنىلەشتۈرۈلۈشتىن ئىبارەت جاھانشۇمۇل ئىلمىي ئەھمىيەتكە ئىگە باسقۇچنى بېسىپ ئۆتۈپ، يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن، قېلىپلاشتۇرۇلغان، سىستېمىلاشتۇرۇلغان بۈيۈك مۇزىكا قامۇسىغا، خۇددى جۇڭگو تەرىپلىگەندەك: «شەرق مۇزىكا تارىخىدىكى غايەت زور بايلىق» قا ئايلاندى.

## مۇقام ئەجدادلىرىنىڭ تارىخىي تۆھپىسى

بۇنىڭدىن 400 نەچچە يىل ئىلگىرى يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە، مەرىپەتپەرۋەر، مەدەنىيەت ـ سەنئەت ھامىيسى سۇلتان ئابدۇرەشىد خاننىڭ ھاكىمىيەت كۈچى بىلەن قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى، مەشھۇر مۇقام ئۇستازى، شائىرە ئامانىساخاننىڭ بىۋاستە رىياسەتچىلىكى، قىدىرخان قاتارلىق مەشھۇر ئۇيغۇر مۇقام ـ مۇزىكشۇناسلىرىنىڭ غوللۇق خىزمەت كۆرسىتىشى، ھەر تەرەپتىن ئوردىغا جەلپ قىلىنغان سازەندىلەر، شائىرلار، ئۇسسۇلچىلارنىڭ تىرىشىپ ئىشلىشى بىلەن ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى تەرتىپكە سېلىشتەك ئۇلۇغ تارىخىي خىزمەت ئىشلەندى. ئامانىساخان بىلەن قىدىرخان ئون نەچچە يىل يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، ئۇيغۇرلار قەدىمدىن ئەقىدە قىلىپ، ئادەتلەنگەن ۋاقىت بىرلىكلىرى ۋە ئاسترونومىيىلىك ئۆلچەم ـ

قانۇنىيەتلەرگە ئاساسلىنىپ، ئەسلىدە خەلق ئارىسىدا تارقاق، ئۆلچەمسىز ھالدا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ئون يەتتە كۈيى مۇقام ئاساسىدا «ئون ئىككى ئاي» غا، «ئون ئىككى ۋاقىت — 24 سائەت» كە، «365 كۈن» گە ئۆلچەملەشتۈرۈپ، «ئون ئىككى مۇقام» نى ئىلگىرىكى نەغمە ۋە مەشرەپ ھالىتىدىن، «چوڭ نەغمە»، «داستان»، «مەشرەپ» تىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ قىسىمدىن، ھەربىر چوڭ قىسىمدىكى مۇزىكىلار مۇقىم، قانۇنىيەتلىك بولغان نازۇك ئىچكى رىتىم ئۆزگىرىشلىرىدىن تەركىبلەنگەن مۇكەممەل، ئىلمىي، چوڭ تىپتىكى يۈرۈشلەشكەن، قېلىپلاشقان مۇزىكا قامۇسىغا ئايلاندۇردى. بىز ھازىر ۋارىسلىق قىلىۋاتقان ئون ئىككى مۇقام ئەنە شۇ مۇقام ئەجدادلىرىنىڭ تارىخىي تۆھپىسىدۇر.

ئامانىساخان، قىدىرخانلار تەرىپىدىن ئون ئىككى مۇقامنىڭ تەرتىپكە سېلىنىشى ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى كلاسسىك سەۋىيىگە كۆتۈردى. ئۇلار ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرىنى سوپى ـ ئىشانلارنىڭ جاھالەتلىك قاراشلىرىغا زىت ئىلغار كىشىلىك قارىشىنى كۈيلەيدىغان تېكىستلارغا، ئالدى بىلەن ئەلىشىرنەۋائى غەزەللىرى، خەلق داستانلىرى نەزمىلىرى ۋە خەلق قوشاقلىرىغا ئالماشتۇردى. بۇ، ئون ئىككى مۇقامنى پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي ۋە تەربىيىۋى يۆنىلىش جەھەتتە خەلقنى ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرى بىلەن تەربىيىلەشتە غايەت زور ئەھمىيەتكە ئىگە قىلىپ، مۇقامنى ئىنسانپەرۋەر ئىدىيىلەر دەستۇرىگە ئايلاندۇردى. ئۇلار رەتلەپ مۇكەممەللەشتۈرگەن ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام ھەجىمىنىڭ چوڭلۇقى، نەغمە خەزىنىسىنىڭ موللۇقى، مېلودىيىسىنىڭ گۈزەللىكى، ئېستېتىك لەززەت ۋە ئەخلاقىي تەربىيىۋى رولىنىڭ

تەسىر چانلىقى بىلەن يىپەك يولى باغرىدىكى بۇ ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانىغا غايەت زور جانلىنىش ۋە شۆھرەت ئېلىپ كېلىپ ، غەربتە ياۋروپا كلاسسىك مۇزىكا ژانىرىسى سىمفونىيىلەر مەيدانغا كەلگەن زاماندا ، شەرقتە ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ، مۇزىكا ، ئۇسسۇل ۋە شېئىرىيەت زىچ بىرىككەن كلاسسىك سەنئەتنىڭ ئالتۇن دەۋرى مەيدانغا كەلدى .

## 40 يىللىق مۇساپە ، مىللىي مەدەنىيەت ساھەسىدىكى غايەت زور نەتىجە

يىپەك يولىنىڭ خارابلىشىشى مەدەنىيەتكە ، جۈملىدىن سەنئەتكە پاجىئەلىك ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كەلدى . ئىلىم ـ پەن ، سەنئەت ئورنىغا جاھالەت ، نادانلىق ۋە ئەسەبىيلىك ئالماشتى . فېئودال ، ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ چەكلىشى ، نابۇت قىلىشى تۈپەيلىدىن « ئون ئىككى مۇقام » پارچىلىنىش ، ئۇنتۇلۇش ۋە يوقىلىش خەۋپىگە ئۇچراپ ، مۇقامچىلارمۇ بارغانسېرى ئازىيىپ كەتتى . شىنجاڭ ئازاد بولۇش ھارپىسىغىچە ئون ئىككى مۇقامنى بىر قەدەر تولۇق ئېيتالايدىغان ئىككى ـ ئۈچ نەپەرلا ياشانغان مۇقامچىلارلا قالغان بولۇپ ، ئون ئىككى مۇقام يوقىلىپ كېتىش گىرداۋىغا بېرىپ قالغانىدى .

شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئون ئىككى مۇقامنى جىددىي قۇتقۇزۇۋېلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى . ئون ئىككى مۇقامنى قۇتقۇزۇۋېلىش ، توپلاش ، رەتلەش ، نەشر قىلىش ، راۋاجلاندۇرۇش بويىچە يېڭى تارىخىي دەۋر باشلىنىپ ، پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ شانلىق نۇرىدا بۇ قىممەتلىك مۇزىكا مىراسى يېڭى ھاياتقا ئېرىشتى .

ئون ئىككى مۇقامنى سىمغا ئېلىش ئىشى تۇنجى قېتىم 1950 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە باشلاندى.

شۇ يىلى، سەنئەت ئەربابى، سابىق يەكەن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى قاسىمجان قەمبىرى قاغىلىق ناھىيىسىدە مەشھۇر مۇقام ئۇستازى تۇردى ئاخۇن ئاكىنى بايقاپ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە مەلۇم قىلدى. سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ تۇردى ئاخۇن ئاكا بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ھوشۇر ئاخۇن، قەشقەرلىق مۇقامچى قاسىم ئاخۇن (قاسىم ئەلنەغمە)، ئىلىدىكى مەشھۇر مۇقامچى روزى تەمبۇر، مۇقامشۇناس زىكرى ئەلپاتتا، ئاتاقلىق ئۇيغۇر خەلق ناخشىچىسى ئابدۇۋەلى جارۇللايۇۋلارنى ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلىشى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى بىلەن دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدىكى كومپوزىتور ۋەن تۇڭشۇنى ياردەمگە ئەۋەتىشى بىلەن شۇ يىلى 8 ـ، 9 ـ ئايلاردا ئون ئىككى مۇقام، جۈملىدىن بىرقىسىم ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى سىمغا ئېلىندى.

بۇ قېتىم تۇردى ئاخۇن ئاكا بىلەن ھوشۇر ئاخۇننىڭ ئورۇندىشىدا ئون ئىككى مۇقام، قاسىم ئاخۇننىڭ ئورۇندىشىدا ئون ئىككى مۇقامنىڭ چوڭ نەغمىلىرى، روزى تەمبۇر بىلەن ئابدۇۋەلى جارۇللايۇۋنىڭ ئورۇندىشىدا ئون ئىككى مۇقامنىڭ داستان، مەشرەپلىرىمۇ سىمغا ئېلىنىپ، تۇردى ئاخۇن ئاكا، ھوشۇر ئاخۇن، روزى تەمبۇر، زىكرى ئەلپەتتا، ئابدۇۋەلى جارۇللايۇۋ جۈملىدىن كومپوزىتور ۋەن تۇڭشۇ بىلەن ئايالى لىيەن شياۋمېي ئۇيغۇر مۇزىكا تارىخىدا ئۆچمەس خىزمەت كۆرسەتتى.

1951 ـ يىلى سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىدە «مۇزىكا گۇرۇپپىسى» تەسىس قىلىنىپ، ۋەن تۇڭشۇ، زىكرى ئەلپەتتا

باشلىق ئون ئىككى نەپەر خادىم ناچار ماددىي شارائىت ئاستىدا قاتمۇ قات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تارقىلىپ يۈرگەن ئون ئىككى مۇقامنى توپلاش، سىمغا، لېنتىغا، نوتىغا ئېلىش، رەتلەش، نەشر قىلىش، تەتقىق قىلىش بويىچە ئون يىل جاپالىق، ئەمما ئاجايىپ نەتىجىلىك ئىلمىي خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

1955 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن داغدۇغىلىق تەييارلىق خىزمەتلىرى ئىشلىنىۋاتقان كۈنلەردە تۇردى ئاخۇن ئاكا بىلەن ئوغلى ھوشۇر ئاخۇن يەنە بىر قېتىم ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلىنىپ، تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ ساتار بىلەن ئون ئىككى مۇقامنى پۈتۈن تېكىستلىرى بويىچە ئوقۇپ چىقىشى، ھوشۇر ئاخۇننىڭ داپ چېلىپ بېرىشى بىلەن ئون ئىككى مۇقام قايتىدىن تەپسىلىي لېنتىغا ۋە پلاستىنكىغا ئېلىندى. شۇنداقلا، روزى تەمبۇر، قاسىم ئاخۇن، روزى ھوشۇر قاتارلىق مۇقامچىلارنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم مۇقام ئورۇنداشلىرىمۇ لېنتىغا ئېلىندى.

تۇردى ئاخۇن ئاكا يەكەن سەئىدىيە خانلىقى زامانىدا رەتلەنگەن كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نوپۇزلۇق ۋەكىلى، ئون ئىككى مۇقامنى ئەڭ تولۇق ۋە ئەڭ ساپ ساقلاپ دەۋرىمىزگىچە يەتكۈزگەن پىشقەدەم نامايەندە، يىتۈك مۇقام ئۇستازى، تۆھپىكار مۇقامشۇناس بولۇپ، ئۇ بۇ بۈيۈك تۆھپىسى بىلەن 1987 ـ يىلى ب د ت تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان «دۇنيا مۇزىكا قامۇسى» غا كىرگۈزۈلدى. ئۇ ئۇيغۇر مۇزىكا تارىخىدا تۇنجى قېتىم «دۇنيا مۇزىكا قامۇسى» غا كىرگۈزۈلگەن مەشھۇر شەخستۇر.

بۇ قېتىمقى ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرىنى رەتلەشكە

شائىرلاردىن نىمشېھىد ئەرمىيا ئېلى داموللا سايرامى، ئەرشىددىن تاتلىق، رەتلەنگەن تېكىستلارنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ ۋە ياسىن ھاجى خۇدابەردى، تەرجىمە قىلىشقا شائىر، ئەدەبىي تەرجىمان ئابدۇكېرىم خوجا، نوتىغا سېلىشقا كومپوزىتور ۋەن تۇڭشۇ ئىشتىراك قىلىپ، قالتىس خىزمەت كۆرسەتتى.

ۋەن تۇڭشۇ باشچىلىقىدىكى ھەرمىللەت مۇزىكا خادىملىرى 1955 ـ يىلىدىن 1960 ـ يىلىغىچە، تۇردى ئاخۇن ئاكا بىلەن ھوشۇر ئاخۇن 1955 ـ يىلى ئورۇندىغان ئون ئىككى مۇقامنى نوتىغا ئېلىپ نەشرگە تاييارلىدى. تۇردى ئاخۇن ئاكا ئورۇندىغان نۇسخىسىغا ئاساسەن نوتىغا ئېلىنغان ئون ئىككى مۇقام 1960 ـ يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى بىلەن مۇزىكا نەشرىياتى تەرىپىدىن ئىككى توملۇق كىتاب بولۇپ نەشر قىلىندى ۋە شۇنىڭ بىلەن ئون ئىككى مۇقام قۇتقۇزۇپ قېلىندى.

بۇ كاتتا مۇۋەپپەقىيەت دەرھال جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى مۇزىكا ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئالاھىدە دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى. «خەلق گېزىتى»، «خەلق مۇزىكىسى»، «شىنجاڭ گېزىتى» قاتارلىق نوپۇزلۇق گېزىت ـ ژۇرناللار ئارقا ـ ئارقىدىن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى مەشھۇر ئەربابلارنىڭ ماقالىلىرىنى ئېلان قىلىپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى توپلاش، رەتلەش خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرگەن بۇ كاتتا نەتىجىسىنى تەبرىكلىدى ھەم ئون ئىككى مۇقام نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى شەرھلەپ، بۇ كلاسسىك مۇزىكا ئەسىرىنى «شەرق مۇزىكىسىنىڭ گۆھىرى، ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا مىراس» دەپ تەرىپلىدى؛ جۇڭگو مەملىكەتلىك 4 ـ نۆۋەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىدا

« نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن شەرق مۇزىكا تارىخىدىكى غايەت زور بايلىق » دەپ يۈكسەك باھا بەردى .
« تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » يوقىتىلغاندىن كېيىن ، بولۇپمۇ پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئارىلىقتا ئۈزۈلۈپ يىللار ئۈزۈلۈپ قالغان مۇقام تەتقىقاتى نورمال ئىزغا سېلىنىپ ، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ يېڭى باھارى يېتىپ كەلدى .
1976 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى مۇقام ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى . 1981 ـ يىلى ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ بىۋاسىتە تەشەببۇسى ۋە قوللىشى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام تەتقىقات ئىشخانىسى قۇرۇلدى . 1989 ـ يىلى 3 ـ ئايدا تۆمۈر داۋامەتنىڭ قوللىشى ۋە تەشەببۇسى بىلەن شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى ، 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئون ئىككى مۇقام ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلدى . بۇنىڭ بىلەن ، ئون ئىككى مۇقامنى قېزىش ، توپلاش ، رەتلەش ، ئورۇنداش ، سەھنىلەشتۈرۈش ، تەتقىق قىلىش ، نەشر قىلىش خىزمىتى تەشكىللىي ، ماددىي ، ئىلمىي كاپالەتكە ئىگە بولۇپ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى . تۇردى ئاخۇن ئاكا ئورۇندىغان ئون ئىككى مۇقام نۇسخىسىغا ئاساسەن مۇزىكا خادىملىرىنىڭ قىرىق يىل جاپالىق ئىلمىي ئىزدىنىشى ، ئىجتىھاد بىلەن ئىشلىشى ئارقىلىق ئون ئىككى مۇقامنى توپلاش ، رەتلەش ، نەشر قىلىش ، سەھنىلەشتۈرۈش جەھەتتە غايەت زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى . 1990 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى شىنجاڭ خەلق سارىيىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نادىر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقامنى قېزىش ،

توپلاش، قايتىدىن تولۇق يۈرۈشى بىلەن رەتلەپ چىقىش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملانغانلىقىنى جاكارلاپ، بۇ، پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت سېپىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن شانلىق نەتىجە، بۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭلا ئەمەس، پۈتكۈل ئېلىمىز خەلقىنىڭ كلاسسىك مىللىي سەنئەت ساھەسىدىكى غايەت زور زەپەر تەنتەنىسى، دېدى.

## ۋارىسلىق قىلىش — يېڭىلىق يارىتىش دېمەكتۇر

خەلقىمىزنىڭ ئون ئىككى مۇقامىدىن ئىبارەت تارىختىكى بۇ ئۇلۇغ مەدەنىيەت مىراسىنى ھازىرقى زامان سەنئىتىمىزنىڭ مەنبەسى سۈپىتىدە قەدىرلەش، ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش، ۋارىسلىق قىلىشتىن مەقسەت — ئېسىل مىللىي، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق، ناخشا ـ ئۇسسۇلنى ئاساس، ئون ئىككى مۇقامنى مەنبە ۋە خۇرۇچ قىلغان ئۇيغۇر سەنئىتىنى زامانىۋىلىق يولىغا باشلاش، مۇقامنىڭ سەنئەت شەكلى، ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى ئۆرنەك قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئىجادىي پايدىلىنىپ، يېڭى دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك مەزمۇن ۋە مىللىي شەكىل تەلىپى بويىچە قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، كونىلىرىدىن يېڭىنى يارىتىپ، كۈچلۈك دەۋر روھىغا ۋە روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە، يۇقىرى بەدىئىي سۈپەتكە ۋە تەسىرچانلىققا ئىگە بولۇش خاراكتېرىدىكى بىر تۈركۈم نادىر مۇزىكا ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىپ، شىنجاڭنىڭ سەنئەت سەۋىيىسىنى، بولۇپمۇ ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىنى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتكۈزۈپ، شۇ ئاساستا يېڭى ۋە يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ، پۈتۈن مەملىكەتكە ۋە دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشتىن

www.uyghurkitap.com

ئىبارەت .

بىز ئون ئىككى مۇقام مۇزىكىلىرىدىن پايدىلىنىش، ئىجادىي ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ پايدىلىنىش، بەزى تېكىستلىرىنى مەزمۇنەن ئۆزگەرتىپ ئىشلەش ئارقىلىق كۆپلىگەن ئوپېرا، تىياتىر مۇزىكىلىرىنى ئىشلىدۇق؛ مۇقامنى « خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش »، « قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش »، « كونىلىرىدىن يېڭىنى يارىتىش »، سوتسىيالىستىك يېڭى دەۋرگە خىزمەت قىلدۇرۇش جەھەتتە دەسلەپكى قەدەمدە ئىزدىنىپ، سىناق ئېلىپ بېرىپ، خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، قەدىمكى سەنئەت بىلەن هازىرقى مۇزىكا، ئۇسلۇبنى بىرلەشتۈرۈش جەھەتتە بەلگىلىك ئىجادىيەت تەجرىبىسىگە ئىگە بولدۇق .

1965 ـ يىلى « ئوششاق » مۇقامى ئاساسىدا چوڭ تىپتىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل ئىجاد قىلىنغاندىن كېيىن، 1975 ـ يىلى مۇقام مۇزىكىلىرى ئاساسىدا، ياپونغا قارشى ئىنقىلابىي كۈرەش تېما قىلىنغان ئوپېرا « قىزىل چىراغ » ئۇيغۇرچىغا ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلىنىپ، قەدىمكى سەنئەت بىلەن هازىرقى زامان مۇزىكا ـ ئۇسسۇلنى بىرلەشتۈرۈش ــ « كونىدىن يېڭىنى يارىتىش » جەھەتتە سىناق ئېلىپ بارغان، ئىزدەنگەنىدۇق . بولۇپمۇ پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، « ئۆزهال » مۇقامى ئاساسىدا ئىشلەنگەن چوڭ تىپتىكى ناخشا ئۇسسۇل ــ « مۇقام يۇرتىنىڭ باهارى »، شۇنداقلا، مۇقام نەغمىلىرى، داستانلىرى ئاساسىدا قايتا سەهنىلەشتۈرۈلگەن « غېرىب ـ سەنەم » ئوپېراسى ۋە « مۇقام ئەجدادلىرى »، « ئامانىسا »، « پەرهاد ـ شىرىن » ئوپېرالىرى، جۈملىدىن مۇقام نەغمىلىرى، داستانلىرى ۋە مەشرەپلىرى ئاساسىدا ئىشلەنگەن

www.uyghurkitap.com

كۆپلىگەن ناخشا ـ مۇزىكا ۋە ئۇسسۇللار ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشى، ياقتۇرۇپ كۆرۈشى، يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى.

ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىنى شۇكى، 1990 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاستە غەمخورلۇقى ۋە كۆيۈنۈشىدە، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» كۆچلۈك قوللىشى ئارقىلىق، شىنجاڭ مۇقام ئانسامبلى بىلەن شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى بىرلىشىپ، «ئۆزھال» مۇقامى ئاساسىدا چوڭ تىپتىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل «مۇقام يۇرتىنىڭ باھارى» نى ئىشلەپ چىقتى. كۈچلۈك دەۋر روھىغا، روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە، يۇقىرى بەدىئىي سۈپەتكە ئىگە بۇ يېڭى دەۋر مۇقامىدا پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور نەتىجىلىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، ساغلام ئىدىيىۋى مەزمۇن بىلەن مۇكەممەل بەدىئىي شەكىل ئورگانىك بىر گەۋدە قىلىنغانلىقى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېستېتىك تەلەپ ـ زوقلىنىشى نەزەرگە ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئوينىلىشى بىلەنلا جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر قوزغاپ قىزغىن قارشى ئېلىندى؛ تاماشىبىنلار سەنئەتتىن بەھرە ئېلىپلا قالماي چوڭقۇر تەربىيە ئالدى؛ ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا يېڭىلىق يارىتىش، ئەنئەنىۋى سەنئەت شەكلىدىن تېرىشىپ پايدىلىنىپ ۋە ئۇنى يېڭىلاپ، يېڭى دەۋرنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئارقىلىق مىللىتىمىزنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، خەلقنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىگە ئىلھام بېرىپ، كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى گۈزەللەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش

ئۇچۇن ياخشى ئۆرنەك بىلەن تەمىن ئەتتى .

## قالتىس ئالقىش ، دۇنياۋى شۆھرەت

ئون ئىككى مۇقام ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى سۈپىتىدە خەلقىنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدىنى ئىپادىلىگەنلىكى ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا تولىمۇ يېقىن بولۇشى ، خەلقنىڭ ئىستېتىك ئېڭى ۋە ھۇزۇرلىنىش ئادىتىگە ئۇيغۇن كەلگەنلىكى ، مۇزىكا ، ئۇسسۇل ، ناخشا بىرلەشتۈرۈلگەن ئالاھىدە سەنئەت تۈرى بولغانلىقى ، مۇزىكا رىتىمىنىڭ ئاجايىپ گۈزەللىكى ، تەسىرلىك جەلپ قىلىش كۈچى ، خىلمۇ خىل ئىپادىلەش شەكلى ، يېقىملىق ، سەلتەنەتلىك بايان خاراكتېرلىك سەنئەت ئۇسلۇبى يېڭى دەۋر سەنئىتىدە ھېلىمۇ ئاجايىپ زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇپ ، ئۇنى بىۋاسىتە سەھنىلەشتۈرۈش ئارقىلىق سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرۇپ ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتقىلى ، پۈتۈن مەملىكەتكە ۋە دۇنياغا يۈزلەندۈرگىلى بولىدۇ . مەشرەپ شەكلىدە سەھنىلەشتۈرۈلگەن « چەببىيات » مۇقامىنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردە ئورۇندىلىپ قالتىس مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقى ، جۇڭگو ۋە چەت ئەل تاماشىبىنلىرىنىڭ غايەت زور ئالقىشى ۋە يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەنلىكى بۇنىڭ روشەن دەلىلىدۇر .

« چەببىيات » مۇقامى سەھنىلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن ، ئاپتونوم رايونىمىزدا يۈز مەيداندىن ئارتۇق قويۇلدى . ھەر مىللەت تاماشىبىنلىرى قايىللىق بىلەن : « مۇقامدىن ھەقىقىي ھۇزۇرلاندۇق » دېيىشتى .

« چەببىيات » مۇقامى 1986 ـ يىلى 10 ـ ئايدا بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن « 4 ـ نۆۋەتلىك جۇڭخۇا ساداسى — مۇزىكا

كۆرىكى » دە ئورۇندىلىپ پايتەختتىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى رەھبەرلەر ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. 1987 ـ يىلى 9 ـ ئايدا تۇنجى قېتىملىق « جۇڭگو سەنئەت بايرىمى ــ تەڭرىتاغدا كۈز » سەنئەت بايرىمىدا ۋە 1988 ـ يىلى 7 ـ ئايدا چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى شىنىڭ شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن « 4 ـ نۆۋەتلىك غەربىي شىمال مۇزىكا ھەپتىلىكىنىڭ شىخەي مۇزىكا كۆرىكى » دە ئورۇندىلىپمۇ قىزغىن قارشى ئېلىندى. لى رۇيخۇەن ئۈرۈمچىدە « چەببىيات » مۇقامىنى كۆرگەندە: « ئاجايىپ ئېسىل سەنئەت ئىكەن، تېكىستلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ پۈتۈن مەملىكەتكە تونۇشتۇرۇڭلار » دېدى.

1992 ـ يىلى 11 ـ ئايدا بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن « جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامى پائالىيىتى » جەريانىدا، 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى كەچتە خەلق سارىيىدا « چەببىيات » مۇقامىنىڭ چوڭ نەغمىسى، مۇقاملاردىن پارچىلار، مۇقام سىمفونىيىسى ئورۇندىلىپ، ئويۇننى 90 غا يېقىن دۆلەتنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىرى، چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار، پايتەختتىكى مۇناسىۋەتلىك مىنىستىرلىك، ئىدارىلەرنىڭ مەسئۇللىرى، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن مۇقام ئالىملىرى، مۇتەخەسسىسلەر، پايتەخت خەلقىدىن بولۇپ 2000 دىن ئارتۇق كىشى قىزىقىپ كۆرۈپ، قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى.

« جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامى پائالىيىتى » جەريانىدا « چەببىيات » مۇقاملا ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ خەلق سارىيى، بېيجىڭ مۇزىكا زالى، مەركىزىي مىللەتلەر ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ زالىدا ۋە پايتەخت پولات ـ تۆمۈر شىركىتىدە توققۇز مەيدان ئورۇندىلىپ، قىزغىن ئالقىش سادالىرىغا كۆمۈلدى.

مۇقام سىمفونىيىسى ئورۇندالغان تۇنجى كۈنى 30 دىن كۆپرەك تىيەنجىنلىك خۇەيخې دەرياسى بويىدىن ئاپتوبۇس بىلەن بېيجىڭغا كېلىپ سىمفونىيىنى ئاڭلىدى ۋە كېچىلەپ تيەنجىنگە قايتتى، ئۇلار خۇشاللىق بىلەن: « شىنجاڭدا مۇشۇنداق سىمفونىيىنىڭ بارلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىكەنمىز، سەۋىيىسى ئىنتايىن يۇقىرى ئىكەن » دېيىشتى.

« چەببىيات » مۇقامىنىڭ، جۈملىدىن بەزى مۇقام بۆلەكلىرىنىڭ سىمفونىيىلەشتۈرۈلۈپ خەلق سارىيىدا ئورۇندىلىشى بېيجىڭدا قالتىس زىلزىلە پەيدا قىلدى. تاماشىبىنلار چىن قەلبىدىن ھاياجانلىنىپ: « قالتىس مۇۋەپپەقىيەت » دەپ ئالقىش ياڭراتتى. بەزى ئالىملار بۇ « ئون ئىككى مۇقامنى خەلقئارا سەھنىگە ئېلىپ چىقىشنىڭ توغرا يولى » دېيىشتى. چەت ئەللەرنىڭ دۆلىتىمىزدە تۇرۇشلۇق بەزى ئەلچىلىرى ۋە مەدەنىيەت مەسلىھەتچىلىرى ھاياجانلىنىپ، مۇقام ۋە مۇقام سىمفونىيىلىرىنى ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ سەھنىلىرىدىمۇ كۆرۈشنى بەك ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

« چەببىيات » مۇقامى نادىر مۇزىكا ئەسىرى سۈپىتىدە دۇنياغا يۈزلىنىپ دۆلىتىمىزگە قالتىس شان ـ شەرەپ كەلتۈردى.

1987 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئەنگلىيىنىڭ پايتەختى لوندوندا ئۆتكۈزۈلگەن « خەلقئارا ئەنئەنىۋى مۇزىكا بايرىمى » مۇناسىۋىتى بىلەن ئايال پادىشاھ ئېلىزابىت مۇزىكا زالىدا « چەببىيات » مۇقامى ئورۇندالغاندا تاماشىبىنلار ھاياجانغا تولۇپ، چاۋاك چېلىپ، تەنتەنە قىلىپ، زالنى لەرزىگە كەلتۈردى. ئەنگلىيە BBC رادىئو شىركىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى، مۇزىكاشۇناس ئاندېرسىن ئەپەندى: « بۈگۈن ئۇيغۇر مۇقامىنىڭ كامالەتكە يەتكەن ئىجراسىنى ئاڭلىدىم » دېدى. ئەنگلىيىنىڭ گېزىت ـ ژۇرناللىرى، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى « چەببىيات »

مۇقامى ھەققىدە باھا، ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ كەڭ كۆلەمدە تونۇشتۇردى. تاماشىبىنلار: « ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام › دۇنيا مۇزىكا خەزىنىسىدىكى گۆھەر ئىكەن » دەپ باھا بېرىشتى.

« چەببىيات » مۇقامى 1988 ـ يىلى ئۆكتەبىردە شياڭگاڭ رايونىدا ئۆتكۈزۈلگەن « 12 ـ قېتىملىق ئاسىيا سەنئەت بايرىمى » دا ئورۇندىلىپ قىزغىن ئالقىشلاندى. « چەببىيات » مۇقامىنىڭ ئورۇندىلىشى بۇ قېتىمقى سەنئەت بايرىمىنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈردى. بۇ ئون بىر دۆلەت ۋە رايوننىڭ ئىچىدە ئەڭ ئالدىنقىسى بولدى. شياڭگاڭ گېزىتلىرى « چەببىيات » مۇقامى توغرىسىدا قىرىق سەككىز پارچە ماقالە ئېلان قىلدى. بۇ ماقالىلەردە: « شىنجاڭدىن بىر توپ قىزىلگۈل كېلىپ ئاسىيا سەنئەت بايرىمىنى قىزىلگۈلگە پۈركىدى » دېيىشتى. ياپونىيە مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ ئويۇن ئۇيۇشتۇرغۇچىسى شياۋچەي خانىم ئويۇننى كۆرگەندىن كېيىن قىزغىن ھېسسىيات بىلەن: « سىلەر ئورۇندىغان بۇ مۇقام ئاسىياغا ھەم ياۋروپاغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. سىلەرنىڭ ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشكە تىرىشىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن بۇ ئىشتا سىلەرگە كۆۋرۈكلۈك رول ئويناپ بېرىشكە رازىمەن » دېدى. ئامېرىكىلىق ئاتاقلىق مۇزىكاشۇناس، پروفېسسور يۈسۈف فاخول چىيەك ئەپەندى « چەببىيات » مۇقامىنى ئۇدا ئىككى قېتىم كۆرگەندىن كېيىن، ئىنتايىن ھاياجانلانغان ھالدا: « مەن ئاھاڭدارلىقى يېقىملىق، رىتىمچانلىقى كۈچلۈك، ئاھاڭ بايلىقى مول، ھەجمى چوڭ بولغان مۇنداق مۇقامنى ھازىرغىچە ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن. بۇ، ھەققەتەن جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بايلىقى ئىكەن، بۇنى چوقۇم قوغداپ قېلىش كېرەك. ئىمكانىيەت بولسا ‹ ئون

ئىككى مۇقام 》 نىڭ ھەممىسىنى مۇشۇنداق مىللىي شەكىل ئارقىلىق دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشنىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن » دېدى.

1990 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 20 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىسلامئاباد، كاراچى، لاھور، راۋالپىندى، پىشاۋۇر شەھەرلىرىدە زىيارەتتە بولۇپ ئويۇن قويۇپ، « چەببىيات » مۇقامىنى ئورۇنداپ، ئورتاق ھېسسىيات، كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. « چەببىيات » مۇقامى تۇنجى كۈنى ( 5 ـ مارت ) كاراچىدا قويۇلغاندا كۈلۈبقا لىق تولغان تاماشىبىنلار ئويۇن داۋامىدا باشتىن ـ ئاياغ گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرىنى ياڭرىتىپ تۇردى. ئويۇن ئاخىرلاشقاندا سېندى ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى : « سىلەرنىڭ ئويۇنىڭلار مېنى ئۆزىگە بەكمۇ جەلپ قىلىۋالدى. بۇ مەن ئۇچۇن بىر قېتىملىق سەنئەت گۈزەللىكىدىن بەھرە ئېلىش بولدى... مۇقامىڭلار پاكىستاننىڭ خەلق سەنئىتى بىلەن بەكمۇ يېقىن ئىكەن، شۇڭا بىزگە بەكمۇ يېقىن تۇيۇلدى » دېدى.

3 ـ ئاينىڭ 9 ـ، 10 ـ كۈنلىرى لاھوردا قويۇلغان ئىككى مەيدان ئويۇنمۇ قىزغىن ئالقىشلاندى. پەنجاپ ئۆلكىسىنىڭ مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە نازىرى، سەنئەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شاھناز شۇدىرى خانىم شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلىدىكىلەرگە : « سىلەرنىڭ ئويۇنۇڭلارنىڭ سەۋىيىسى ھەقىقەتەن يۇقىرى ئىكەن، نومۇرلىرىڭلارنىڭ مەزمۇنى مول، رىتىمى ئېنىق ئىكەن، كىشىنى بەكمۇ خۇشاللاندۇرىدىكەن، روھلاندۇرىدىكەن، سىلەر قويغان ئويۇن لاھورنى قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمدۈردى » دېدى.

پاكىستاندىكى ئون ئالتە كۈنلۈك ئويۇن قويۇش جەريانىدا شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى بارغانلا يېرىدە ئىنتايىن قىزغىن قارشى ئېلىندى. پاكىستاننىڭ مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ـ ساياھەت

ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىچكى كابىنېت مىنىستىرى قايىللىق بىلەن :
« جۇڭگو ھۆكۈمىتى مەدەنىيەت قورۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت
بېرىدىكەن ، سىلەرنىڭ خەلق ئارىسىدا تارقالغان قەدىمكى
سەنئەتنى توپلاپ ، رەتلەپ ، سەھنىلەشتۈرۈپ يېڭى ھاياتقا ۋە شان
ـ شەرەپكە ئىگە قىلغانلىقىڭلار ئۆگىنىشكە ، ئۆرنەك قىلىشقا
ئەرزىيدۇ » دېدى . ئويۇننى كۆرگەن جۇڭگو مۇھاجىرلىرى
تەسىرلەنگەنلىكىدىن كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالغان ھالدا :
« سىلەرنىڭ ئېسىل مۇقامىڭلار ئانا ۋەتىنىمىزگە شان ـ
شەرەپ كەلتۈردى . جۇڭگو ـ پاكىستان ئىككى دۆلەت خەلقلىرى
ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە
قوشتى ، بىز سىلەر بىلەن پەخىرلىنىمىز » دېيىشتى . پاكىستان
گېزىت ـ ژۇرناللىرى ۋە رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى
شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلىنىڭ پائالىيەتلىرىنى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق
قىلدى .

1991 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىن 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ
كۈنىگىچە « چەببىيات » مۇقامى ياۋروپادا ئۆتكۈزۈلگەن « ياۋروپا ـ
يىپەك يولى سەنئەت بايرىمى » غا قاتناشتۇرۇلۇپ ، بايرام مەزگىلىدە
گېرمانىيىنىڭ بېرلىن ، ميۇنخېن ، كيولن ، ماينىز ، فرانكفورت
شەھەرلىرىدە ، بېلگىيىنىڭ بريۇسسېل شەھىرىدە ، شۋېيتسارىيىنىڭ
جەنۋە ، بېرن ، بازىل شەھەرلىرىدە ، گوللاندىيىنىڭ ئامستېردام
ۋە دېڭىز قىرغىقى شەھەرلىرىدە ئورۇندىلىپ ياۋروپا ئەللىرىدىكى
خەلقلەرنىڭ ، ھەر ساھە ئەربابلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك قىزغىن
ئالقىشىغا ، يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى .

شەرق مۇزىكىسى غەربىي ياۋروپا سەھنىسىدە ، ياۋروپا
خەلقىنىڭ سەنئەتتىن ھوزۇرلىنىش ئادىتى ، ئېستېتىك خاھىشىغا
ئۇيغۇن كېلەمدۇ ـ يوق ، دېگەن مەسىلىدە دەسلەپتە بىزدىمۇ تازا

ئىشەنچ يوق ئىدى. لېكىن گېرمانىيىنىڭ ميۇنخېن شەھىرىدە قويۇلغان تۇنجى مەيدان ئويۇنىمىز ئاجايىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. ئويۇن باشلىنىپ، قەدىمكى پاسوندىكى مىللىيچە كىيىملىرىنى كىيگەن، ساتار، دۇتار، غىجەك، خۇشتار، تەمبۇر قاتارلىق مىللىي چالغۇلارنى تۇتقان مۇقامچىلىرىمىز سەھنىدە پەيدا بولغاندا زال ئىچىدە ئۈزۈنغىچە ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى. «چەببىيات» مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسى باشلانغاندا، چاۋاك ئاۋازلىرىدا زىلزىلىگە كەلگەن ھەيۋەتلىك زال ئىچى بىردىنلا ئىمتاسلىققا چۆكتى. مۇقامنىڭ چوڭ نەغمە، داستان، مەشرەپتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ قىسمىنىڭ ھەربىر بۆلەكچىسى ئاخىرلاشقاندا زال ئىچىدە قىزغىن چاۋاك، چۇقان سادالىرى ياڭراپ تۇردى. مۇقامنىڭ پۈتۈن قىسمى ئورۇندىلىپ بولغاندىن كېيىن ئېلانچىكىلىرىمىز سەھنىگە چىقىپ، ئويۇننىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى قايتا ـ قايتا ئېلان قىلغان بولسىمۇ، تاماشىبىنلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ چاۋاك چېلىپ، چۇقان كۆتۈرۈپ، ئويۇننى يەنە داۋاملاشتۇرۇشنى قاتتىق تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئاخىر مۇقامچىلىرىمىز قايتىدىن سەھنىگە چىقىپ، «راك» مۇقامىدىن ئارىيە بىلەن بىر قانچە ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكا ئورۇنداشقا مەجبۇر بولدى. ئەسلىدە شۇ مەيدانلىق ئويۇندا بىزگە بېرىلگەن ۋاقىت بىر سائەت ئون مىنۇت ئىدى. ئەمما تاماشىبىنلارنىڭ قايتا ـ قايتا تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋېلىشى بىلەن تۇنجى مەيدانلىق ئويۇن ئىككى سائەت داۋاملاشتى. ئويۇن ئاخىرلاشقاندا ميۇنخېن مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ مەسئۇلى، بۇ قېتىملىق سەنئەت بايرىمىنىڭ ۋەكىلى، مۇزىكاشۇناس مارىي خانىم ئويۇنىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقى ئۈستىدە توختىلىپ: «بۈگۈن تۇنجى مەيدان ئورۇندىغان ئويۇنۇڭلار گېرمانىيە تاماشىبىنلىرىنىڭ قەلبىگە

بىر خىل گۈزەل ـ ئېستېتىك زوق بېغىشلاپ، قىزغىن ئالقىشلاندى. سىلەر چالغان مۇزىكىلار، ئېيتقان ناخشىلار، سىلەرنىڭ ئورۇنداش ماھارىتىڭلار مەندە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. ئويۇن نومۇرلىرىڭلار كۆپ خىل ۋە جەلپ قىلارلىق ئىكەن. بىز سىلەرنى تەبرىكلەيمىز، گېرمانىيە خەلقى سىلەرنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ» دېدى.

ئىككىنچى مەيدان ئويۇن بېرلىن شەھىرىنىڭ مۇزىكا زالىدا قويۇلدى. «چەببىيات» مۇقامى ئورۇندىلىپ مەشرەپ قىسمىغا كەلگەندە، تاماشىبىنلار ھاياجىنىنى باسالماي ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، سەھنىگە چىقىپ مۇقامچىلىرىمىز بىلەن بىرلىكتە ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى. پۈتۈن زال قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمدى. ئويۇن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ياۋروپا خەلق سەنئىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، «ياۋروپا يىپەك يولى سەنئەت بايرىمى» نىڭ رەئىسى، دوكتور خەبب توما ئەپەندى بىزگە: «جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامچىلىرىنى تەكلىپ قىلغانلىقىمنىڭ نەتىجىسىنى كۆردۈم. بۇ ئىشتا تامامەن توغرا قىلغانلىقىمدىن پەخىرلىنىمەن. بۈگۈنگىچە بۇ زالدا نۇرغۇن سەنئەت ئۆمەكلىرى ئويۇن قويغانىدى. ئەمما بېرلىن خەلقىنى سىلەردەك ھاياجانغا سالغان ئۆمەك بۇ سەھنىگە كەم چىقتى» دېدى.

«چەببىيات» مۇقامى بىلگىيە، شۋېيتسارىيە ۋە گوللاندىيىدىمۇ ئاجايىپ قىزغىن قارشى ئېلىندى. شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى بېلگىيىنىڭ پايتەختى برىيۇسسېل شەھىرىنىڭ مۇزىكا زالىدا ئويۇن قويغاندا دۆلىتىمىزنىڭ بېلگىيىدە ۋە ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شاۋ داۋشىن ھاياجانلانغان ھالدا سەھنىگە چىقىپ: «بىز جۇڭگولۇق بولغانلىقىمىز بىلەن

پەخىرلىنىمىز ، مەن تا ھازىرغىچە بۇ يەردىكى تاماشىبىنلارنى ھاياجانغا سېلىپ بۇ قەدەر ئالقىشلانغان ئۆمەكنىڭ ئويۇنىنى تېخى كۆرمىگەنىدىم . بىز سىلەر بىلەن پەخىرلىنىمىز » دېدى .

ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ، شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلىنىڭ ئوسمان ئەمەت ، مۇھەممەت تۇرسۇن قاتارلىق ياش مۇقامچىلىرىدىن تەركىب تاپقان جۇڭگو شىنجاڭ مۇقام ئۆمىكى 1993 - يىلى 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 7 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلگەن « ئىران مۇزىكا بايرىمى » غا قاتنىشىپ مۇكاپاتقا ئېرىشىپ ، ۋەتىنىمىزگە شان - شەرەپ كەلتۈردى .

تۇنجى مەيدان ئويۇننى جۇڭگو شىنجاڭ مۇقام ئۆمىكى قويدى . ئويۇن جەريانىدا ئوسمان ئەمەت ئورۇندىغان « چەببيات مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسى » ، « راك مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسى » ، مۇھەممەت تۇرسۇن ئورۇندىغان « چارىگاھ مۇقامىنىڭ 3 - داستانى » ، « مۇقام ئەجدادى » قاتارلىق مۇقام - ناخشىلار تاماشىبىنلارنىڭ توختىماي ياڭراتقان ئالقىش سادالىرى ئىچىدە قايتا - قايتا ئورۇندالدى . ئىران تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ، ئىران رادىئو ئىستانسىسى ئويۇننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى پۈتۈن مەملىكەتكە كۆرسەتتى ۋە ئاڭلاتتى . ئىراننىڭ گېزىت - ژۇرناللىرى ئويۇننىڭ مۇۋەپپەقىيىتى توغرىسىدا خەۋەر - ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى . مۇقام ئۆمىكى تەلەپ بويىچە تېھراندا يەنە بىر نەچچە مەيدان ئويۇن كۆرسەتتى . مۇزىكا بايرىمى ئاخىرلاشقاندا ئىران مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ۋە باھالاش كومىتېتى جۇڭگو شىنجاڭ مۇقام ئۆمىكىگە « شەرەپ مۇكاپاتى » بەردى .

دېمەك ، « چەببيات » مۇقامىنىڭ دۆلىتىمىزدە ۋە خەلقئارادا شۇنچە زور تەسىر قوزغاپ ، دۇنياۋى كاتتا شۆھرەتكە

ئېرىشكەنلىكى « ئون ئىككى مۇقام » دىن ئىبارەت بۇ ئېسىل مىللىي سەنئەتكە بولغان پەخىرىيمەنلىك ۋە ھۆرمەتىمىزنى ئاشۇرۇپلا قالماي ، مىللىتىمىزنىڭ مۇقامدىن ئىبارەت بۇ بىباھا گۆھىرىنى تېخىمۇ قەدىرلەش ، تېخىمۇ جۇلالاندۇرۇش ، ئۇنى دۇنيا سەھنىلىرىگە يۈزلەندۈرۈشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى ؛ بۇ ئېسىل مىللىي سەنئىتىمىزنى خىلمۇ خىل شەكىللەر بىلەن سەھنىلەشتۈرۈپ ۋە ئۇنى يېڭى دەۋر سەنئەت ئىجادىيىتى ئۈچۈن مەنبە ۋە خۇرۇچ قىلىپ ، تاماشىبىنلارنىڭ ئېستېتىك زوقىغا ھۆرمەت قىلىپ ، ئۇلار ياقتۇرىدىغان بەدىئىي شەكىللەرنى تېپىپ چىقىپ ، يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك ئويۇنلىرىمىز بىلەن ئۇنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇپ ، زامانىۋىلىق يولىغا باشلاپ ، مىللىي ھېسسىياتنى تەربىيىلەپ ، مىللىي ھېسسىياتنى ساغلاملاشتۇرۇپ ، مىللىي روھنى يۈكسەلدۈرۈپ ، سوتسىيالىستىك مەزمۇنغا ، روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ زۆرۈر تولۇقلىمىسى ، مۇھىم تەركىبىي قىسمى قىلىشىمىزنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق .

## خاسىيەتلىك يىل ، كاتتا مەرىكە

1992 ــ يىلى ئۇيغۇر مۇقاملىرى تارىخىدا قالتىس خاسىيەتلىك ، قۇتلۇق بىر يىل بولدى . مۇقام ئەھلىنىڭ تارىختا كۆلىمى ئەڭ زور ، تەسىرى ئەڭ چوڭ بولغان ئاپتونوم رايون ، مەملىكەت خاراكتېرلىك كاتتا يىغىلىشى ــ ئاپتونوم رايون بويىچە 2 ــ قېتىملىق ئۇيغۇر « ئون ئىككى مۇقام تەتقاتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى » يەكەندە ، « جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامى پائالىيىتى » بېيجىڭدا قىزغىن تەنتەنە ئىچىدە غەلىبىلىك ئۆتكۈزۈلدى !

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى بىلەن 1992 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 9 ـ كۈنىگىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 2 ـ قېتىملىق ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى مۇقام يۇرتى يەكەن ناھىيىسىدە تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا مۇناسىۋەتلىك ئالىم، مۇتەخەسسىس، سەنئەتكارلار، ئىچكى ئۆلكىلەر ۋە ئاپتونوم رايونىمىز مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىدىن تەكلىپ قىلىنغان 200 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قەييۇم باۋۇدۇن مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ يىغىنغا بېغىشلاپ يازغان تەبرىك خېتىنى ئوقۇپ ئۆتتى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىغا يۈكسەك باھا بېرىپ مۇھىم سۆز قىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايوننىڭ بىر قىسىم پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيەت رەھبەرلىرى، يىغىن قاتناشقۇچىلىرى، يەكەندىكى 5000 دىن ئارتۇق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قاتنىشىشى، شىنجاڭ مۇقام ئانسامبلى، يەكەن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ئارتىسلىرى ئورۇندىغان ياڭراق مۇقام ساداسى، شائىرلارنىڭ يالقۇنلۇق دېكلاماتسىيىلىرى، كوللېكتىپ ساما ئۇسسۇلى ساداسى ئىچىدە يەكەن غەدىگەرلىك باغچىسىدا، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشقان مەشھۇر مۇقام ئۇستازى، شائىرە ئامانىساخاننىڭ ھەيكىلى پۈتۈش مۇناسىۋىتى بىلەن داغدۇغىلىق يوپۇق ئېچىش مۇراسىمى، يەكەن

www.uyghurkitap.com

« ئالتۇنلۇقۇم » قەبرىستانلىقىدا ئامانىساخاننىڭ يىگىدىن ياسالغان قەبرىگاھى پۈتۈشى مۇناسىۋىتى بىلەن تەنتەنىلىك لېنتا كېسىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. تۆمۈر داۋامەت ئامانىساخان ھەيكىلىنىڭ يوپۇقىنى ئېچىپ، بۇ مۇراسىمغا بېغىشلاپ يازغان « زەرەپشان بويىدىكى شادلىق كۆلكىسى » ۋە « ياگرا مۇقام » ناملىق ئىككى شېئىرىنى دېكلاماتسىيە قىلدى. يوپۇق ئېچىش مۇراسىمىدا قەيۇم باۋۇدۇن سۆز قىلىپ، ئامانىساخان ۋە مۇقام ئۇستازى قىدىرخاننىڭ ئون ئىككى مۇقامنى توپلاش، رەتلەش، بېيىتىش ۋە كۆي شەكلى بويىچە يۇرۇشلەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئۇنى بىر پۈتۈن، مۇكەممەل ئىلمىي سىستېمىغا ئىگە چوڭ ھەجىملىك مۇزىكا قامۇسى قىلىپ رەتلەپ چىققان بۈيۈك تارىخىي تۆھپىسىگە يۈكسەك باھا بەردى.

يوپۇق ئېچىش مۇراسىمى ئاياغلاشقاندىن كېيىن تۆمۈر داۋامەت « ئالتۇنلۇقۇم » قەبرىستانلىقىدا ئامانىساخاننىڭ يىگىدىن ياسالغان قەبرىگاھىنىڭ پۈتۈش مۇناسىۋىتى بىلەن لېنتا كەستى.

رەئىس تۆمۈر داۋامەتنىڭ يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن مۇھىم سۆزى ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتىنىڭ يۆنىلىشى ۋە يېتەكچى ئىدىيىسىنى شەرھلەپ، ئالىملار، تەتقىقاتچىلار، سەنئەتكارلارغا زور ئىلھام ۋە مەدەت بەردى. يىغىن جەريانىدا 70 كە يېقىن ئالىم ۋە مۇتەخەسسىس ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى توغرىسىدىكى ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئوقۇپ ئۆتتى. يىغىن قاتناشقۇچىلىرى تولۇپ تاشقان ئىپتىخارلىق بىلەن، ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقامنى قۇتقۇزۇۋېلىش، توپلاش، رەتلەش، نوتىغا، قاپلىق لېنتىغا ئېلىپ نەشر قىلىش ۋە

تەتقىقات جەھەتتە قولغا كەلتۈرۈلگەن زور نەتىجىلەرنى كەڭ ـ كۆلەمدە سۆزلىدى. بۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى قەييۇم باقىدۇن خۇلاسىلەپ ئۆتكەندەك، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەر، سەنئەت ئەربابلىرى، كەڭ سەنئەتخۇمار خەلقنىڭ بىر قېتىملىق كاتتا مۇقام مەرىكىسى، ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ كۆرىكى، ھەقىقەتەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلغان، كۆڭۈل ئازادىلىكىگە تولغان كاتتا يىغىن بولدى؛ شۇنداقلا، ئۆزئارا ئۆگىنىش، تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى؛ بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ ئورتاق ئالغا بېسىش يىغىنى بولدى... يىل ئاخىرىدا بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان تۇنجى قېتىملىق خەلقئارالىق جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامى پائالىيىتىگە ئوبدان ئاساس سالدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەستايىدىل كۆڭۈل بۆلۈپ، ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەر تەرەپلىمە پۇختا تەييارلىق قىلىشى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ باشتىن ـ ئاخىر قىزغىن قوللىشى، مەدەت بېرىشى ۋە يېتەكچىلىك قىلىشى بىلەن 1992 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 20 ـ كۈنىگىچە بېيجىڭدا «جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامى پائالىيىتى» ئۆتكۈزۈلدى. بۇ پائالىيەتكە جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەر، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سەنئەتچىلىرىدىن بولۇپ 300 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسىنىڭ ئەزاسى، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى لى تېيىڭ گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى پېڭغا ۋەكالىتەن يىغىننىڭ ئېچىلىش

www.uyghurkitap.com

مۇراسىمىغا قاتنىشىپ قىزغىن تەبرىكلىدى .

« جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامى پائالىيىتى » ئىلمىي مۇھاكىمە ، ئويۇن قويۇش ، كۆرگەزمە ۋە مۇقام تۆھپىكارلىرىنى مۇكاپاتلاشتىن ئىبارەت تۆت مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ ، مەملىكىتىمىزدە ئۇيغۇر مۇقامىنى ئاساسىي تېما قىلغان تۇنجى قېتىملىق كاتتا ئىلمىي مۇھاكىمە پائالىيىتى ۋە سەنئەت پائالىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا قازاقىستان ، ئۆزبېكىستان ، كورىيە ، گېرمانىيە ، تۈركىيە ، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن ۋە شياڭگاڭ ، تەيۋەندىن كەلگەن ئالىملار ، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ، جۇملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزدىن بارغان ئالىم ، مۇتەخەسسىسلەر ، مەركىزىي مۇزىكا ئىنستىتۇتى ، جۇڭگو مۇزىكا ئىنستىتۇتى ، شاڭخەي مۇزىكا ئىنستىتۇتى ، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى قاتارلىق ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدىن كەلگەن ئىلىم ئەھلىلىرى بىرلىكتە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ ، ئۇيغۇر مۇقاملىرى تەتقىقاتىدىكى يېڭى ئىلمىي نەتىجىلىرىنى يىغىنغا سۇنۇپ ، تارىخىي پاكىتلارغا ھۆرمەت قىلىش ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ، ئىلمىي ئۆلچەم ، ئىلمىي پوزىتسىيىدە چىڭ تۇرۇش ئاساسىدا ، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ شەكىللىنىش ، قېلىپلىشىش تارىخى ، مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى ، مەنبە ـ ئېقىملىرى ۋە ئۇنىڭ ئېلىمىز ۋە دۇنيا مۇزىكا مەدەنىيىتىدە تۇتقان ئورنىنى ئىلمىي يوسۇندا شەرھلەپ ئوبيېكتىپ باھا بەردى . ئۇلار مۇقامنىڭ پەيدا بولۇشى ، شەكىللىنىشى ، تەرەققىياتى ، تارىخى ، مۇزىكا قۇرۇلمىسى ، ئىپادىلەش ئۇسۇلى ، مۇقاملارنىڭ ئىسمى ، تېكىستولوگىيىسى قاتارلىق تەرەپلەردىن تارىخىي يوسۇندا ئەتراپلىق ئىزدىنىپ ، ئىلمىيلىكى كۈچلۈك يېڭى قاراشلارنى

ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلار مۇنداق دېيىشتى: « ئۇيغۇر مۇقامى ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا بارلىققا كەلگەن، تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان، پىشىپلانغان، ئۇ خەلق ئاممىسىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، مۇقام رەسمىي شەكىللەنگەندىن كېيىن زور دەرىجىدە تۇراقلاشتى، شۇنداقلا، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا، ھەتتا كورېيىگىچە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى ».

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن ۋېيۈەنجاڭى سەيپىدىن ئەزىزى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا مەخسۇس تېمىدا سۆز قىلدى. ئۇ ئۆز سۆزىدە، مۇقام تەتقىقاتى، مۇقامغا ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش، ئۆستۈرۈش توغرىسىدىكى تەلەپ ۋە ئۈمىدلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ مۇنداق دېدى: « بۇ قېتىمقى جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا، پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا، ھەتتا ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا مۇقەررەر خاتىرە قالدۇرىدۇ. مۇقام ــ ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيەت تارىخىدىكى غايەت زور بايلىق، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ سەنئەت خەزىنىسىدىكى گۆھەرلەرنىڭ بىرى. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن، مۇقام مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارا ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى جەلپ قىلىدىغان تېمىغا ئايلاندى. ھەم مۇشۇ ئاساستا يېڭى بىر خىل ئىلىم ــ مۇقامشۇناسلىق ئىلمى شەكىللەندى ».

رەئىس تۆمۈر داۋامەتنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا ئەۋەتكەن يازما نۇتقىدا ئۇيغۇر مۇقامىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە بېسىپ ئۆتكەن ئۇزاق تارىخىي مۇساپىسى ئەسلەپ ئۆتۈلگەندىن كېيىن

مۇنداق دېيىلگەن: «ئازادلىقتىن كېيىن ئون ئىككى مۇقام يېڭى هاياتقا ئېرىشتى، پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى مەدەنىيەت ئىشلىرىدا جۇشقۇن هاياتىي كۈچ ئاتا قىلدى. ئون ئىككى مۇقامنى توپلاش، رەتلەش خىزمىتىنىڭ سۈرئىتى تېز بولدى. ئون يۈرۈش مۇقام مۇزىكىسى يېڭىباشتىن نوتىغا ئېلىندى. ‹ ناۋا مۇقامى ›، ‹ پەنجىگاھ مۇقامى ›، ‹ چەببيات مۇقامى › قاتارلىق ئون ئىككى يۈرۈش مۇقام قوتىلىق ئۈنئالغۇ لېنتىسى قىلىپ ئىشلەپ تارقىتىلدى. نۆۋەتتە، مۇقام تەتقىقات ئىشخانىسى ئامېرىكا، فرانسىيە، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە، ئاۋستىرالىيە، تۈركىيە، ئىران، كورىيە ھەم تەيۋەن، شياڭگاڭلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، ئۇيغۇر مۇقامىنى ئورتاق تەتقىق قىلماقتا. بۇنىڭ بىلەن مۇقام خەلقئارادا كەڭ ئالاقە ئورنىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى، ئۇيغۇر مۇقامى خەلقارا مۇنبەرگە، خەلقئارالىق چوڭ سەھنىگە چىقتى».

بۇ قېتىمقى «جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامى پائالىيىتى» دە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان يەنە بىر خاسىيەتلىك ئىش شۇ بولدىكى، بىر ئۆمۈر مۇقام تەتقىقاتى ۋە مۇقام سەنئىتى ئۈچۈن ئاجايىپ سەمەرىلىك ئىلمىي ئەمگەكلەرنى قىلغان، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ۋە يەرلىك مۇقاملارنى ساقلاش، كامالەتكە يەتكۈزۈپ ئورۇنداش، دەۋرىمىزگىچە يەتكۈزۈشتە قالتىس خىزمەت كۆرسەتكەن ئالىملار، تەتقىقاتچىلار، مۇقامچىلار، ئاتاقلىق خەلق سەنئەتچىلىرىدىن ھۇسەنجان جامى، ۋەن تۇڭشۇ، ئەمەتجان ئەھمىدى، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، جۇ جېڭباۋ، ئابلىز شاكىر، قاۋۇل تۇردى، تۇرنىسا سالاھىددىن، ئوسمان ئەمەت، ئېلى ئىسمائىل قاتارلىق ئون نەپەر كىشىگە «مەملىكەت بويىچە ئۇيغۇر مۇقامچىلىقىدا خىزمەت كۆرسەتكەن مۇقامشۇناس» دەپ،

ئابدۇۋەلى جارۇللايۇۋ ، شېرىپ ئاخۇن ، ئۆمەر ئاخۇن ، روزى هوشۇر ، شاھ مۇھەممەت ، مەگۈلەشخان ، ئىسمائىلجان ئۆمەر ، مۇھەممەت تۇردى ، قەييۇم يۇنۇس ، ئىبراھىم ئاخۇن قاتارلىق ئون نەپەر كىشىگە « مەملىكەت بويىچە ئۇيغۇر مۇقامچىلىقىدا خىزمەت كۆرسەتكەن خەلق سەنئەتچىسى » دەپ نام بېرىلىپ ، مۇكاپاتلىنىپ ، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئۇلارغا يۈكسەك شان ـ شەرەپ ئاتا قىلدى .

يەكەندە ئۆتكۈزۈلگەن شىنجاڭ بويىچە 2 ـ قېتىملىق ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى بىلەن بۇ قېتىمقى « جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامى پائالىيىتى » ئارقىلىق ئازادلىقتىن بۇيانقى قىرىق ئىككى يىل مابەينىدە ئون ئىككى مۇقامنى قېزىش ، توپلاش ، رەتلەش ، سەھنىلەشتۈرۈش ، نەشر قىلىش ، تەتقىق قىلىش جەھەتتە قولغا كەلتۈرۈلگەن غايەت زور نەتىجە ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەر داغدۇغىلىق كۆرەك قىلىندى . بۇ ، ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ، كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى ، شۇنداقلا ، ئۇيغۇر مۇقاملىرى تەتقىقاتى بويىچە يېڭى بىر پەن شەكىللىنىشكە باشلاپ ، قابىل ئىلمىي تەتقىقات قوشۇنى مەيدانغا كېلىۋاتقانلىقىنى ، مۇقام تەتقىقاتىنىڭ سىستېمىلىق ، مۇكەممەل ۋە يۈرۈشلەشكەن ھالدا يېڭى تارىخىي باسقۇچقا قەدەم قويغانلىقىنى ، تەتقىقات ئوبيېكتى ، كۆلىمى ، سەۋىيىسىنىڭ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى نامايان قىلدى .

### ياخشى باشلىنىش ، جىددىي تەقەززا

بىز ھازىر ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىزىنى بېسىپ ، ئەۋلادلىرىمىزغا يول ئاچىدىغان ، قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزغا ۋارىسلىق قىلىپ ، يېڭىلىق يارىتىشقا تىرىشىدىغان

تارىخي دەۋردە تۇرماقتىمىز . بىز ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ئۆتمۈشىنى ئەسلەپ ، كەلگۈسىگە نەزەر تاشلىساق ، قەلبىمىز چوڭقۇر ئىپتىخارلىق ، يۈكسەك بۇرچ كۆچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا چۆمۈلىدۇ .

نەتىجىلەر سۆزلەنگەن ۋاقىتتا شۇنىمۇ كۆرۈۋىشىمىز كېرەككى ، ئون ئىككى مۇقامنى قېزىش ، توپلاش ، تولۇق يۈرۈشى بىلەن رەتلەش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن نەتىجىلىك تاماملانغان بولسىمۇ ، بۇ ئىلمىي خىزمەتنىڭ تېخى تەلتۆكۈس تاماملانغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ . يەرلىك مۇقاملار ۋە تۈرلۈك سەنئەت مىراسلىرىنى توپلاش ، رەتلەش ئەمدىلا باشلىنىۋاتىدۇ .

ئون ئىككى مۇقامنىڭ يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ، قېلىپلاشتۇرۇلغان ، سىستېمىلاشتۇرۇلغان مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى ، مول ئاھاڭدارلىقى ، مۇرەككەپ ـ قىيىن ئودار ـ رىتىمچانلىق خۇسۇسىيىتى نۇقتىسىدىن ئالغاندا ، تۇردى ئاخۇن ئاكا ئېيتقان ئون ئىككى مۇقامنى ئاساس قىلىپ ، جايلاردىكى ئەلنەغمىچىلەر تارقاق ھالدا ئورۇندىغان مۇقاملاردىن پارچىلار ۋە خەلق ناخشىلىرىدىن بىر قىسمىنى مۇقاملارغا سەپلىگەنلىكىمىز ئۈچۈن ھازىرقى رەتلەنگەن ئون ئىككى مۇقامنى تېخى تولۇق ، مۇكەممەل ، مۇقىم شەكىلگە كىرگەن ، قېلىپلاشتۇرۇلغان بىردىنبىر نۇسخىسى دەپ ئېيتالمايمىز . ئۇزاق مۇددەتلىك سەنئەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا يەنىمۇ ئىزدىنىشىمىزگە ، تولۇقلىشىمىزغا ، مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ . ئون ئىككى مۇقام ۋە يەرلىك مۇقاملارنى داۋاملىق يىغىش ، توپلاش ، رەتلەش ، تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى بىلەن داۋاملىق قانات يايدۇرۇپ ، ئورۇنداش ، سەھنىلەشتۈرۈش ، نەشر قىلىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش ، ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدىكى

www.uyghurkitap.com

ئىجادچانلىقنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەش بىلەنلا توختاپ قالماستىن ، مۇقام ساھەسىدە مۇستەقىل يېڭىلىق يارىتىش ئاساسىدىكى ئىجادچانلىقنى تەشەببۇس قىلىپ ۋە قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەپ ، يېڭى ـ يېڭى مۇقاملارنى ئىجاد قىلىش ئارقىلىق ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىزىنى بېسىپ ، ئەۋلادلىرىمىزغا يېڭى يول ئېچىپ ، مۇقام مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ــ دەۋرىنىڭ تەلىپى ، تەقەززاسى ! ئاتاقلىق مۇقامشۇناس زىكرى ئەلپەتتا ئىجاد قىلىنغان « رۇخسار » مۇقامىنىڭ خەلق ئىچىدە ئېتىراپ قىلىنىپ ، رەسمىي مۇقام ئاتىلىپ ئون ئىككى مۇقام قاتارىدا شۆھرەتلەنگەنلىكى بۇ پىكرىمىزنىڭ روشەن ئىلمىي دەلىلىدۇر .

شىنجاڭ قەدىمكى « يىپەك يولى » نىڭ مۇھىم تۈگۈنىگە جايلاشقان . بۇ يەردە شانلىق قەدىمكى مەدەنىيەت ، باي ۋە گۈزەل خەلق سەنئىتى بارلىققا كەلگەن . ئون ئىككى مۇقام ، جۈملىدىن يەرلىك كۈي ـ نەغمىلەر ( مەشرەپلەر ) ، قوشاق ـ بېيىتلار ئەجدادلىرىمىز ياراتقان قىممەتلىك مەنىۋى مەدەنىيەت ، سەنئەت مىراسى ، ھازىرقى زامان سەھنە سەنئىتىمىزنىڭ خەزىنە بۆشۈكى بولۇپ كەلمەكتە .

ھازىر تولۇق يۈرۈشى بىلەن رەتلىنىپ قايتا نەشر قىلىنغان ئون ئىككى مۇقام قەشقەر ، خوتەن ، كۇچا ، ئىلىدا كەڭ تارقالغان بولۇپ ، تارىختىن بۇيان خەلق ئىچىدە « قەشقەر مۇقاملىرى » دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە . ئۇنىڭدىن باشقا ، يەكەن دەريا ۋادىسى ، تارىم دەريا ۋادىسى ، مەكىت ، ئاۋات ، لوپنۇر ناھىيىلىرىدە كەڭ تارقالغان « دولان مەشرەپ مۇقاملىرى » ( دولان توققۇز مۇقامى ) ، كۇچا ، توقسۇ ، شايار ناھىيىلىرىدە كەڭ تارقالغان « كۇچا چوڭ نەغمىلىرى » ( ئون يۈرۈش چوڭ نەغمە ) ، تۇرپاندا كەڭ تارقالغان « تۇرپان مەشرەپ مۇقامى » ( ئون يۈرۈش چوڭ نەغمە ) ،

توقسۇندا كەڭ تارقالغان « دەرد ـ داغ مۇقامى »، قۇمۇلدا كەڭ تارقالغان « قۇمۇل مەشرەپ مۇقامى » قاتارلىق يەرلىك مەشرەپ مۇقاملىرى بار. بۇ مۇقاملار گەرچە « قەشقەر مۇقاملىرى » نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن قويۇق يەرلىك پۇراققا ۋە ئۆزىگە خاس ئالاھىدە سەنئەت ئۇسلۇبىغا ئىگە پىشقەدەم ئەلنەغمىچىلەر ئىچىدە « يۇسۇف ـ ئەھمەد »، « ھۆرلىقا ـ ھەمراھجان » قاتارلىق ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ ئاھاڭلىرى ۋە ھەرخىل تارماق مۇقاملار ساقلانماقتا. ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت ـ سەنئەت تارماقلىرى بۇ ئېسىل سەنئەت مىراسلىرىنى توپلاشنى تەخىرسىز مۇھىم ئىش قاتارىدا تۇتۇپ، پىلانلىق، تەشكىللىك، قەدەم ـ باسقۇچلۇق ھالدا توپلاپ، رەتلەپ نەشر قىلىشى كېرەك. قۇمۇل ۋىلايىتى توپلاپ رەتلىگەن « قۇمۇل مۇقامى » ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىدا نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا. بۇ، كلاسسىك سەنئەت مىراسلىرىنى توپلاش، رەتلەشتىكى ئۆرنەك خاراكتېرلىك بىر ياخشى باشلىنىش!

ئون ئىككى مۇقامنىڭ شېئىرى تېكىستلىرىگە « غېرىب ـ سەنەم »، « يۇسۇف ـ ئەھمەد »، « سەنۇبەر »، « ھۆرلىقا ـ ھەمراھجان »، « يۇسۇف ـ زۇلەيخا » قاتارلىق ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدىن شېئىرى پارچىلار، ئەينى زامانىنىڭ شېئىرىيەت نەمۇنىلىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، كۆپ ساندىكى مۇقام تېكىستلىرىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك، چىن مۇھەببەت كۈيلەنگەن. خەلق ئاممىسىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەجرىبىلىرى پەلسەپىۋى نۇقتىدىن خۇلاسىلىنىپ، ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەت مەدھىيىلەنگەن. ئون ئىككى مۇقامغا كىرگۈزۈلگەن خەلق داستانلىرى ۋە قوشاقلىرىدا ياخشىلىق يامانلىق ئۈستىدىن،

ھەققانىيەت رەزىللىك ئۈستىدىن ، يورۇقلۇق قاراڭغۇلۇق ئۈستىدىن مۇقەررەر غەلىبە قىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان .

گەرچە ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرىدە فېئوداليزمغا قارشى دېموكراتىك ۋە خەلقپەرۋەر ئىدىيەلەرنىڭ شېئىرىي ئىپادىسى بولسىمۇ ، لېكىن مۇقام تېكىستلىرى يەنىلا فېئوداللىق ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ مەھسۇلى بولغانلىقى ئۈچۈن ، قىسمەن تېكىستلەردە ئىدېئالىستىك تارىخىي قاراشلار ۋە پاسسىپ ئىدىيەلەر ، دىنىي خۇراپاتلىق ، ئۈمىدسىزلىك ۋە تەركىدۇنياچىلىق ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى ساقلانغان . مۇقام تېكىستلىرى فېئوداللىق دەۋردىكى تارىخىي رېئاللىقنىڭ ئىنكاسى ، ئىدېئولوگىيە شەكلىنى ئالغان بولۇپ ، ھامان روشەن سىنىپىيلىققا ۋە ئىدېئولوگىيە خاراكتېرىگە ئىگە . ئۇنىڭدا ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ ئىدىيىسى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ئىلغار ، دېموكراتىك ئىدىيىلىرى بار . بىز ئۇلارنى پەرقلەندۈرۈشىمىز ، ئون ئىككى مۇقامغا ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا يېڭىلىق يارىتىشنى تەكىتلىگىنىمىزدە ، مۇقام تېكىستلىرىگە تەنقىدىي قارىشىمىز ، سەلبىي ـ ئەھمىيەتسىزلىشىپ تۇرغان ، خۇراپاتلىق ، چۈشكۈنلۈك ، تەركىدۇنياچىلىق تەرغىب قىلىنغان ، چۈشىنىكسىز ، مەزمۇنى تەكرار بەزى تېكىستلەرنى مۇقامنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە بەدىئىي سەنئەت جەۋھىرىگە دەخلى يەتكۈزمىگەن شەرت ئاستىدا دادىل ئىسلاھ قىلىشىمىز ، تەنقىدىي قاراش ئاساسىدا كونىلىرىدىن يېڭىنى يارىتىپ ۋە ئىجاد قىلىپ ، شەكلى مىللىي ، مەزمۇنى زامانىۋى مۇقام سەنئىتىنى يارىتىشىمىز كېرەك .

ئون ئىككى مۇقامنى توپلاش ، رەتلەش ، سەھنىلەشتۈرۈش بىلەن تەتقىق قىلىش بىر ـ بىرىگە ئورگانىك باغلانغان . ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك تارىخىي ، بەدىئىي مىراسى ، ئۇيغۇر مىللىي

www.uyghurkitap.com

مۇزىكىلىرىنىڭ ئانىسى بولغان ئون ئىككى مۇقامنى ئىلمىي ئاساستا كۆپ تەرەپلىمە، ياخشى تەتقىق قىلغاندىلا، ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقى، ناخشىچىلىقى، ئۇسسۇلچىلىقىنى ئىلمىي ئاساستا چۈشەندۈرگىلى، ئىزاھلىغىلى ۋە ئۇنى ئۇنۇملۇك ھالدا سوتسىيالىستىك دەۋرىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

ئون ئىككى مۇقام مۇزىكا جەھەتتە يۇرۇشلەشكەن، قېلىپلاشقان، مۇكەممەل سىستېمىغا ئايلانغان ئالاھىدە سەنئەت تۈرى سۈپىتىدە «مۇقام ھادىسىسى» دېگەن نام بىلەن ئىلمىزدە ۋە دۇنيادا كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلدى. دۆلىتىمىزدە، ئاساسلىقى شىنجاڭدا «ئون ئىككى مۇقام» تەتقىقاتى بويىچە ئىقتىدارلىق، قابىل تەتقىقاتچىلار قوشۇنى مەيدانغا كېلىپ، مۇقام تەتقىقاتى بويىچە يېڭى بىر پەن شەكىللەنمەكتە. پروفېسسور ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن يازغان «ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە»، مۇزىكا تەتقىقاتچىسى جۈجېڭباۋ يازغان «يىپەك يولىدىكى مۇزىكا مەدەنىيىتى»، مۇقام تەتقىقاتچىسى، كومپوزىتور ئەمەتجان ئەھمىدى يازغان «ئۇيغۇر مۇقاملىرى» قاتارلىق نوپۇزلۇق ئىلمىي كىتابلار بىلەن مۇقام تەتقىقاتىغا ئائىت يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بىر تۈركۈم نادىر ماقالىلەر نەشىر قىلىنىپ جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. لېكىن غايەت زور ھەجىمدىكى قېلىپلاشتۇرۇلغان نادىر مۇزىكا ئەسىرى، پۈتۈن ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى مۇزىكىلىق تىل بىلەن ئىپادىلىگەن كاتتا بەدىئىي قامۇس ئون ئىككى مۇقامغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مۇقام تەتقىقاتىدىكى نۇرغۇن ئىلمىي مەسىلىلەر تېخى ئېچىلمىغان سىر ھالىتىدە تۇرماقتا. بىز مۇقام تەتقىقاتىنى تىرىشىپ چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز، ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت،

تەتقىقات خادىملىرى ئۆزئارا زىچ ھەمكارلىشىپ، ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئۆزىمىزگە خاس كەسپىي ئالاھىدىلىكىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ، مۇقام تەتقىقاتىدا بۆسۈش خاراكتېرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز، مۇقام تەتقىقاتى جەريانىدا خەلقئارا ئىلىم ساھەسىدىكىلەر بىلەن بولغان توغرا لىنىيىلىك ئىلىم، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشىمىز، تەتقىقاتتا ئىچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، چەت ئەللەردىكى مۇقامغا ئائىت ماتېرىياللارنى تىرىشىپ توپلاپ، ئۇلارنى سېلىشتۇرۇپ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشىمىز، خەلقئارادىكى ھەر خىل ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ مۇقام تەتقىقاتىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشىمىز كېرەك.

ئون ئىككى مۇقامغا ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا يېڭىلىق يارىتىشتا ۋارىسلىق قىلىش ھامان ئاساستۇر. تەرەققىيات — يېڭىلىق ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا مەيدانغا كېلىدۇ. ۋارىسلىق قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشتا ئاساسى — يىلتىزنى ئۇنتۇماسلىق، ئەنئەنىنى يوقاتماسلىق كېرەك. ئون ئىككى مۇقامغا تولۇق، توغرا، ئومۇمىيۈزلۈك ۋارىسلىق قىلىش ۋە شۇ ئاساستا ئون ئىككى مۇقامنى راۋاجلاندۇرۇش لازىم. مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىزدا تارىخنى ئۈزۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ئون ئىككى مۇقامنى كەڭ ئاممىغا، بولۇپمۇ كەڭ ياشلارغا ئومۇملاشتۇرۇش بەكمۇ مۇھىم. بىز ئون ئىككى مۇقامنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ ئەۋزەل شەرت - شارائىتىغا ئىگە. شىنجاڭدا يۈزگە يېقىن سەنئەت ئۆمىكى بار. بۇ ئۆمەكلەردە ئون ئىككى مۇقام ۋە يەرلىك مۇقاملارنى ئۆگىنىش، ئورۇنداش، مۇقاملاردىن پايدىلىنىپ ناخشا - مۇزىكا، ئۇسسۇللارنى ئىجاد قىلىشنى تەشەببۇس قىلىش لازىم. ياشلار ئارىسىدا ئون ئىككى مۇقامنى ئۆگىنىش كۇرسلىرىنى ئېچىش كېرەك. ئون - سىن قوراللىرى ۋە

ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق مۇقامنى، مۇقامنىڭ ئۇن ـ سىن لىنتىلىرىنى كەڭ تارقىتىش ۋە تەشۋىق قىلىش، پائال تۈردە مۇقام سەنئەت بايرىمى، ھەرخىل كەسپىي ۋە ئىشتىن سىرتقى سەنئەت كۆرەكلىرىنى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق مۇقامنى كەڭ خەلق ئاممىسىغا يۈزلەندۈرۈش، ئومۇملاشتۇرۇش ھەتتا ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەرگىچە ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك. ئون ئىككى مۇقام كۈچلۈك ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولغاندىلا ئۇنىڭغا ھەقىقىي ۋارىسلىق قىلغىلى، ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا ئۇنۇملۈك راۋاجلاندۇرغىلى، يېڭىلىق ياراتقىلى بولىدۇ.

1992 ـ يىل نويابىر، بېيجىڭ؛ 1993 ـ يىل فېۋرال، ئۈرۈمچى

# « مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش قانۇنى » نى تېخىمۇ ياخشى ئىزچىللاشتۇرايلى

« جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش قانۇنى » — مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ تۈپ قانۇنى بولۇپ ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش ، باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىشىمىزنىڭ قانۇنىي قورالى . « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش ، باشقۇرۇشقا دائىر بىر قانچە بەلگىلىمىسى » — « مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش قانۇنى » ئاساسىدا ، شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق خىزمىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ۋە كونكرېت مەسىلىلەرگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈپ چىقىلغان كونكرېت ، يەرلىككە مۇناسىپ قانۇن - نىزام . ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش تارماقلىرى « مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش قانۇنى » ۋە « بىر قانچە بەلگىلىمە » نى تەشۋىق قىلىش ، ئىزچىللاشتۇرۇشنى باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇتۇپ مەلۇم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى . بۇلار قىسقىچە تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت .

## 1 . مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ، رېمونت قىلىش خىزمىتى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇلۇپ ، كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق خىزمىتىدە

www.uyghurkitap.com

« مۇھاپىزەت قىلىشنى ئاساس قىلىش، قۇتقۇزۇشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش » فاڭجېنى قەتئىي تەۋرەنمەستىن ئىجرا قىلىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قۇتقۇزۇش، رېمونت قىلىش خىزمىتى باشتىن ـ ئاخىر ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە، دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ غەمخورلۇقى، قوللىشى ئاستىدا، كەڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق خىزمەتچىلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىر تۈركۈم قەدىمكى قۇرۇلۇشى، قەبرە (مازار) لار، تاش غار ئىبادەتخانىسى (مىڭئۆي) خارابىلىرى مۇۋاپىق تۈردە مۇھاپىزەت قىلىندى ۋە رېمونت قىلىندى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان نەچچە ئون يەردىكى دۆلەت دەرىجىلىك ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىدا خېلى زور كۆلەمدە قۇتقۇزۇش خاراكتېرلىك رېمونت ئېلىپ بېرىلدى. قىزىل مىڭئۆينى رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشىنى مىسالغا ئالساق، بۇ ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە سېلىنمىسى بىر قەدەر زور بولغان دۆلەت دەرىجىلىك مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان ئورۇن بولۇپ، مەركەز 1988 ـ يىلىدىن بۇيان ئون مىليون يۈەن خەلق پۇلى مەبلەغ سېلىپ، مىڭئۆينىڭ غەربىي جىلغا رايونى، شەرقىي جىلغا رايونىدىكى ئۆڭكۈرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى رېمونت قىلىپ بولدى. بۇ قىزىل مىڭئۆيدىكى پۈتكۈل ئۆڭكۈرلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەك قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. ئاپتونوم رايونىمىز ئاجرىتىپ بەرگەن ئۈچ مىليون يۈەن خەلق پۇلى بىلەن ئالدىنقى باسقۇچلۇق قۇرۇلۇش ئىشلىنىپ، مىڭئۆي رايونىغا قارىتا ئومۇمىيۈزلۈك پىلانلاش ئېلىپ بېرىلىپ. ئومۇمىي مۇھىتى

ياخشىلاندى. تۇرمۇش رايونى، خىزمەت رايونى (كۆتۈۋېلىش زالى، مېهمانخانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) سېلىندى. يول قاتنىشى، پار بىلەن ئىسسىتىش ۋە تېلېفون ھەل قىلىندى. تېلېۋىزور ئورنىتىلىپ، يۇقىرى بېسىملىق توك تارتىلدى، نەچچە يۈز مىڭ تۇپ جىرىم تىكىلدى. مىڭئۆيىنىڭ ئومۇميۈزلۈك رېمونت ۋە مۇھاپىزەت قىلىنىشى بىلەن تەتقىقات خىزمىتى كاپالەتلەندۈرۈلدى. نۆۋەتتە يەنە يېرىمغا يېقىن نومۇر قويۇلغان ئۆڭكۈرلەرنى رېمونت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

يارغول قەدىمكى شەھىرى — دۆلەت تەرىپىدىن نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى بولۇپ، يېقىندا دۇنيا مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈشكە ئىلتىماس قىلىش خىزمىتى ئىشلىنىۋاتىدۇ. 1993 - يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مائارىپ، پەن - مەدەنىيەت تەشكىلاتى ئوتتۇرىغا چىقىپ تەشكىللەش بىلەن، ياپونىيە دۆلىتى يارغول قەدىمكى شەھىرىدە مۇھاپىزەت قىلىش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن مەبلەغ سالدى. سېلىنغان ئومۇمي مەبلەغ بىر مىليون دوللار (ياپونىيە تەرەپ تەمىنلىدى) بولۇپ، دۆلەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى يۈرۈشلەشتۈرۈش ئۈچۈن سالغان مەبلەغ 900 مىڭ يۈەن. ھازىر يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ مۇداپىئە قىلىش تۇسمىسى نۇقتىلىق قۇرۇلۇش قىلىپ تاماملىنىۋاتىدۇ. 11 - ئايدىن بۇرۇن تاماملاش مۆلچەرلەندى. تەپسىلىي تەكشۈرۈش، ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش نەتىجىسىدە قەدىمكى شەھەر بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىغا ساياھەت مەنزىرە نۇقتىسى قۇرۇش پىلانلاندى. قەدىمكى قەبرە، يارغول مىڭئۆيلىرىدە رەتلەش ئېلىپ بېرىلدى. كىچىك بۇددا ئىبادەتخانىسى، بۇددا مۇنارلىرى توپى رېمونت قىلىندى.

فۇكاڭ شەھىرىدىكى تۇدۇنزا مەسچىتى ئاپتونوم رايونىمىزدا ھازىرغىچە ئەڭ ياخشى ساقلانغان چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان گۈمبەزلىك ئىمارەت بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز تەرىپىدىن 350 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىلىپ رېمونت قىلىندى.

پىچان ناھىيىسىدىكى شەرقىي چوڭ جامائەت — چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان ياغاچ ـ خىش قۇرۇلمىلىق مەشھۇر ئىمارەت بولۇپ، ساقلىنىشى خېلى ئوبدان مەسچىت ئىكەن. ئاپتونوم رايونىمىز ئۇنىڭ رېمونت قىلىنىش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 110 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. قۇرۇلۇش ھازىر ئىشلىنىۋاتىدۇ. كېلەر يىلى پۈتتۈرۈش مۆلچەرلەندى.

بېزەكلىك مىڭئۆيى — دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى، دۆلەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى مۇھاپىزەت قىلىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئوتتۇز مىڭ يۈەن مەبلەغ سالغان، ئورۇندىلىپ بولدى. كېلەر يىلى رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشى رەسمىي قانات يايدۇرۇلماقچى.

ئاپپاق خوجا مازىرى — دۆلەت تەرىپىدىن نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى بولۇپ، 1992 ـ يىلىدىن باشلاپ دۆلەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى 550 مىڭ مەبلەغ سالغانىدى. ئالدىنقى باسقۇچلۇق قۇرۇلۇش پۈتتى. 1995 ـ يىلى رەسمىي رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشىنى باشلاش مۆلچەرلەنمەكتە.

يەركەنت خانلىقى شاھلىرىنىڭ مەقبەرىسى — ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى بولۇپ، دۆلەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى 1993 ـ يىلى 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالغانىدى، 1994 ـ

يىلى رېمونت قىلىش باشلاندى.

بۇنىڭدىن باشقا، يەنە نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىمۇ تېگىشلىك مەبلەغ بىلەن تەمىن ئېتىلىپ رېمونت قىلىندى ۋە مۇھاپىزەت قىلىندى.

قىسقىسى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش، رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تەخمىنەن 27 مىليون يۈەن خەجلەندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايونىمىز مالىيەسىدىن تەمىن ئېتىلگەن پۇل تەخمىنەن 4 مىليون يۈەن.

دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ مەبلەغ سېلىشى بىلەن قىزىل مىڭئۆيىنىڭ جىلغا ئىچى رايونى، ئارقا تاغ رايونىدا 1995 ـ يىلىدىن باشلاپ قۇتقۇزۇش خاراكتېرلىك رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشى ئىشلەنمەكچى؛ كۇسەن مىڭئۆي رەسىملىرىگە قارىتا مۇھىتنى باشقۇرۇش، نازارەت قىلىش، مۇھاپىزەت قىلىش ئىشلىرىنى ئىشلىمەكچى؛ قىزىل مىڭئۆيىنى رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشىنىڭ 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ مەزگىللىك قۇرۇلۇشلىرىنىڭ پۈتۈش ئەھۋالىدىن دوكلاتنى يېزىپ پۈتتۈرمەكچى؛ قۇمتۇرا مىڭئۆيىدىن سۆكۈپ چۇشۇرۇۋېلىنغان تام رەسىملىرى ئۈچۈن كۆرگەزمە زالى سالماقچى، ئەسلىدە بۇ تۈر ئۈچۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىن 500 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بەرمەكچى بولغان؛ جىمسار ناھىيىسىدىكى غەربىي چوڭ ئىبادەتخانىغا قارىتا قۇتقۇزۇش خاراكتېرلىك رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بارماقچى، بۇ تۈر ئۈچۈن دۆلەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى مەبلەغ سالدى ھەم مۇشۇ يىل ئىچىدە مەلۇم مىقداردىكى مەبلەغنى ئەمەلىيلەشتۈرمەكچى.

www.uyghurkitap.com

### 2 . مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش ، باشقۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلىپ ، تەدرىجىي رەۋىشتە ئۆلچەملەشتۈرۈش ، تۈزۈملەشتۈرۈش ئىبارەتباشقۇرۇش يولىغا سېلىندى

هازىر ئاپتونوم رايونىمىزدا ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش ، باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىدىن قىرىق بىرى بار . ۋىلايەت ، ئوبلاست ، شەھەرلەر ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بويىچە قىسمەن نۇقتىلىق ناھىيىلەردە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش ، باشقۇرۇش ئورگىنى تەسىس قىلىندى . 1990 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 3 ـ تۈركۈمدىكى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان ئوتتۇز ئۈچ مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنىنى ئېلان قىلدى . ئەسلىدە بار بولغان 121 ئورۇندىكى مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنىنى قوشقاندا ، ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدا دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنىدىن ئونى ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنىدىن 154 ى بار بولۇپ ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نۇقتىلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش تۈرى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى . يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئورۇنلىرى « تۆت بولۇش » قۇرۇلۇشى خىزمىتىدە بىر قەدەر زور ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈردى . نۆۋەتتە ، دۆلەت دەرىجىلىك ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىنىڭ مۇھاپىزەت قىلىش دائىرىسىنى بېكىتىش ۋە ئارخىپ تۇرغۇزۇش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ . زور كۆپ قىسمىدا

مۇھاپىزەت قىلىش ئاپپاراتى ۋە باشقۇرۇش خادىملىرى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.

### 3. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتىدە زور ئۇتۇق قولغا كەلتۈرۈلدى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت مەدەنىيەت يادىكارلىق ئارخېئولوگىيە خادىملىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئارخېئولوگىيە ئىشلىرى ئۈچۈن ناھايىتى زور تۆھپىلەرنى قوشتى. قىزىل مىڭئۆيلىرىنىڭ غار ئالدىنى رەتلەش، تارباغاتاي تىببىي مەكتەپتىكى قەدىمكى قەبرىلەرنى قېزىش، قىزىل دەرياسىدىكى قەبرىلەرنى قېزىش، سايئوپۇ كۆلىدىكى قەدىمكى قەبرىلەرنى قېزىش، خېجىڭ ناھىيىسى چابخا جىلغىسىدىكى قەدىمكى قەبرىلەرنى قېزىش، نىيەدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش، كىرورەندىكى قەدىمكى خارابىلەرنى تەكشۈرۈش، قۇمۇلدىكى قارا دۆۋە قەبرىستانلىقى، توقسۇن ناھىيىسىدىكى سۇ بېشى جىلغىسى ۋە پىچان ناھىيىسىدىكى تۇيۇق جىلغىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش جەريانىدا، ئارخېئولوگىيە خادىملىرى قاتمۇ قات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، قېزىش ۋەزىپىسىنى ئاجايىپ ئوبدان ئورۇنداپ، بىر قاتار زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بىر تۈركۈم مۇتەخەسسىس، ئىلىم ئەھلىلىرى تارىختىن بۇرۇنقى مەدەنىيەت، قەدىمكى يىپەك يولى، ئانتروپولوگىيە، قەدىمكى ھۆججەت ـ ماتېرىياللار، تاش غار (مىڭئۆي) سەنئىتى، قەدىمكى جەسەتلەرنى تەتقىق قىلىش، قەدىمكى پۇل، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى تېمىلارنى مۇھاكىمە قىلىشتا خېلى يۇقىرى سەۋىيىلىك

مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى . بىر تۈركۈم كىتاب ، مەخسۇس ئەسەرلەر نەشر قىلىنىپ ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ناھايىتى زور تەسىر پەيدا قىلدى .

« شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى » ژۇرنىلى ( پەسىللىك ژۇرنال ) خەنزۇچە ، ئۇيغۇرچە يېزىقلاردا نەشر قىلىنىۋاتقىنىغا ئون يىل بولدى . بۇ ژۇرنال مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى بارغانسېرى كۆچلۈك قوزغىماقتا . بۇ ژۇرنالنىڭ كېلەر يىلى ئاشكارا نەشر قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز .

بولۇپمۇ ، بۇ يىل 9 - ئايدا قىزىل مىڭئۆيدە چاقىرىلغان « كوماراجىۋا تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1650 يىللىقىنى خاتىرىلەش خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى » ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى . مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا خېلى ياخشى تەسىر قوزغىدى . ياپونىيىلىك مەشھۇر زات چىتىيەن دازۇ قاتارلىقلار تەبرىك تېلېگراما ، تەبرىك خەتلىرىنى ئەۋەتتى . ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ گېزىتلىرى ، ئېلىمىزنىڭ شىنخۇا ئاگېنتلىقىمۇ كەينى - كەينىدىن ئۇلاپ خەۋەر بېرىپ تۇردى .

## 4 . مۇزېي ئىشلىرى خېلى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى كۆرگەزمە قىلىش سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى

1990 - يىلىدىن بۇيان ، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئۈرۈمچى ، تۇرپان ، ئىلى ۋىلايىتى قاتارلىق جايلاردا ۋىلايەت ، ئوبلاست دەرىجىلىك مۇزېيلار قۇرۇلدى . قۇمۇل ،

www.uyghurkitap.com

ئالتاي، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، تارباغاتاي قاتارلىق جايلار ئەسلىدىكى ئورنىنى ئىشلىتىپ ياكى ئىجارىگە ئېلىش، ئۆتنە ئېلىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ۋاقىتلىق كۆرگەزمىخانىلارنى ئاچتى. سانجى، ئاقسۇ، قەشقەردە يېڭىدىن مۇزېي قۇرۇلۇپ، كۆرگەزمىگە تەييارلىق قىلىنىۋاتىدۇ. خېجىڭ، مورى قاتارلىق ناھىيە، شەھەرلەرمۇ بار بولغان ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ مۇزېي قۇردى، ئۇنىڭدىن تاشقىرى يەنە بەزى ۋىلايەت، ناھىيىلەر مۇزېي قۇرۇشقا پائال تەييارلىق كۆرمەكتە. بۇگۈنگە قەدەر ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇزېيدىن بىرى، ۋىلايەت، شەھەر دەرىجىلىك مۇزېيدىن سەككىزى، ناھىيە دەرىجىلىك مۇزېيدىن بەشى بار. باشقا تۈردىكى كۆرگەزمىخانا، خاتىرە سارىيىدىن بەشى بار. تولۇق بولمىغان ستاتىستىكىغا قارىغاندا، ساقلىنىۋاتقان تۈرلۈك مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرى سەكسەن مىڭغا يېتىدىكەن.

بۇ يىل ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى پروگراممىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، تۈرلۈك ئالىي مەكتەپلەر، تۈرلۈك ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەر ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلىرىغا ھەقسىز ئېچىپ بېرىپ، ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى، ھازىرغىچە تەخمىنەن ئوتتۇز بەش مىڭ ئوقۇغۇچى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ تەربىيە ئالدى. لېكىن ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ كۆرگەزمىسى 1985 - يىلى ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئېلىپ بارغاندىن بۇيان تا ھازىرغىچە ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ يوقلۇقى سەۋەبلىك ھېچقانداق ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلمەي كېلىۋاتىدۇ. 1995 - يىلى — ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىق خاتىرە يىلى، كۆرگەزمىگە بىرقەدەر

زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىش كىرگۈزمەكچى . جۈملىدىن « يىپەك يولى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىسى » ، « قەدىمكى جەسەتلەر كۆرگەزمىسى » ، « كىيىم ـ كېچەكلەر كۆرگەزمىسى » نى ئاچماقچى ھەم « ئىنقىلاب مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىسى » قاتارلىق مەخسۇس تېما كۆرگەزمىلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى . ھازىر خىراجەت ئىنتايىن ئېغىر دەرىجىدە كەمچىل بولماقتا . يۇقىرىقى كۆرگەزمىلەرنى ۋاقتىدا ئېچىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىمكانىقەدەر تېزرەك مەخسۇس خىراجەت ئاجرىتىپ بېرىشىنى ئۆتىنىمىز .

## 5 . مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتى ئوڭۇشلۇق ئورۇندالدى

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئازادلىقتىن بۇيانقى تۇنجى قېتىملىق پۈتۈن شىنجاڭ خاراكتېرلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش بويىچە ئېلىپ بېرىلغان زور كۆلەملىك خىزمىتى 1989 ـ يىلى باشلىنىپ ئۈچ يىل داۋاملىشىپ ، 1990 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى . بۇ قېتىمقى چوڭ كۆلەملىك ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ 2500 دىن ئارتۇق مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى قېدىرىپ تەكشۈرۈلدى . يېڭىدىن بايقالغان مەدەنىيەت يادىكارلىق نۇقتىلىرى 1862 گە يېتىدۇ . ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش دوكلاتى ، ماتېرىيال ، خەرىتىدىن 5000 پارچىدىن كۆپرەك ئىشلەندى . تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىشىچە ، ئاپتونوم رايونىمىزدا يۆتكىگىلى بولمايدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق نۇقتىلىرى تەخمىنەن 4000 دىن ئاشىدىكەن . ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ جايلىشىش



www.uyghurkitap.com

ئەھۋالى ئاساسىي جەھەتتىن ئېنىقلاپ چىقىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش خىزمىتى ئۈچۈن ئىشەنچلىك ماتېرىيال ئاساسى بىلەن تەمىن ئېتىلدى. ھازىر «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى سۈرەت، خەرىتە ـ چېرتيوژ توپلىمى» نى يېزىپ پۈتتۈرۈش خىزمىتى جىددىي ئىشلەنمەكتە.

## 6. مەدەنىيەت يادىكارلىق قانۇن ـ تۈزۈم قۇرۇلۇشى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتىلىپ، «مەدەنىيەت يادىكارلىق قانۇنى» بويىچە تەشۋىق ـ تەربىيە پائالىيىتىدە مۇئەييەن ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى

«مەدەنىيەت يادىكارلىق قانۇنى» نى تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش جەھەتتە، مۇشۇ بىر نەچچە يىلدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىق تارماقلىرى نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، بىرمۇنچە تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ مۇئەييەن ئۈنۈمگە ئېرىشتى. 1991 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى «مەدەنىيەت يادىكارلىق قوللانمىسى» نى تۈزۈپ چىقىپ، 5000 پارچە باستۇرۇپ، جايلاردىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا تارقىتىپ بەردى. مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ۋە دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىدارىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا دائىر مۇھىم قانۇن ـ نىزاملار مەدەنىيەت سىستېمىسىنىڭ «2 ـ بەش يىللىق» قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت تارماقلىرىدىكى كادىرلار، بولۇپمۇ مەدەنىيەت يادىكارلىق خىزمەتچىلىرى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە

تەشكىللەندى . ۋىلايەت ، ئوبلاست ، شەھەر ، ناھىيەلەردىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش تارماقلىرى « مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش قانۇنى » نى تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش جەريانىدا ، تېلېۋىزور ، گېزىت ـ ژۇرنال ، رادىئو ، قارا تاختا گېزىتى قاتارلىق شەكىللەردىن پايدىلىنىپ ، كەڭ خەلق ئاممىسىغا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا دائىر قانۇن ـ نىزاملارنى تەشۋىق قىلىپ ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ قانۇن ـ تۈزۈم كۆز قارىشىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈردى . كادىرلار ئاممىسىنىڭ قانۇنغا تايىنىپ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئاڭلىقلىقى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى . بەزى ۋىلايەت ، ئوبلاستلار يەنە « مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش قانۇنى » ۋە « مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىشتا سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان تەپسىلىي پرىنسىپ » بىلەن « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش ، باشقۇرۇشقا دائىر بىر نەچچە بەلگىلىمىسى » نى ئۆگىنىش قوللانمىسى قىلىپ تۈزۈپ چىقىپ ھەم ئۇيغۇرچە ، قازاقچە ، موڭغۇلچىغا ئوخشاش ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىغا تەرجىمە قىلىپ ، دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا تارقىتىپ ، ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ ئۆگىنىشىنى تەمىن ئەتتى . ھەر يىلى 3 ـ ئاينى « مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەشۋىق قىلىش ئېيى » قىلىپ بەلگىلەپ ، « مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قانۇنى » نى تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى ئۈنۈملۈك ئېلىپ باردى . بەزى جايلاردىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرغۇچى پارتىيە ، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى مەدەنىيەت يادىكارلىق خىزمىتىنى كۆندىلىك ئىشلار قاتارىغا قويۇپ ، مەدەنىيەت يادىكارلىق خىزمىتىنى ئەستايىدىل تۇتتى . مەدەنىيەت يادىكارلىق

خىزمىتىنى تۇتىدىغان ئادەم بولۇش، مەدەنىيەت يادىكارلىق نۇقتىلىرىنى باشقۇرىدىغان ئادەم بولۇش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەدەنىيەت يادىكارلىق قانۇنىنى ئىجرا قىلىشنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىشكە كۆڭۈل بۆلۈندى. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش خىزمىتىنى ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تۇردى. يۇقىرىقىدەك تەشۋىقات خىزمىتى ئارقىلىق مەدەنىيەت يادىكارلىق خارابە ـ ئىزلىرىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن مۇھاپىزەت قىلىدىغان ئادەم كۆپەيدى. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغان ئادەم كۆپەيدى؛ مەدەنىيەت يادىكارلىق خارابە ـ ئىزلىرىنى بايقىسا تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەلۇم قىلىدىغان ئادەملەرمۇ كۆپەيدى.

### 7. چەت ئەللەرگە قارىتىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بويىچە ئىلمىي مۇھاكىمە ـ ئالماشتۇرۇش كۈنسايىن جانلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا قارىتا ئېچىۋېتىش كېڭەيتىلىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىق خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىق تارماقلىرىدىن ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئون نەچچە ئۆمەك، گۇرۇپپا ياپونىيە، فرانسىيە، ئىتالىيە، بېلگىيە، قازاقىستان، ئافغانىستان، سىنگاپور، مالايشىيا، شۋېتسىيە، تەيۋەن، شياڭگاڭ، ئاۋمېن قاتارلىق ئون نەچچە دۆلەت ۋ
تېخنـ

بېرىش ، ئېكسكۇرسىيە ، تەكشۈرۈش ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى . مەسىلەن ، ياپونىيىگە بېرىپ كوجيۇخافۇ « يىپەك يولىدىكى غەربىي رايون مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىسى » گە ، « شىنجاڭ كرورەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىسى » گە قاتناشتۇق ؛ ئىتالىيىگە بېرىپ « يىپەك يولى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىسى » گە قاتناشتۇق ؛ مالايشىياغا بېرىپ « شىنجاڭ مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرى كۆرگەزمىسى » گە قاتناشتۇق ؛ سىنگاپورغا بېرىپ « يىپەك يولى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىسى » گە قاتناشتۇق ۋەھاكازالار . جۇڭگو - ياپونىيە ئىككى تەرەپ نىيە خارابىسىدە ئالتە قېتىم ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ، جۇڭگو - فرانسىيە كېرىيە دەرياسى ۋادىسىدا تەكشۈرۈش قېزىش ئېلىپ باردى ؛ جۇڭگو - شۋېتسىيە ياتوڭگۇز دەرياسى ۋادىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ، جۇڭگو - بېلگىيە ئالتاي رايونىغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى . ۋەھاكازالار . بۇ پائالىيەتلەر مول ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈردى . 1995 - يىلى يۇقىرىقىدەك ھەمكارلىق تۈرلىرىنى داۋاملاشتۇرىمىز .

خەلقئارادىكى مەدەنىيەت يادىكارلىق ساھەسىدىكى دوستلار بىلەن بولغان باردى - كەلدى ئىشلىرى ئىلگىرى سۈرۈلدى . كۆپ يول ، كۆپ قاتلاملىق ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى چەت ئەللەرگە ئاچقىپ ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىشىش ساھەسى كېڭەيتىلدى . ھۆكۈمەت تەرەپ ۋە خەلق ئارىسىدىكى ئالماشتۇرۇش كېڭەيتىلىپ ، بىرقەدەر زور ئۈنۈم ھاسىل قىلىنىپ ، كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى . سەككىز يىلدىن بۇيان تەخمىنەن يىگىرمە مىليون

يۇەندىن كۆپرەك تاشقى پىرىۋوت خەلق پۇلى كىرىم قىلدۇق.

«مەدەنىيەت يادىكارلىق قانۇنى» نى تەشۋىق قىلىش ۋە ئۇنى يولغا قويۇش جەھەتتە گەرچە بىرمۇنچە خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن بولساقمۇ، ئەمما يەنە سەل قارىغىلى بولمايدىغان بىر مۇنچە مەسىلىلەر ساقلانماقتا. شۇڭا بۇلارنى تەدبىر قوللىنىپ ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

(1) زور كۆلەمدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە قەدىمكى ئىزلار يەنىلا ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلۇپ كېتىش گىرداۋىدا تۇرماقتا، شۇڭا ئۇلارنى قۇتقۇزۇش، رېمونت قىلىش جىددىي زۆرۈرىيەت بولۇپ قالدى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېرى كەڭ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىنتايىن مول بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئامىللار، كېلىمات ۋە تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ كۆچۈشى بىلەن، قەدىمكى خارابىلەر، تاش غارلار (مىڭئۆيلەر) ۋە قەدىمكى قۇرۇلۇشلار ئىسسىق - سوغۇقنىڭ خورىتىشى بىلەن كاردىن چىقىپ خەتەرلىك ئەھۋالدا تۇرماقتا. مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ۋە كەڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق خىزمەتچىلىرى زور قىزغىنلىق بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، زور بىر تۈركۈم مەدەنىيەت يادىكارلىق خارابىلىرىنى قۇتقۇزۇپ زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولسىمۇ، ئەمما ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ جايلىشىش دائىرىسى كەڭ، كۆپ ساندىكى رايونلارنىڭ تەبىئىي شارائىتى ناچار، قاتنىشى قولايسىز، ئادەم قەدەم باسمىغان جايلار بولغانلىقتىن، مۇھاپىزەت قىلىش، باشقۇرۇش خىزمىتىگە ناھايىتى كۆپ قىيىنچىلىق كەلتۈرۈپ بەردى. كۆپ ساندىكى قەدىمكى خارابىلەر ھېلىھەم كۈندىن - كۈنگە ئېغىر تەبىئىي بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىماقتا. بەزىلىرى نابۇت بولۇش گىرداۋىدا تۇرماقتا.

يۇقىرىقىدەك جىددىي ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئىزلىرىنى پىلانلاپ، مۇھاپىزەت قىلىش تېخنىكىسى، ئىلمىي سانلىق مەلۇماتلار، پىلان لايىھىسى قاتارلىقلارنى تەمىنلەپ، «مۇھاپىزەتنى ئاساس قىلىش، قۇتقۇزۇشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش» فاڭجېنىنى تېخىمۇ ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش تېخنىكىلىق تەتقىقات ئورنى» نى ئىمكان قەدەر تېزرەك تەسىس قىلىشنى تەكلىپ قىلىمىز.

(2) مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قانۇنغا خىلاپلىق قىلىدىغان جىنايى قىلمىشلار يەنىلا ئەشەددىيلەشمەكتە.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بەزى جىنايەتچى ئۇنسۇرلارنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قانۇنسىز ھالدا ئېلىپ ـ سېتىش، ئوغرىلىقچە قېزىش، ئوغرىلاش، مەدەنىيەت يادىكارلىق ئەتكەسچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىشتەك قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشلىرى ئىنتايىن ئېغىر بولماقتا. دېلو سادىر بولۇش نىسبىتى بىرقەدەر يۇقىرى بولۇپ، ئەھۋال بارغانسېرى ئېغىرلاشماقتا. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئوغرىلاش، ئوغرىلىقچە قېزىشتەك چوڭ دېلولار جايلاردا ھەر يىلى دېگۈدەك يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا دائىر دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىشى، ئايرىم رايون ۋە ئايرىم دېلولارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلىرىنىڭ نەتىجىسى چىقمىدى. مەسىلەن، خوتەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى، جىمسار مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىدىن ئوغرىلىنىش دېلوسى، مارالبېشى ناھىيىسىدىكى قەدىمكى جەسەتلەرنى ئوغرىلاش دېلوسى، خوتەن راۋاق قەدىمكى خارابىلىرى ھەم

قەدىمكى بوٚتىنىڭ ئوغرىلىنىش دېلوسى قاتارلىقلارنىڭ ئايىغى چىقمىدى. ئوٚقوٚشمىزچە، بوٚنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب، دېلو ئىشلەش خىراجىتى كەمچىل ئىكەن. شوٚنداق كېتىۋەرسە، جىنايەتچىلەر تېگىشلىك زەربە ۋە جازاغا ئوٚچرىمايدوٚ، مەدەنىيەت يادىكارلىق جىنايەتچىلىرىنى توسوٚشقا ئەلۋەتتە ئامال بولمايدوٚ.

( 3 ) مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى موٚهاپىزەت قىلىش، باشقوٚروٚش كوٚچى ئاجىز، ئاپپاراتلار موٚكەممەل بولمىغاچقا، مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئېهتىياجىغا ماسلىشىشى قىيىن بولماقتا.

مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق باشقارمىسى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېترلىق پايانسىز زېمىنىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقوٚرىدىغان تارمىقى بولوٚپ، ئوٚنىڭ شتاتى بەش بولسىموٚ، ئەمەلىيەتتە ئاران ئىككىلا ئادەم ئىشلەۋاتىدوٚ.

ئاپتونوم رايونلوٚق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقوٚروٚش كومىتېتى ئىسمى بار، جىسمى يوق هالەتتە توٚروٚۋاتقىنىغا 20 يىل بولاي دېدى. شتاتموٚ، خىراجەتموٚ يوق بولغاچقا، خىزمەتلەرنى قانات يايدوٚروٚشقا توٚپتىن ئامالسىز قالماقتا. بوٚ ئورگاننىڭ ئىسمى جىسمىغا لايىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقوٚرىدىغان هوقوٚقلوٚق ئاپپارات بولوٚشى ئوٚچوٚن ئاپتونوم رايونلوٚق شتات كومىتېتىنىڭ ئوٚچىتىن بەشكىچە شتات ئاجرىتىپ بېرىشىنى تەكلىپ قىلىمىز.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق خىزمەت قوشوٚنى پوٚتوٚن شىنجاڭدىكىلەرنى قوشقاندا 500 گە يەتمەيدوٚ. بوٚ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىق بايلىقلىرىنىڭ ئەهۋالى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىشلىرىنىڭ ئېهتىياجىغا ماس

كەلمەيدۇ . مۇشۇ بىر نۇقتىنىلا ئالساق ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنىڭ زور كۆپ ساندىكىلىرىنىڭ ئۇسخۇنى ئان ( كىشى بېشىغا تەقسىم قىلىنىدىغان پۇل ) ، ئادەم كەمچىل ( شتات خىلمۇخىل ئېتىبار بېرىش ئوبيېكتىلىرى تەرپىدىن ئىگىلىنىپ كەتكەچكە ، قابىلىيەتلىك خادىملار يېتىشمەيدۇ ) بولغاچقا ، ئۆز جايىدىكى ھەرقايسى مەدەنىيەت يادىكارلىق نۇقتىلىرىنىڭ خىزمىتىنى ئىشلەشكە يېتىشەلمەيۋاتىدۇ . پۈتۈن شىنجاڭدىكى 86 ناھىيە ، شەھەرنىڭ ئاران 24 ىدىلا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى قۇرۇلغان ، كۆپ ساندىكى ناھىيىلەر يەنىلا بوشلۇق بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ . ھەتتا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرىدىغان بىرەرمۇ مەخسۇس كادىر يوق . مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتى جاپالىق خىزمەت ، ئاساسىي قاتلامدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىق قوشۇنىنى قانداق قىلغاندا مۇستەھكەملىگىلى ، خادىملارنىڭ كۆڭلىنى قانداق قىلغاندا خاتىرجەم قىلغىلى بولىدۇ ، دىگەندەك ئىشلارنى تېخىمۇ ئىرىشىپ تەتقىق قىلىپ ، ھەل قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ .

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قارار چىقىرىپ ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىراجىتىنى ئەسلىدىكى 300 مىڭ يۈەن ئاساسىدا ، 2 مىليون يۈەنگە كۆپەيتىپ بېرىشنى بەلگىلىگەن ، ئەمەلىيەتتە ئاران 1 مىليون يۈەنگە ئاشۇرۇپ بېرىلدى ، قالغان 1 مىليون يۈەننى تولۇقلاپ بېرىشنى ئۆتۈنىمىز .

( 4 ) « مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قانۇنى » نى تەشۋىق قىلىش خىزمىتى يېتەرلىك ئىشلەنمىدى .

« مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قانۇنى » نى تەشۋىق قىلىش جەھەتتە گەرچە بىرمۇنچە خىزمەتلەر ئىشلەنگەن بولسىمۇ ، لېكىن

ئەمەلىيەتتە ئومۇمەن ئۇنۇمى دېگەندەك كۆرۈنەرلىك، دائىرىسى دېگەندەك كەڭ بولمىدى. بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلامدىكى (ناھىيە دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا) پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىگە بولغان تەشۋىقات يېتەرلىك بولمىدى. بىرمۇنچە جايلاردىكى رەھبەرلەر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش قانۇنىنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدىكەن. بىر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش مەجبۇرىيىتىنىڭ بارلىقىنى تېخىمۇ بىلمەيدىكەن. بەزى ئاساسىي قاتلامدىكى رەھبەرلەر «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى دۆلەتكە مەنسۇپ» دېگەن بەلگىلىمىنى چۈشەنمىگەچكە، ئۆز تەۋەسىدىكى رايوننىڭ قەدىمكى ئاسار ئەتىقە، قەدىمكى خارابىلىرىگە قارىتا بىر بولسا كارى بولماسلىق پوزىتسىيىسە بىلەن يۈرسە، بىر بولسا مۇستەقىل بولۇۋېلىپ، بۆلۈۋېتىش چارىسىنى قوللىنىپ، ئۇنى ئۆز رايونىنىڭ شەخسىي مۈلكى دەپ قاراپ، خالىغانچە بىر تەرەپ قىلىۋېتىدىكەن. بەزى ۋىلايەت، ناھىيىلەر دۆلەتنىڭ قانۇن - نىزاملىرىغا پەرۋا قىلماي، ئۆز رايونى تەۋەسىدىكى دۆلەت دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى چەت ئەللەرگە خالىغانچە ئېچىۋېتىدىكەن؛ بەزى ناھىيىلەر نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىنى ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنىڭ تىجارەت قىلىپ پايدا ئېلىشى ئۈچۈن كۆتۈرە بەرگەن.

يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى نەزەردە تۇتۇپ، مۇنۇلارنى تەكلىپ قىلىمىز: 1. «2 - بەش يىللىق» قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقاتىغا «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قانۇنى» نى كىرگۈزسەك؛ 2. «تۈت بولۇش» خىزمىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەخسۇس

ھۆججەت چىقىرىپ ، « مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى دۆلەتكە مەنسۇپ » دېگەن قانۇنىي بەلگىلىمىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ، مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ دائىرىسىنى بېكىتكەندە يەر سېتىۋېلىش خىراجەتلىرىنى كەچۈرۈم قىلىۋېتىشنى ئۆتۈنىمىز .

( 5 ) ئاساسىي قۇرۇلۇشقا ماسلىشىپ ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىشنى تەشۋىق قىلىش كۈچلۈك بولمىدى .

ئەسلىدە ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قانۇنىدىكى بەلگىلىمە ناھايىتى ئېنىق بولۇپ ، ئىجرا قىلىشمۇ ھېچقانداق مۇرەككەپ ئەمەس ئىدى . ئەمما ، تەشۋىقات يېتەرسىز بولۇپ ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ئىجرا قىلمىغانلىقتىن ، بەزى يۈز بېرىشكە تېگىشلىك بولمىغان ئىشلار يۈز بېرىپ ، تولۇقلىغىلى بولمايدىغان زىيان كېلىپ چىقتى . ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چوڭ تىپتىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش ، نېفىت قىدىرىپ تەكشۈرۈش ، تۆمۈر يول ، تاشيول قۇرۇلۇشى ، سۇ ئامبىرى ، سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت يۇقىرىقى قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەممىسى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا چېتىلىدۇ . ئەمما ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يۇقىرىدىكى چوڭ تىپتىكى ئاساسىي قۇرۇلۇشلىرىنىڭ بىرەرىمۇ قانۇنغا ئاساسەن ئىشتىن ئىلگىرى مەدەنىيەت يادىكارلىق تارماقلىرىغا ئۇقتۇرۇش قىلىپ باقمىدى . مەدەنىيەت يادىكارلىق تارماقلىرى گېزىتتىن ياكى كوچا خەۋەرلىرىدىن ئاڭلاپ ، قۇرۇلۇش قىلىنىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئاساسىي قۇرۇلۇش تارماقلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ ، ئۇزۇن ۋاقىت تالاش - تارتىشتىن كېيىن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قانۇنىدىكى تەلەپلەرگە ئاساسەن ( ئاساسىي قۇرۇلۇشقا ماسلىشىپ )

مەدەنىيەت يادىكارلىق خارابىلىرى ياكى قەدىمكى خارابىلەرگە قارىتا رەتلەش ئېلىپ بارىدىغان ئىشلار كۆپ بولدى. بەزى ئاساسىي قۇرۇلۇشلار ھەققىدىكى تالاش - تارتىشلار ئۇزۇن يىللار سوزۇلۇپ (مەسىلەن، جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىت قېدىرىپ تەكشۈرۈش)، بۇگۈنكى كۈنگە قەدەر ھەل بولماي كېلىۋاتىدۇ. گېزىت - ژۇرناللاردا خەۋەر قىلىنمىغان، ئاڭلىماي قالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا ئالاقىدار بولغان ئاساسىي قۇرۇلۇشلارغا كەلسەك، قۇرۇلۇش جەريانىدا قانچىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ نابۇت قىلىنغانلىقىنى ستاتىستىكا قىلىش مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە.

«مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قانۇنى» نىڭ ئۇچىنچى باب 18 - ماددىسى، «دۆلەت قۇرۇلۇشىغا يەر ئېلىش نىزامى» نىڭ 23 - ماددىسى، «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش، باشقۇرۇش ھەققىدىكى بىر قانچە بەلگىلىمىلىرى» نىڭ 4 - ماددىسىغا ئاساسەن مۇنداق تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىمىز: ئاساسىي قۇرۇلۇش تۇرىنى تۇرغۇزۇشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلايدىغان چاغدا، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش تارمىقى تامغىسىنى بېسىپ، ئېتىراپ قىلىشى شەرت.

(6) مەدەنىيەت يادىكارلىق قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەت مەدەنىيەت يادىكارلىق كەسپىي تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرىنى پائال يېتىشتۈرۈپ، ھەر مىللەت مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

غەربىي شىمال داشۆسىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق مۇزېي شۆبىۋەنى بىلەن 1989 - يىلىدىن باشلاپ بىرلىكتە سىنىپ ئېچىشنى

يولغا قويغاندۇق ، ئىككى قارارلىق ئوتتۇز ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈردى ، يەنە ئۈچ قارارلىق ئوقۇغۇچى ئۆگىنىش قىلىنالىدۇ . دۆلەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىلىق 1992 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا « شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش تېخنىكىسى كۇرسى » ئېچىلىپ ، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە 50 نەپەر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خادىمى تەربىيىلەنگەندى . 1995 ـ يىلى قىزىل مىڭئۆيدە « مەملىكەت بويىچە مىڭئۆي ئارخېئولوگىيە كۇرسى » ئاچماقچىمىز .

( 7 ) مەدەنىيەت يادىكارلىق بازىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئالماشتۇرۇش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇش ، مەدەنىيەت يادىكارلىق بازىرىنىڭ نورمال ھەرىكەت مېخانىزمىنى تۇرغۇزۇپ ، ئاممىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش لازىم .

( 8 ) مەدەنىيەت يادىكارلىق تارماقلىرى « مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارقىلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى بېقىش » نى تەشەببۇس قىلىش لازىم . ئىدىيىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئازاد قىلىپ ، باشقۇرۇشنى ياخشىلاپ ، بازار ئىگىلىكىنىڭ چوڭ دولقۇنىدا يول ئېچىپ ، مەبلەغ يارىتىشنى تەۋسىيە قىلىمىز . بۇنىڭدا ئاساسلىقى ھازىر بار بولغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارقىلىق چەت ئەللەر بىلەن ھەمكارلىشىش ، كۆرگەزمە قىلىش قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

# يىپەك يولى باغرىدىكى مېلودىك چەشمە ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى توغرىسىدا

يىپەك يولى — ئاجايىپ سېھىرلىك ئۇلۇغ قانال. بۇ قانال ساھەسىگە قەدىمكى رىمدىن سەلتەنەتلىك چاڭئەنگىچە بولغان بىپايان زېمىننىڭ ئەڭ گۈزەل مەدەنىيەت گۈلشەنلىرى ۋە سەنئەت چەشمىلىرى جايلاشقان.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرى، ھېسسىيات يالقۇنلىرى ۋە تەپەككۇر دۇردانىلىرىدىن پەيدا بولغان ئاجايىپ مۆجىزىدار سەنئەت گۈلزارىدا سېھىرلىك بىر چەشمە ئەسىرلەردىن ئەسىرلەرگىچە جاۋاھىرات بۇژغۇنلىرىنى چاچرىتىپ كەلمەكتە. ئۇ بولسىمۇ ھېكمىتى مەنىدار، سەنئىتى مەپتۇنكار ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىدىن ئىبارەت.

ناخشا يۈرەكنىڭ ساداسى، ئۇسسۇل قەلبنىڭ ئىزھارىدۇر. ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مەھسۇلى. ئۇ، ئۇلۇغ، ئۆلمەس ۋە ئېگىلمەس - سۇنماس بۈيۈك شائىر — بىر پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقى قەلبىنىڭ زىلزىلىسى، شادلىق — نالىشى، مۇھەببەت - نەپرىتى، ئۈمىد - ئارزۇلىرىدىن تويۇنۇپ پارتلىغان مېلودىك فونتان بولۇپ، تارىختىن بۇيان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ روھىي دۇنياسىغا، ئىجتىمائىي ھاياتىغا، پسىخولوگىيىسىگە سىڭىپ كەتكەن. ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى جەمئىيەت كىشىلىرىنى ئىجتىمائىي ھەققانىيەت، پاك مۇھەببەت، ھالال تۇرمۇش، گۈزەل غايە، گۈزەل ئەخلاق ۋە گۈزەل تۇرمۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇشتەك خاسىيەت ئالاھىدىلىكى، مەزمۇنى، شەكلى ۋە

بەدىئىي ئۇسلۇب جەھەتلەردىكى ئىلمىيلىكى، ئاممىۋىلىقى، چىنلىقى، تەسىرچانلىقى، شوخلۇقى، خىلمۇخىللىقى، جەڭگىۋارلىقى بىلەن جەمئىيەتكە ئەدەب ـ ئەخلاق ئۆگىتىدىغان، مەنىۋى قۇدرىتى بىلەن خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنى بېيىتىدىغان، خەلقنىڭ مىللىي غۇرۇرىنى، ئىقتىدارىنى نامايان قىلىدىغان، سەنئەت ھۇزۇرىنى ئاشۇرىدىغان قۇدرەتلىك مەنىۋى ئەڭگۈشتەرلىك رولىنى ئۆتەپ كەلمەكتە.

قەدىمكى «يىپەك يولى» باغرىدا ئەسىرلەردىن بۇيان ياڭراپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى شېئىر جەھەتتە چۈچۈك تىل، شېرىن مۇھەببەت، ئۆتكۈر كىنايە، جانلىق سىمۋول، تەبىئىي ئوخشىتىش، كۈچلۈك مۇبالىغە، ئەينەن تەقلىد، ئىلھامبەخش قوشما تەسەۋۋۇر، ھېكمەتلىك ماقال ـ تەمسىل، پىچىملىق ئوبرازلار بىلەن ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچىنى ئاشۇرغان.

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن قوشاق، مۇزىكا نۇقتىسىدىن ناخشا. ئۇنى چالغۇ ئەسۋابلىرى بىلەن ئوقۇشقىمۇ، ئۇسسۇلغا تەڭكەش قىلىپ ئوقۇشقىمۇ، چالغۇ ئەسۋابلارسىز ئوقۇشقىمۇ بولىدۇ.

ناخشا خۇمارلىق ئەزەلدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ روھىي دۇنياسىغا، ئۆمرى روھىغا، پسىخولوگىيىسىگە، ھەممە ئېنىق ھەرىكەتلىرىگە، بۆشۈكتىن گۆرگىچە بولغان بارلىق تىرىكچىلىكلىرىگە سىڭىپ كەتكەن. شۇڭا، تارىختىن بۇيان يەر يۈزىدە ناخشىنى ياخشى كۆرمەيدىغان، سەنئەت تۇيغۇسى ئۆلگەن، ناخشىنى يات كۆرىدىغان بىرمۇ ئۇيغۇر نەسلىنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ!

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى زامان ـ ماكان توسۇقلىرىدىن ھالقىپ كەتكەن. ئۇنىڭ تارىخىي قاتلىمى تولىمۇ ئۇزاق

ئەسىرلەردىن بۇگۈنگىچە بولسا، ئۇنىڭ ماكان ( جۇغراپىيىلىك ) ۋە كەسپىي چەمبىرى بىرەر يۇرت ياكى بىرەر كەسپىي پائالىيەت بىلەنلا چەكلەنمىگەن. ئۇنى ناھايىتى ئۇششاق – نۇرغۇن، كونكرېت تۈرلەرگە ئاجراتساقمۇ، مەزمۇن ئومۇملۇقى جەھەتتە ئۈچ چوڭ تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن. ئۇلار:

1. ئىجتىمائىي تۇرمۇش تېما قىلىنغان خەلق ناخشىلىرى؛

2. ئېتنىك ئۆرپ – ئادەت ئەكس ئەتتۈرۈلگەن خەلق ناخشىلىرى:

3. ئىشق – مۇھەببەت ئىپادىلەنگەن خەلق ناخشىلىرىدىن ئىبارەت.

ئىجتىمائىي تۇرمۇش تېما قىلىنغان خەلق ناخشىلىرىدا ئەمگەك ناخشىلىرى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ.

ئەمگەك ناخشىلىرى كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەمگەكتىن بىۋاسىتە ئىلھاملىنىشى جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئەمگەكنىڭ ئۇلۇغ خاسىيىتىنى يۇكسەك شېئىرىي پىكىر بىلەن سۈرەتلەپ بېرىدۇ.

گۈل – گۈلىستان بولغۇدەك،
ئالەم گۈلىستان بولغۇدەك.
ياخشىلار بىر يەرگە كەلسە،
چۆللەرمۇ بوستان بولغۇدەك.

ئەمگەك ناخشىلىرى ھەققىدە سۆز بولغاندا، ئۇنى ئىنسانىنىڭ نۇقۇل تەبىئەت بىلەن بولغان جىسمانىي ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى تەسۋىرلەيدىغان ناخشىلاردىن چۈشىنىش بىر تەرەپلىملىكتۇر. ماركس ئېيتقاندەك، سىنىپىي جەمئىيەتتە ئەمگەك ئەسلى ماھىيىتىدىن ياتلاشقان بولغاچقا،

ئۇيغۇر خەلقىمۇ ئەمگەك ناخشىلىرىنى زۇلۇم ـ مۇشەققەتنى قارىلاش ۋە ئەركىن ـ ئازادلىقنى ئارزۇ قىلىش بىلەن، شۇنىڭدەك ئىشق ـ مۇھەببەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئەمگەك ناخشىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمدارلىقى ۋە بەدىئىي كۈچىنى ئاشۇرغان. «ئالۋاڭ ناخشىسى»، «ئۆستەڭ ناخشىسى»، «سىپىل ناخشىسى» قاتارلىقلاردا مەجبۇرىي زۇلۇم ئاستىدىكى قۇللارچە ئەمگەك ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ مۇڭلۇق نالىسى، كۈرەش ئىرادىسى گەۋدىلەنگەن.

ئۆستەڭنىڭ تېگى لايدۇر،
دەسسىسەم لىغىلدايدۇ.
زالىملار چىقىپ كەلسە،
يۈرەكلەر جىغىلدايدۇ...

* * *

دەريانىڭ سۈيى تاشسا،
چوڭ كۈرەنى باسماقچى.
ئەقىلسىز نادان بەگلەر،
ھاشار بىلەن توسماقچى.

* * *

سۇلتان خوجام سورايدۇ،
سىپىل سوققانلار نەلىك.
بىز خانىغا نىمە قىلغان،
بىكار ياتىدۇ شەلىك.

* * *

ئۆستەڭنىڭ تېگى قاتتىق،
چاپسام كەتمەن ئۆتمەيدۇ.
زالىم تۇڭچىسى بەگلەر،
بېشىمىزدىن كەتمەيدۇ.

* * *

ئەجەب بىر زامان بولدى،
ئالەم چۆرگىلەي دەيدۇ.
يۈرەكتىكى زەرداپ سۇ،
قانغا ئۆرۈلەي دەيدۇ.

* * *

يامۇلنىڭ ئىچى زەيلىك،
بۇ دەردلەرگە نىمە دەيلىك.
ئەركىنلىككە بەل باغلاپ،
ياخشىلىقنى ئىزدەيلىك.

بۇ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك مۇھىتتىكى ئېچىنىشلىق تۇرمۇشىنىڭ ھەققىي كارتىنىسى، ئۇلارنىڭ كۈرەشچان ھايات تارىخىنىڭ ئوبرازلىق خاتىرىسىدۇر.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېتنىك ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ناخشىلىرى ئۇيغۇر تۇرمۇشىنىڭ دائىمىي مېلودىك ھەمراھى بولۇپ، ئۆتمۈشتىن ھازىرغىچە داۋام قىلىپ كەلدى. بۇلار قاتارىغا ئالدى بىلەن توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ مەرسىيە، بۆشۈك تويى، ئەللەي ناخشىلىرى، ئاندىن قالسا ھەرخىل ھېيت ـ

ئايەم ، سەيلە قوشاق ـ ناخشىلىرى كىرىدۇ .

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۆشۈك ناخشىلىرى ــ « ئەللەي كۈيى »  تولىمۇ مۇڭلۇق ۋە تەسىرلىك . مېھرىبان ئانىلار ئۇماق باللىرىنى بۆشۈكتە تەۋرىتىپ ئۆزىنىڭ ئۈمۈرلۈك ئارزۇ ـ ئارمانلىرىدىن يىغلايدۇ ۋە بۆشۈكتىكى يېڭى ئەۋلادىغا يۈرەكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى ئەڭ شېرىن ئارزۇ ـ تىلەكلىرىنى تىلەيدۇ . ئەللەي ناخشىسىنى ئۇيغۇر خەلقى ئىجتىمائىي بەخت قاراشلىرىنىڭ ئىخچام شەكلى دېيىشكە بولىدۇ .

مەسىلەن :

ساڭا قويدۇم ياخشى ئات ، ئەللەي ،
ياخشى نىيەتتۇر مۇراد ، ئەللەي .
ئەل ـ يۇرتۇڭغا سۆيۈنسەڭ ، ئەللەي ،
ساڭا بولغۇسى قانات ، ئەللەي .

* * *

مەن بالامنى بۆلەيمەن ، ئەللەي ،
ئالتۇن تاغقا يۆلەيمەن ، ئەللەي .

* * *

قولى ئارسلان بىلەكلىك ،
باتۇر قاپلان يۈرەكلىك .
ياخشى ـ يامان كۈنۈمدە ،
ماڭا بەكمۇ كېرەكلىك .
ئەللەي بالام ، ئەللەي ،
جانىم بالام ئەللەي .



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇراسىم ناخشىلىرى ئۇيغۇرلاردا ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. مەسىلەن، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ئەفراسىياپ ئۆلۈمىگە بېغىشلانغان مۇراسىم قوشىقى بىلەن مىلادى 998 ـ يىلى يېڭىسار ـ يەكەن ـ يوپۇرغا ئارىسىدىكى سەلقۇمدا شېھىت بولغان ئەلى ئارسلانخانغا ئاتالغان مەرسىيە ناخشىسى بۇنىڭغا تىپىك مىسالدۇر.

« ئالىپ ئەرتۇڭا ئۆلدىمۇ،
ئىسىز ئاژۇن قالدىمۇ.
ئۆزلەك ئۆچىن ئالدىمۇ،
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر ».

يەشمىسى:

« باتۇر تۇڭا ( ئەفراسىياپ ) ئۆلدىمۇ،
ۋاپاسىز دۇنيا قالدىمۇ.
پەلەك ئۆچىنى ئالدىمۇ،
ئەمدى يۈرەك تىلىنماقتا ».
— « تۈركىي تىللار دىۋانى » 1 ـ توم، 59 ـ بەت.

ئاتاسى شاھى مەردانىدۇر،
ئاناسى نۇرئەلا نۇرخان.
خۇدا يولىدا جان بەرگەن،
شەھىدۇ ئارسلانخاندۇر ».

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى قاتارىدا قەھرىماننىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ناخشىلىرى خەلق ئاغزىدىكى ئىپتىخارلىق مەرسىيە ناخشىلىرى تۈسىنى ئالغان، مەسىلەن، سېيىت نوچىنىڭ:

www.uyghurkitap.com

« مېنى ئاتساڭ ئۇستاڭ ئات
نا ئۇستاڭ يېقىن كەلمە » .
دېگەن ناخشىسى ، نۇزۇگۇمنىڭ :
« نۇزۇك قولى باغلاندى ،
ئۆلتۈرمەككە چاغلاندى » .

دېگەن ناخشىسى ، ئابدۇراھمان ئاخۇنۇمنىڭ ئانىسىنىڭ ئوغلىغا يىغلىغان :

« كىيگەن تونلىرىڭىز قالدى بالام ، بالام ،
مىنگەن ئاتلىرىڭىز قالدى بالام ، بالام .
ئابدۇراھمان خان غوجام بالام ، بالام ،
كۆزۈمدە يېشىم قالدى بالام ، بالام » .
دېگەن مەرسىيىسى بىلەن :
« گۈلباغ سۈپەت قەشقەردەك ،
يېڭى سوققان شەر بارمۇ ؟
مايىمخان شېھىت بولدى ،
ئاڭا ئوخشاش ئەر بارمۇ ؟ »ۋە باشقىلار بۇ پىكرىمىزنىڭ ئىلمىي دەلىلىدۇر .

مەرسىيە ناخشىلىرىنىڭ يەنە بىر تۈرى يېتىم - يېسىرلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنى ، دوست - يارەنلىرىنى ئەسلەش شەكلىدىكى ناخشىلاردىن ئىبارەت . بۇ ناخشىلار ئىچىدە مەرھۇمنىڭ ۋاپاتىنى ناھايىتى ئوبرازلىق ۋە جانلىق سۈرەتلەپ بەرگەن « ئانام - ئانام » ناخشىسى ۋەكىللىك خاكتېرگە ئىگە .

ئانام سەكراتقا چۈشكەندە ،
خورەك تارتتى دەپتىمەن .
كۆزلىرى يۇمۇلغاندا ،
ئۇخلاپ قالدى دەپتىمەن .

ئىگىكى تىگىلغاندا ،
رومال ئارتتى دەپتىمەن .
پۇتلىرى چىتىلغاندا ،
ئارام ئالدى دەپتىمەن .

غۇسلى سۈيى قۇيغاندا ،
تەرەت ئالدى دەپتىمەن .
كېپەنلىك تىكىلگەندە ،
كۆڭلەك كىيدى دەپتىمەن .

جىنازىغا سالغاندا ،
مەپىگە چۈشتى دەپتىمەن .
خەلقى ئالەم يىغلىغاندا ،
توي بولدىغۇ دەپتىمەن .
... ... ...
يىتىپ باردۇق مازارغا ،
كىرىپ كەتتى سارايغا .
قاراپ قالدۇق كامارغا ،
يىتىم قالدۇق تالادا .

ئۇيغۇرلار ئىچىدە ھەر يىلى تۇنجى قارنىڭ شەرىپىگە ئۇيۇشتۇرۇلىدىغان «قارلىق بەزمىسى» دە ئېيتىلىدىغان ناخشىلار ، نورۇز ناخشىلىرى ؛ ئەتىياز ، ياز ، كۈز پەسىللىرىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان قىزىلگۈل سەيلىسى ، باغ سەيلىسى ، قوغۇن سەيلىلىرىدە ئوقۇلىدىغان ناخشىلار ئەڭ كۆچلۈك ئاممىۋى خاراكتېرگە ئىگە .

www.uyghurkitap.com

تاپقىنى گۈل كەلتۈرۈر ،
تاپمىغىنى بىر باش پىياز .
تاپقىنى قوي كەلتۈرۈر ،
تاپمىغىنى چۈچەخوراز .

— ( قارلىق ناخشىلىرىدىن )

ئېيتىدا قىلدۇق نورۇزدىن ياخشى كۈننى باشلىدۇق ،
كۆڭلىمىزنىڭ خۇشلۇقىدىن بۇ ئويۇننى باشلىدۇق .
شاتىۋادىن تون كىيىپ ، جۇۋا ـ تۇماقنى تاشلىدۇق ،
سايىلەردە ئولتۇرۇپ نەغمە ـ ناۋانى باشلىدۇق ،
ئات مىنىپ ، ئوغلاق ئېلىپ ، مەشرەپ قىلۇر كۈندۇر ،
بۇگۈن .

— ( نورۇز سەيلىسى مەشرەپ ناخشىلىرىدىن )

باغدىن چىقىپ كەلدى بىر قىز ،
قىزىلگۈلنى ئارىلاپ .
كىشى كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ ،
گۈل ئارىسىدىن مارىلاپ .

ئاھ ئۈزۈپ مەن گۈلنى سۇندۇم ،
خۇش كۆرۈپ ئالۇرمۇ دەپ .
مېھر باغلاپ كۆڭۈل بەردىم ،
مېھرىبان بولۇرمۇ دەپ .

— ( قىزىلگۈل سەيلىسىدىكى ناخشىلاردىن )

ئۇيغۇر خەلقى ئېچىدە خەلق تۇرمۇشىغا چوڭقۇر سىڭگەن ، خەلقنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە ئايلىنىپ كەتكەن ، ناخشا ـ مۇزىكا ، ئۇسسۇل ۋە ھەر خىل خەلق ئويۇنلىرى ، يەرلىك ئۆرپ ـ ئادەتلەر بىرلەشتۈرۈلگەن بىر

خىل ئەڭ ئاممۇى ، ئـەڭ تەسىرچان ، ئەڭ قـەدىـمـكـى سەنئەت شەكلى مەشرەپ بولۇپ ، مەشرەپ بولسا ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى كۆرەك قىلىنىدىغان ئاممۇى سورۇندۇر .

ئاي بىلەن كۈن دوست ئىكەن ،
چولپانغا ھەمراھ يوق ئىكەن .
ئاخۇنۇمدىن سورىسام ،
ئاشىققا نىكاھ يوق ئىكەن .

*　*　*

مەن بۇ يەرنى چۆل دېسەم ،
چۆل ئەمەس گۈلزار ئىكەن .
توغرىقى ئالماغا ئوخشاش ،
يۇلغۇنلىرى مازار ئىكەن .

*　*　*

سەھەردە سايرىغان بۇلبۇل ،
ئەمدى سايرىماس بولدى .
ئاۋۋال قارىغان يارلار ،
ئەمدى قارىماس بولدى

— ( دولان مەشرەپ ناخشىلىرىدىن )

ئەسسالام دەپ ئۆيگە كىرسەم ،
ئۆردە بىر مېھمان تۇرۇر .
قاشلىرى قىيغان قەلەمدەك ،
كۆزلىرى ئويناپ تۇرۇر .
... ... ...

مەن سالام بەردىم ساڭا،
قىلغان ئىشارەتىڭ قېنى؟
كۆڭلى يازلىقتىن خەۋەر،
ئەقلى كارامەتىڭ قېنى؟

ئەر ئېيتىدۇ:
تۆردە مېھمانىڭ بولۇپ،
تۇرغان چېغىم ــ كۈلگەن چېغىم.
رەھمىتىم ــ مېھرىم بىلەن،
ساڭا بېرىلگەن بۇ دىلىم.
... ... ...
بىر سالامغا مىڭ ئىشارەت،
قىلمىقىم ئارزۇ ــ ھەۋەس.
بۇ كۆڭۈلنىڭ قىشى يوقتۇر،
ئەقلىم ــ كارامەتىم پەۋەس.

ئايال ئېيتىدۇ:
دىل خۇمارىم سەن ئىرۇرسەن،
شوخا بويلۇق شۇل يىگىت.
لەۋزىدىن شېكەر تامادۇر،
خۇشمۇ تاقەتلىك يىگىت.
... ... ...
سەن ئۇچۇن كۆيمەكلىكىم،
غەپلەت ئەمەس، يا، جا ئەمەس.
كۆڭلىمىز كۈن، قىلچە شەك يوق،
مەن ساڭا ئورتاق نەپەس.
... ... ...



ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكىتى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئەر ئېيتىدۇ :

بۇ ئەزىز قەلبىڭ ئۈچۈن ،
قەلبىم ، ۋۇجۇدۇم سەندىدۇر .
ئىككى دۇنيا بىر قەدەمدۇر ،
سەن بىلەن ئۆتسە نەپەس .

— ( قارا قۇرۇملۇقلاردىكى توي مەشرىپى ئېيتىشلىرىدىن )

قاراڭ ، مەشرەپ ئۆزى بىر شېئىرىي دەريا ئەمەسمۇ ؟

مۇھەببەت ناخشىلىرى ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى ئىچىدە ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەن بولۇپ ، ئەركىن مۇھەببەت ، ئىنسانپەرۋەرلىك ، ۋاپادارلىق ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان . تىلى ئىنتايىن گۈزەل پاساھەتلىك .

سېنىڭ جېنىڭ ، مېنىڭ جېنىم ،
بىر جان ئەمەسمۇ .
سېنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ جېنىم ،
قۇربان ئەمەسمۇ .

* * *

يۈرەكىم چاك ـ چاك بولدى ،
لېۋىڭدىن سۇ ئىچەي يارىم .
ئۆتەر يولۇڭغا باش قويۇپ ،
ئەجەل يەتسە ئۆلەي يارىم .

ئۇيغۇر خەلق مۇھەببەت ناخشىلىرىنىڭ تېماتىك مەزمۇنى تولىمۇ كەڭ بولۇپ :

« يارنى يار دەمدۇ كىشى ،
يامانى يار دەمدۇ كىشى .

ياخشى يار ياندا تۇرۇپ ،
يامانني خالامدۇ كىشى .

*      *      *

ئالما گۈلى گۈل بولامدۇ ،
باشقا قىسسا بىر قۇچاق .
كىشىنىڭ يارى يار بولامدۇ ،
ئۆلگۈچە جانغا پىچاق » .

*      *      *

« قىل بىلەن تۈگكەن تۈگۈچنى ،
قول بىلەن بولماس يېشىپ .
ئەپلىشىپ قالغان كۆڭۈلنى ،
تىغ بىلەن بولماس كېسىپ . »

دىگەن ناخشىلاردا بىر ـ بىرىگە سەمىمىي ـ سادىق ، ۋاپادار بولۇش ، ئۆمۈر بويى ئۆزى ياخشى كۆرگەن بىرلا يار بىلەن ئۆتۈش ، باشقا قىز ـ ئاياللارغا كۆز قىرىنى سالماسلىقتەك ئالىيجاناب ئەخلاقىي پەزىلەت ئۇلۇغلانسا :

« ئەلكىدە قوغۇن تېرىپ ،
قاپاق باراڭلىق قىلدىلا .
يار ئۈستىگە يار تۇتۇپ ،
ئەجەب ساراڭلىق قىلدىلا »

دىگەن ناخشىدا بىۋاپالىق ، ئۆجمە كۆڭۈللۈك قاتتىق قامچىلانغان .

« زىبىخان ھەيدە قويۇڭنى باقىمەن ،
ئېرىقىڭدا چەشمە بولۇپ ئاقىمەن .

ئېرىقىڭدا چەشمە بولۇپ ئاقمىسام،
لەۋلىرىڭدە پىستە ـ بادام چاقمىسام.

پۇلى بار دەپ سودىگەرنى باشلىماڭ،
پۇلى يوق دەپ مەرد يىگىتنى تاشلىماڭ.
پۇل دېگەن قولنىڭ كىرىدۇر بىز تاپارمىز ھەر زامان،
پۇلى يوق دەپ مەرد يىگىتنى تاشلىماڭ.
سودىگەر شاڭخەيگە كەتتى مال ئۈچۈن،
زىبىخان ھەسرەتتە قالدى پۇل ئۈچۈن.»

دېگەن ناخشىدا پۇلغا بېرىلگەن مۇھەببەتنىڭ ئاقىۋىتى، ھەسرىتىنى ئىپادىلىسە:

«غازىمەنۇ غازىمەن،
چۆلدە يۈرگەن غازىمەن.
بىۋاپالىق قىلغۇچە،
ئۆلگىنىمگە رازىمەن.»

دېگەن ناخشىدا مۇھەببەتكە ساداقەت، ئاشىق ـ مەشۇقلار ئوتتۇرىسىدىكى بىر ـ بىرىگە سەمىمىي ئەقىدە ـ ئېتىقاد ئىزھار قىلىنسا:

«يانغاننى چىراغ دەگلار،
كۆيگەننى پىراق دەگلار.
ۋاپا قىلمىغان يارنى،
كۆگۈلدىن يىراق دەگلار.»

دېگەن ناخشىدا ۋاپاسىزلىق شىكايەت قىلىنىدۇ.

* * *

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى ناخشا ـ ئۇسسۇل،

مۇزىكىچىلىقىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ماكانلىرىدىن بىرى بولغان ئاتا ماكان ـ شىنجاڭدا ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىجاد قىلغان، بىپىتقان ئېسىل سەنئەت بولۇپ، 2000 يىلغا يېقىن داۋام قىلغان « يىپەك يولى » ئالاقىلىرى داۋامىدا، ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا مىللەتنىڭ پاراسىتى ھەم ماھارەتلىرىنى، مىللىي روھىنىڭ غايەت زور سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلىپ كەلدى.

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى ـــ خەلقىمىزنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى ئىشتىياقىنى، ئارزۇسىنى، ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ۋە قابىلىيەت ـ ماھارەتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىشتەك خاسىيەت ئالاھىدىلىكى، باي تارىخىي مەنبەدارلىقى ۋە ئىجتىمائىي قىممىتى بىلەن ھازىرقى زامان ناخشا سەنئىتىمىزنى گۈللەندۇرۇشتىكى باي مەنبە ۋە قۇرۇماس بۇلاقتۇر.

1993 ـ يىل 4 ـ ئىيۇن، ئۈرۈمچى

# شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات نىشانى ۋە نۆۋەتتىكى ۋەزىپىلەر

رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات توغرىسىدىكى 9 ـ بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010 ـ يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانى پروگراممىسى توغرىسىدا دوكلات» ىدا: «مەدەنىيەت خىزمىتىدە ‹ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش › يۆنىلىشىدە ۋە ‹ بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش › فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، باش مېلودىيىنى ياڭرىتىپ، كۆپ خىللاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، ‹ بەش بىر قۇرۇلۇشى › نى ياخشى تۇتۇپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمەتچىلىرىمىزنى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە مەدەنىيەتكە ئىنتىلىش روھىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىمىز. ئون مىڭ چاقىرىملىق چېگرا رايون مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، جايلاردىكى كۇتۇپخانا، مەدەنىيەت يۇرتى، ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى قاتارلىق مەدەنىيەت سورۇنلىرىنى تىرىشىپ ئوبدان باشقۇرۇپ، ئاممىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىمىز» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات نىشانى ۋە نۆۋەتتىكى مۇھىم ۋەزىپىلىرىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى،

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدە ئېلىپ بېرىلغان ئۇلۇغ ئىسلاھات ئەسىر ئالمىشىش ھارپىسىدا تۇرغان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ساھەسىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپلا قالماستىن، مەدەنىيەت ـ سەنئەت ساھەسىنىمۇ زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ھەم پۇرسەت يارىتىپ بەردى، ھەم ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى يېڭى رىقابەتكە يۈزلەندۈرۈپ، قانداق قىلغاندا ئۆزىنىڭ ئۇزاق تارىخىي زامانلاردىن بۇيان شەكىللەندۈرگەن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پاراسەت ھەم ماھارەتلىرىنى نامايان قىلىپ كەلگەن بەدىئىي ئۇسلۇبىنى ھەم سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا، ھەم ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرغىلى بولىدۇ، دېگەن مۇھاكىمىنى چۆرىدىگەن ھالدا بىر قاتار نەزەرىيىۋى، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ئالدىمىزغا قويدى. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز تۆۋەندىكى بىر قانچە تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىمىز كېرەك.

### 1. شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن يولداش دېڭ شىياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىش لازىم

پارتىيە 14 ـ قۇرۇلتىيىدا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى. ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئۆگىنىشنىڭ مەركىزىي مەزمۇنى دېڭ شىياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش، دەپ ئېنىق

كۆرسىتىلدى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئارقىلىق پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك ۋەزىپە جىددىي ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى، بىزنىڭ قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىزدىكى قۇدرەتلىك ئىدىيىۋى قورال ۋە قۇدرەتلىك كاپالىتى بولۇپ، بىز ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگەنگەندە ئۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ بۇ شانلىق نەزەرىيىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىنىمۇ قېتىرقىنىپ ئۆگىنىشىمىز لازىم. يولداش دېڭ شياۋپىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتا ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى تۈپ پرىنسىپلىرىدا چىڭ تۇرۇپ، تارىخىي تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىنى ئىجادىي تەرەققىي قىلدۇردى ۋە بېيىتتى. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تارىخىي بۇرچىنى تېخىمۇ توغرا يىغىنچاقلاپ، ئۇنى ساغلام تەرەققىيات يولىغا سالدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسى يېڭى تارىخىي باسقۇچتىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتىمىزدىكى پروگراما خاراكتېرلىك مۇھىم ھۆججەتتۇر. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە ئۇنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش ــ بىز ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ ماركسىزملىق مەيدان ، نۇقتىئىينەزەر ۋە ئۇسۇل ئارقىلىق مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش ، مۇھاكىمە قىلىش ، ھەل قىلىش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈش ، ئىلمىي دۇنيا قاراش ۋە توغرا كىشىلىك دۇنيا قارىشى تۇرغۇزۇپ ، كوممۇنىستىك غايە ۋە ئېتىقادنى چىڭىتىپ ، جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيىمىزنى كۈچەيتىش ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ھازىرلاشقا تېگىشلىك بىلىملەرنى ئىگىلىشىمىزدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ ، ئۇ بىزنى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن ، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشى ۋە « بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش ، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش » فاڭجېنىدا ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ كۆپ خىل رولىنىڭ بىرلىكىدە ، تېمىنى كۆپ خىللاشتۇرۇش بىلەن دەۋرنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسىنى گەۋدىلەندۈرۈشنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ ، ئېسىل مىللىي مەدەنىيەتنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى دەۋر روھىغا ۋە شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ساغلام مەنىۋى مەھسۇلاتلار بىلەن تەمىن ئېتىپ ، خەلقنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى ، گۈللىنىشى ، مەدەنىيەتلىك بولۇشى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە يېتەكلەيدىغان قۇدرەتلىك ئىدىيىۋى قورالدۇر .

يولداش دېڭ شياۋپىڭ : « خەلق ئەدەبىيات ـ

سەنئەتچىلەرنىڭ ئانىسى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرنىڭ سەنئەت هاياتى ئۇلارنىڭ خەلق بىلەن بولغان قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتىدە ياشنايدۇ. ئېسىمىزدە بولسۇنكى، بۇ خىل مۇناسىۋەت ئۈزۈلۈپ قالسا ياكى بۇ خىل مۇناسىۋەتكە سەل قارالسا، سەنئەت هاياتىمىز نابۇت بولىدۇ. خەلق سەنئەتكە موهتاج، سەنئەت خەلققە تېخىمۇ موهتاج. شۇڭا خەلق تۇرمۇشىدىن ماتېرىيال، باش تېما، سۈژىت، تىل، هېسسىيات ۋە گۈزەللىك ئېلىپ، خەلقنىڭ تارىختىكى قەهرىمانە روهىنى يارىتىش ئارقىلىق خەلقنى تەربىيىلەش كېرەك. بۇ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ تۈپ يولى» دەپ كۆرسەتكەندى. شۇڭا، هەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلىرى ئىدىيىدە يەنىمۇ ئازاد بولۇپ، كۆزقاراشنى يېڭىلاپ، يېڭى تارىخىي دەۋردىكى خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلى قاتارلىقلاردا بارلىققا كەلگەن ئۆزگىرىشلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇشىمىز؛ قايناق تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، جانلىق، تەسىرلىك بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى مەدھىيىلەيدىغان، مول ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ۋە خەلقنىڭ روهىي دۇنياسىنى، دەۋر رىتىمىنى، تارىخىي تەرەققىياتنىڭ يۈزلىنىشىنى هەقىقىي ئەكس ئەتتۈرىدىغان بەدىئىي جەزبىلىككە ئىگە مەنىۋى مەهسۇلاتلارنى تېخىمۇ كۆپ ئىجاد قىلىپ، مەزمۇنى مول، كۆپ قاتلاملىق، خىلمۇ خىل ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى بىلەن شىنجاڭدىكى هەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇش ئېهتىياجىنى قاندۇرۇشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، هەر مىللەت خەلقىنىڭ يۈرەك ساداسىنى هەقىقىي ئىپادىلەيدىغان، هەر مىللەت خەلقى ياقتۇرىدىغان،

يـۇقـىرى ئۆلچەم ، يۇقىرى سۈپەتكە ئىگە بولغان ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئاساسىي [illegible] قىلدۇرۇلغان ياخشى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغىلى بولىدۇ . مانا بۇ يېڭى شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى ھەقىقىي تۈردە گۈللەندۈرۈشنىڭ تۈپ يولى .

### 2 . سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى يېڭى تۈزۈلمىسىنىڭ تەلىپى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىيات قانۇنىيىتى بويىچە مەدەنىيەت ـ سەنئەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك

شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ساھەسىدە ھازىرغا قەدەر ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاھاتتا بەزىبىر پايدىلىق سىناقلار ئېلىپ بېرىلدى . بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق سەنئەت ئۆمەكلىرىدە ئۆمەك باشلىقلىرىنى ئاشكارا خىردار چاقىرىپ ، قىسمەن ھۆددىگە بېرىش قاتارلىق ئىسلاھات تەدبىرلىرى يولغا قويۇلدى . بۇنىڭدا ئىسلاھاتنىڭ ئومۇمىي يېتەكچى ئىدىيىسى توغرا بولۇپ مەلۇم ئۈنۈمگە ئېرىشتى . لېكىن ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت سەھاسىدىكى ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلاشماسلىقىدىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلە ، مېنىڭچە ، تۆۋەندىكى ئىككى نۇقتىدا ئىپادىلىنىۋاتىدۇ :

بىرىنچىدىن ، قاراپ بېقىش پوزىتسىيىسىدە بولۇپ ، ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلاشمىغانلىقى ، دادىل ئېلىپ بېرىلمىغانلىقى ، ئۇزۇل ـ كېسىل بولمىغانلىقىدا ؛ بىر تەرەپلىمە ھالدا شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە مۇقىملىق تەكىتلىنىپ ھازىرقى ھالەتتىن قانائەتلىنىش ، ئالدىرىماي ئىش كۆرۈش ئىدىيىسىنىڭ بىرقەدەر

ئومۇمىيۈزلۈك ساقلانغانلىقى، يېڭىلىق يارىتىشتىكى، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەشتىكى، باتۇرلۇق بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتىكى پىكىر يوللىرىنى توسۇپ قويىدىغان بېكىنمە ئىدىيە، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان كونىچە كۆز قاراشلار چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىدا؛

ئىككىنچىدىن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت قوشۇنى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئاز بولمىغان سەنئەت ئەسەر (نومۇر) لارنى ئىجاد قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشقان بولسىمۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بەرپا قىلىش تەلىپىگە ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىغا ماسلىشالمايۋاتىدۇ. تۈرلۈك ژانىردىكى سەنئەت ئەسەر (نومۇر) لار سان ـ سۈپەت جەھەتتىن ئېھتىياجنى قاندۇرالمايۋاتىدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ، مەدەنىيەت خىزمىتىمۇ يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەكتە.

نامۇۋاپىق، كونا مەدەنىيەت ـ سەنئەت تۈزۈلمىسىدىكى قاتماللىق، بەزى سەنئەت ئۆمەكلىرى تاماشىبىنلارغا يىللاپ تۈرلۈك ئويۇن قويىمىسىمۇ، بىر تىيىن ئىقتىسادىي كىرىم قىلمىسىمۇ، ئۆمەك خادىملىرىنىڭ مائاشى بىلەن مۇكاپات پۇلى ئوخشاشلا تارقىتىلىۋېرىدىغان «ئىشلىمەي چىشلەش» تەك تەڭ تەقسىماتچىلىق ئۇسۇلى سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ رىقابەت، خەۋپ تۇيغۇسىنى، ئىزدىنىش، ئىجاد قىلىش ھەم ئىقتىسادىي قىممەت

يارىتىش ئىقتىدارىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، سەنئەت تەشكىلاتلىرى ۋە سەنئەتكارلاردا سەھنە، ئېكران، بازار ھەم خېرىدارلارنى تالىشىدىغان جانلىق رىقابەت مۇھىتى ھەقىقىي تۈردە شەكىللەنمىگەچكە، ھازىر بىرمۇنچە سەنئەت ئۆمەكلىرى خەلقتىن ئايرىلىپ قالماقتا. خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ كۈندىن - كۈنگە كۆپ خىللىشىشى كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىغا نىسبەتەن تاللىشىنى مىسلىسىز دەرىجىدە كۈچەيتمەكتە. نەتىجىدە، ھەر خىل تىپتىكى كىنو - تىياتىرخانىلار ھەر قېتىمدا تاماشىبىنلار بىلەن لىق تولىدىغان ھالەت يوقالماقتا، بولۇپمۇ سەنئەت ئۆمەكلىرى ھازىر ئېغىر ۋەزىيەتكە دۇچ كەلمەكتە. ئەمدى مەدەنىيەت - سەنئەت ساھەسى پۈتۈن زېھنىمىزنى يىغىپ بازار رىقابىتىگە توغرا تۇرمىساق، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرمىساق بولمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، كۆز قاراشنى يېڭىلاپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى يېڭى تۈزۈلمىسىنىڭ تەلىپى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى بويىچە مەدەنىيەت - سەنئەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

مەدەنىيەت - سەنئەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىكى ئۆلچەم ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق قوزغاش ۋە جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش - بولماسلىقىغا، يېڭى ئەسەرلەرنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشى ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەشكە، سوتسىيالىستىك مىللىي مەدەنىيەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان مەدەنىيەت تۇرمۇشى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا پايدىلىق ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىگە، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى

سۇرۇشكە پايدىلىق ياكى ئەمەسلىكىگە قاراشتىن ئىبارەت . بۇ ئارقىلىق جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەدەبىيات ـ سەنئەت تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىپ ، سوتسىيالىستىك مىللىي ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە گۈللەپ ـ ياشنىغان ياخشى ۋەزىيەتنى ياراتقىلى بولىدۇ .

مەدەنىيەت ـ سەنئەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى يەنىلا ھەر دەرىجىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرى بولۇپ ، مەدەنىيەت ـ سەنئەتكە رەھبەرلىك قىلغۇچى تارماقلار بىلەن سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى راۋانلاشتۇرۇپ ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيىتىنى ئېنىق بەلگىلەش لازىم . ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تارماقلىرى كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ، ۋەكىللىك ـ نەمۇنىلىك خاراكتېرگە ئىگە سەنئەت ئۆمەكلىرىنى ياخشى باشقۇرۇشى ، ھەر خىل ئىجتىمائىي كۈچلەرنى سەنئەت ئۆمەكلىرىنى باشقۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈشى ، كارخانىلار بىلەن بىرلىشىش يولىغا مېڭىشى ، دۆلەت باشقۇرۇشنى ئاساس قىلغان ھالدا كۆپ خىل يول بىلەن سەنئەت ئۆمەكلىرىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشى لازىم . سەنئەت ئۆمەكلىرىدە خادىملارنى تەكلىپ قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى بۆسۈش نۇقتىسى قىلىپ ، باشقۇرۇش ئۇسۇلى ، تەقسىمات ، خادىملارنى باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە داۋاملىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ، سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشنى مەركەز قىلغان ھالدا مەبلەغ سېلىش قۇرۇلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش ، ھەر خىل قانۇن ـ تۈزۈملەر بىلەن سەنئەت ئۆمەكلەر ئىسلاھاتىنى ئىلمىي ئاساسقا ، قانۇن يولىغا سېلىش لازىم . سەنئەت ئۆمەكلىرى بويىچە باھالاپ سېلىشتۇرۇشنى يولغا قويۇپ ، بۇرۇنقىدەك مەمۇرىي رايون ياكى مەمۇرىي دەرىجە بويىچە سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ دەرىجىسىنى بېكىتىدىغان باقىۋەندىلىك دەرىجە تۈزۈمىنى بۇزۇپ

تاشلاپ، سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ ئەمەلىي سەۋىيىسى بويىچە دەرىجىگە بېكىتىدىغان، دۆلەتتىن بېرىلىدىغان مەبلەغ تەقسىماتىنى ئومۇمىي سەنئەت سەۋىيىسى بىلەن بىرلەشتۈرىدىغان تۈزۈمنى يولغا قويۇپ، ساقلاپ قېلىشقا تېگىشلىكلىرىنى ساقلاپ قېلىش، قالدۇرۇشقا تېگىشلىكلىرىنى ئىككىلەنمەي قالدۇرۇش لازىم. ئىلمىي ئۇسۇلدا باھالاپ دەرىجىگە ئايرىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى، كەسپىي قۇرۇلمىسىنى تېخىمۇ ياخشى تەڭشەپ ۋە ئورۇنلاشتۇرۇپ، سەنئەت ئۆمەكلىرىنى يېڭى تەرەققىيات يولىغا، خەلقنىڭ كۆنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى تەلىپىگە، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ئېھتىياجىغا ماسلىشالايدىغان قىلىش لازىم.

مەدەنىيەت ـ سەنئەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى سىستېمىلىق چوڭ قۇرۇلۇش بولۇپ، ئۇ، سەنئەت ئۆمەكلىرى ئىسلاھاتى، كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئىسلاھاتى، مەدەنىيەت بازىرىنى باشقۇرۇش ئىسلاھاتى، ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىسلاھاتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. جۈملىدىن، ھەر قايسى جەھەتلەردىكى ئىسلاھاتلار بىر ـ بىرىگە باغلىنىدۇ. بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇڭا، بۇ ساھەلەر ئۆز ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلغان ھالدا ئىسلاھات لايىھەلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، دادىل سىناق قىلىپ، تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل خۇلاسىلەپ، مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىسلاھاتىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشى لازىم.

### 3. سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن مەدەنىيەت بازىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى ئالىي پرىنسىپ قىلىشنى چىڭ تۇتۇپ، ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم

سوتسىيالىستىك سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تۈپ

مەقسىتى ـ جەمئىيەتنى باي، خىلمۇ خىل، ساغلام، پايدىلىق مەنىۋى مەھسۇلات بىلەن تەمىنلەپ، خەلق ئاممىسىنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك مەنىۋى تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، يولداش جياڭ زېمىن ئېيتقاندەك: «كىشىلەرنى ئىلمىي نەزەرىيە ئارقىلىق قوراللاندۇرۇش، توغرا جامائەت پىكرى ئارقىلىق يېتەكلەش، ئالىيجاناب روھ ئارقىلىق يېتىلدۈرۈش، ئېسىل ئەسەرلەر ئارقىلىق ئىلھاملاندۇرۇش، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنى ئۈزلۈكسىز تەربىيىلەش ۋە يېتىلدۈرۈش» تىن ئىبارەت. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىمۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ بۇ تۈپ مەقسىتى ۋە ۋەزىپىسى ئۆزگەرمەيدۇ.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، مۇتلەق كۆپ ساندىكى سەنئەت مەھسۇلاتلىرى، مەنىۋى مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى كۆپ خىل ئىچىش بۇيۇملىرى تاۋار شەكلىدە مەدەنىيەت بازىرى ئارقىلىق خەلق ئاممىسىغا تەقدىم قىلىنىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، مۇتلەق كۆپ ساندىكى سەنئەت مەھسۇلاتلىرى، كۆپ خىل ئىچىش بۇيۇملىرى تاۋار خاراكتېرىنى ئالغان بولىدۇ. لېكىن سەنئەت مەھسۇلاتلىرى مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە ماددىي مەھسۇلات بىلەن ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە. ھەقىقىي سەنئەت مەھسۇلاتلىرى نۇقۇل ھالدا ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش ئۈچۈنلا ئىشلەنمەيدۇ. شۇڭا، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بازىرى ئادەتتىكى بازار بىلەن مەلۇم ئوخشاشلىققا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ماددىي مەھسۇلات بازارلىرى بىلەن ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىككە ۋە ئۆزىگە خاس تەلەپكە ئىگە. ھەر قايسى مەدەنىيەت ـ سەنئەت تارماقلىرى ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا ئەدەبىيات ـ سەنئەت

مەھسۇلاتلىرى ۋە مەدەنىيەت بازىرىنىڭ بۇخىل ئىككى ياقلىما خۇسۇسىيىتىنى توغرا ئىگىلەپ، ماددىي تاۋار بازىرىنى باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ئۆلۈك ھالدا مەدەنىيەت بازىرىنى باشقۇرۇشقا كۆچۈرۈپ كەلمەسلىكى لازىم. مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇشتا، بىر تەرەپتىن، بازار ئىگىلىكىنىڭ ئادەتتىكى قانۇنىيەتلىرىگە ئەمەل قىلىپ، بازار مېخانىزمىنىڭ سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشىغا بولغان ئاكتىپ تەڭشەش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشىنى بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىغا ئاكتىپ ماسلاشتۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىغا بولغان ھەر تەرەپلىمە تەلىپىنى قاندۇرۇشقا تىرىشىش، يەنە بىر تەرەپتىن، سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، سەنئەتنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتىگە ھۆرمەت قىلىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن مەدەنىيەت بازىرىنى باشقۇرۇش چارىسىنى تۈزۈپ چىقىش لازىم. خاراكتېرى، قۇرۇلمىسى بىر - بىرىگە ئوخشاش بولمىغان سەنئەت تۈرلىرىنىڭ قىممىتى ۋە تەرەققىياتىنى بازار بىلەنلا ئۆلچىگىلى، بازار بىلەنلا ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلىگىلى، ئوخشىمىغان سەنئەت تۈرلىرى ۋە سەنئەت ئۆمەكلىرىنى پەرقلەندۈرمەي قارا - قويۇقلا بازارغا يۈزلەندۈرگىلى بولمايدۇ. ماددىي تاۋار بازىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت بازىرىغا بولغان ماكرو جەھەتتىكى يېتەكچىلىكى تېخىمۇ مۇھىم ۋە كۆچلۈك بولىدۇ.

كۆتۈپخانا، مۇزېي قاتارلىق ئاممىۋى مۇلازىمەت خاراكتېرلىك مەدەنىيەت تۈرلىرىگە، نەمۇنىلىك - ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە سەنئەت ئۆمەكلىرى، نەپىس سەنئەت، مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىگە قارىتا دۆلەت مەبلەغ سېلىپ

بىۋاسىتە باشقۇرىدۇ ۋە يۆلەيدۇ .

سوتسىيالىستىك سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشى ۋە مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش مۇلازىمەتلىرىدە ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى ئالىي پرىنسىپ قىلىشتا چىڭ تۇرۇش بىلەن بىرگە، ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى بىرلەشتۈرۈشنى تىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم. شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، كۆپ ھاللاردا ئەڭ ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولسىمۇ، بەزىدە ئەكسىچە بولىدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، مەدەنىيەت بازىرىغا نىسبەتەن ماكرو جەھەتتىكى تەڭشەشنى كۈچەيتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ئەڭ ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئەڭ ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى كۆپ خىل مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەربىيىۋى ئۈنۈم، ئەقلىي ـ بىلىم بېرىش ئۈنۈمى، كۆڭۈل ئېچىش ئۈنۈمى، ئېستېتىك ئۈنۈملەرنىڭ ھەممىسى ئىجتىمائىي ئۈنۈمنىڭ مۇھىم مەزمۇنىدۇر. ئىجتىمائىي ئۈنۈم بەزىدە بىۋاسىتە ئەمەلگە ئاشىدۇ. بەزىدە ۋاسىتىلىك ھالدا، كىشىلەرنىڭ روھىغا تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇڭا ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى تار دائىرىدە چۈشىنىشتىن ساقلىنىپ، ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى بىر ـ بىرىگە قارشى قويماسلىق، ئۇنىۋېرسال ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم؛ شۇنداقلا مەلۇم مەزگىللىك ئىجتىمائىي ئۈنۈمنىلا كۆزلەپ، ئۇزۇن مەزگىللىك ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە سەل قاراشتەك بىر تەرەپلىمىلىكنى تۈگىتىپ، تەرەققىيات

www.uyghurkitap.com

نۇقتىئىينەزەرى بىلەن قىسقا مەزگىللىك ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئۇزۇن مەزگىللىك ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش لازىم. ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم قارىمۇقارشى كېلىپ قالغان ئەھۋالدا ئىقتىسادىي ئۈنۈم جەزمەن ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە شەرتسىز بويسۇنۇشى لازىم.

### 4. دەۋرنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسىنى ياڭرىتىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنى زور كۈچ بىلەن گۈللەندۈرۈش لازىم

ھەر قانداق دەۋر، ھەر قانداق ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرىدىغان ئاساسىي مېلودىيىسى، بىر پۈتۈن ئىدىيە ـ مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغان دەۋر روھى بولىدۇ. رېئال تۇرمۇشنىڭ ھەرىكەتچان ئىستېتىك ئىنكاسى بولغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭمۇ ئاساسىي مېلودىيىسى بولۇشى لازىم. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە فاڭجېن ـ سىياسەتلىرى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزم، ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەت دەۋرىمىزنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسىدۇر. مۇشۇ ئاساسىي مېلودىيىگە ماسلاشقان ھالدا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسىمۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزملىق روھىنى، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىرادىسىنى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدىكى بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىش جاسارىتىنى ئىپادىلىشى كېرەك.

دەۋرنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسىنى ياڭرىتىشمۇ كۆپ خىل

مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . يولداش جياڭ زېمىن مەملىكەتلىك تەشۋىقات ـ ئىدىيە خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە : « ئاساسىي مېلودىيىنى ياڭرىتىش دېگىنىمىز — جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ، كوللېكتىۋىزم ، سوتسىيالىزمنى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولغان بارلىق ئىدىيە ۋە روھلارنى ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق بولغان بارلىق ئىدىيە ۋە روھلارنى ؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ، جەمئىيەت تەرەققىياتى ، خەلقنىڭ بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىشىگە پايدىلىق بولغان بارلىق ئىدىيە ۋە روھلارنى ؛ سەمىمىي ئەمگىكى ئارقىلىق گۈزەل تۇرمۇشقا ئېرىشىدىغان بارلىق ئىدىيە ۋە روھلارنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىش » دېگىنىدەك ، خەلق مەنپەئەتى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق بولغان ئىدىيە ۋە روھلار ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسىدۇر .

ئىجتىمائىي تۇرمۇش مول مەزمۇنلۇق ، باي ۋە رەڭگارەڭ بولىدۇ . خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىمۇ كۈنسايىن ئېشىپ بارىدۇ . جۈملىدىن ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىمۇ تېمىنى كۆپ خىللاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ . شۇڭا ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىدە ئاساسىي مېلودىيىنى ياڭرىتىش بىلەن بىللە تېمىنى كۆپ خىللاشتۇرۇشتا ، ۋەقە ، ژانىر ، شەكىل ۋە ئۇسلۇب جەھەتتە خىلمۇ خىل ، رەڭمۇرەڭ بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم . ئىجادىيەت ئۇسۇلى جەھەتتە ئىنقىلابىي رېئالىزم بىلەن ئىنقىلابىي رومانتىزمنى تەشەببۇس قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، كۆپ خىل ، يېڭىچە ئۇسلۇبتا ئىجاد قىلىشنىمۇ ئاكتىپ

تەشەببۇس قىلىش ۋە ئۇنىڭغا يول قويۇش لازىم.

دەۋرنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسىنى ياڭرىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، خەلق ئاممىسى تەربىيە ـ ئىلھام ئالىدىغان ، كۆڭۈل ئاچىدىغان ، ئېستېتىك زوق ئالىدىغان مەنىۋى مەھسۇلاتلارنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشىگە ئىلھام بېرىش ، رىغبەتلەندۈرۈش لازىم. قىسقىسى ، ئاساسىي مېلودىيىنىمۇ ياڭرىتىش ، تېمىنى كۆپ خىللاشتۇرۇشنىمۇ تەشەببۇس قىلىش ـــ ئاساسىي مېلودىيىنى ياڭرىتىش بىلەن تېمىنى كۆپ خىللاشتۇرۇشنىڭ بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم. بۇ ، دەۋرنىڭ تەلىپى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ ئالاھىدە قانۇنىيىتى ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى. ئىجتىمائىي تۇرمۇش ـــ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ مول مەنبەسى ، دەۋرنىڭ تەلىپى ـــ ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىدۇر. خەلق ئاممىسى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرنى ئىپادىلىگەن ، ئۇلارنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئەسەرلەرنى خەلق قىزغىن ئالقىشلايدۇ. سوتسىيالىستىك دەۋر روھىنى تىرىشىپ ئىپادىلىگەندىلا ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى دەۋر رىتىمىغا ماسلىشالايدۇ. تۇرمۇشتىن ، دەۋردىن ، خەلق ئاممىسىدىن ئايرىلغان بەزى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى گەرچە بىر مەھەل بازار تاپسىمۇ ، لېكىن خەلق ئاممىسىدىن ئايرىلىپ قېلىپ تارىخ تەرىپىدىن شاللىۋېتىلىدۇ ، ئىستىقبالى خۇنۇك بولىدۇ.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈشتە دەۋرنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسىنى ياڭرىتىش بىلەن تېمىنى كۆپ خىللاشتۇرۇشنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ ، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ دەۋر ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەشكە ماھىر بولۇشى ،

ھەرخىل خاتا پىكىر ئېقىملىرىغا سەزگۈرلۈك بىلەن تاقابىل تۇرۇپ، تەربىيىلىنىشنى كۈچەيتىشى، مۇنەۋۋەر تارىخىي مەدەنىيەتتىن ئوزۇق ئېلىپ، ھازىرقى زامان مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى يېڭى نەتىجىلەرنى ئىگىلىشى، شۇ ئاساستا ئىجادىيەت ماھارىتىنى ئۆستۈرۈشى لازىم. شۇندىلا ئۇلار دەۋرىمىزگە مۇناسىپ مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى مەيدانغا كەلتۈرەلەيدۇ.

ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈشتە، ئوبزورچىلىقنى كۈچەيتىش، ھەر خىل مۇكاپات تۈرلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، مۇكاپاتلارنىڭ يۈكسەك نوپۇزىنى تىكلەش، مۇكاپات باھالاش - تارقىتىشتىكى ھەرخىل ناتوغرا ئىستىللارنى قەتئىي چەكلەش - تۈگىتىش لازىم. مۇنەۋۋەر - نادىر ئەسەرلەرگە نىسبەتەن مەدەنىيەت تارماقلىرى ئىقتىسادىي جەھەتتىن يۆلەش، جامائەت پىكرى جەھەتتە قوللاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ گۈللەپ - ياشنىشى ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىپ بېرىش لازىم.

### 5. ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش نىشانىسى بويىچە يېزا مەدەنىيەت خىزمىتىنى كۈچەيتىش لازىم

ئېلىمىز دېھقانچىلىق دۆلىتى، مەملىكەت نوپۇسىنىڭ 80پىرسەنتتىن كۆپرەكى دېھقان. شۇڭا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ: «يېزىلاردا زامانىۋىلىشىش بولمىسا، جۇڭگودا زامانىۋىلىشىش بولمايدۇ» دېگەنىدى.

نۆۋەتتە، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرى مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشنى نىشان قىلىپ، يېزا خىزمەتلىرىنىمۇ شۇ ئاساستا

ئورۇنلاشتۇرۇۋاتىدۇ. بۇ، بىزنى يېزا مەدەنىيەت خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن پايدىلىق پۇرسەت بىلەن تەمىن ئەتتى. مەدەنىيەت جەھەتتە ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىمۇ كونكرېت پىلان، كۆڭۈلدە سان بولۇشى لازىم.

پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلىرى ۋە جايلارنىڭ تەجرىبىلىرىدىن قارىغاندا، يېزىلاردا مەدەنىيەتتە ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش ئۆلچىمى:

1. مەدەنىيەت ئىشلىرىغا سېلىنىدىغان مەبلەغ يەرلىك مالىيە چىقىمىدا مۇۋاپىق نىسبەتنى ئىگىلىگەن بولۇشى؛

2. دېھقانلارنىڭ مەدەنىيەت ئىستېمال سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بولۇشى، دېھقانلارنىڭ ئومۇمىي ئىستېمال سەۋىيىسى ئىچىدە مەدەنىيەت ئىستېمالى بەلگىلىك نىسبەتنى ئىگىلىگەن بولۇشى؛

3. مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق، بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان بولۇشى؛

4. كۇتۇپخانا، مەدەنىيەت يۇرتى، مەدەنىيەت پونكىتلىرىدىكى كىتاب - ژۇرناللار شۇ جايدىكى دېھقانلارنىڭ ئېھتىياجىنى ئاساسەن قامدىيالايدىغان بولۇشى؛

5. مەدەنىيەت بازىرىنىڭ تەرەققىياتى، مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشى بەلگىلىك ئۆلچەمگە، ستېمىغا چۈشكەن بولۇشى، تىجارەت بەلگىلىك دائىرىگە يەتكەن بولۇشى؛

6. مەدەنىيەت سالپاسى يۇقىرى، ئىقتىدارلىق، مۇقىم مەدەنىيەت قوشۇنى بولۇشى، كۇتۇپخانا، مەدەنىيەت يۇرتى ۋە مەدەنىيەت پونكىتلىرىنىڭ شتاتى مۇۋاپىق ھەل بولغان بولۇشى؛

7. كەسپىي ۋە ئىشتىن سىرتقى ئىجادىيەت ئىشلىرى راۋاجلانغان، مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر داۋاملىق مەيدانغا

چىققان بولۇشى؛

8. مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى ئومۇملاشتۇرۇلغان، كۆپ خىللاشقان، مەزمۇنى ساغلام، دېھقانلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن بولۇشى كېرەك.

يېزىلاردا مەدەنىيەت جەھەتتە ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشنىڭ ئۆلچەم ـ تەلەپلىرىنى ئەمەلىيەت جەريانىدا داۋاملىق تولۇقلاش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، ھەر قايسى جايلار تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىش، تەكرار ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئۆز ئورۇنلىرىنىڭ ماددىي تۇرمۇش ئاساسى ۋە نوپۇس سانىغا ماس كېلىدىغان مەدەنىيەتتە ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش ئۆلچەملىرىنى تۈزۈپ چىقىشى، جۇملىدىن بۇ ئۆلچەملەرنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان پىلان ـ تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشى لازىم.

يېزىلاردا مەدەنىيەتتە ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى قاتارلىق ئورۇنلار «مەدەنىيەتتە ئىلغار ناھىيە قۇرۇش»، «ئون مىڭ چاقىرىملىق چېگرا رايون مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشى» ئېلىپ بېرىش، بالىلار ئاممىۋى مەدەنىيىتى بويىچە «مامكاپ پىلانى» نى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت ئەسىر ھالقىيدىغان نۇقتىلىق مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە بۇ ئۈچ چوڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئومۇمىي پىلانىغا كىرگۈزۈلدى.

نۆۋەتتە، مەملىكەت بويىچە 19 ئۆلكە ـ شەھەردە «مەدەنىيەتتە نەمۇنە ناھىيە قۇرۇش» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، يېزا مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈشتە ناھايىتى زور رول ئوينىدى. مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ئوتتۇرىغا قويغان «مەدەنىيەتتە نەمۇنە ناھىيە قۇرۇش» ئۆلچىمىگە ئاساسەن، ئۆتكەن يىلى

مەملىكەت بويىچە 66 ناھىيە «مەدەنىيەتتە نەمۇنە ناھىيە» بولۇپ تەقدىرلەندى. بۇ يىل يەنە مەدەنىيەتتە نەمۇنە ناھىيىدىن يۈزنى باھالاپ تەقدىرلەش بېكىتىلدى. بۇ ناھىيىلەرنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرى مەملىكەت بويىچە قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان «مەدەنىيەتتە نەمۇنە ناھىيە قۇرۇش» پائالىيىتىنى يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتۈرگۈسى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بۇ خىزمەتكە ئەستايىدىل كۆڭۈل بۆلۈپ، شىنجاڭ بويىچە مەدەنىيەتتە نەمۇنە ناھىيە قۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا مەخسۇس ئۇقتۇرۇش چىقاردى. رەئىس ئابلەت ئابدۇرىشىت، «جۇڭگو مەدەنىيەت گېزىتى» ۋە «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلغان «مىللىي مەدەنىيەتنى جارى قىلدۇرۇپ، سەنئەتتە تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى يارىتايلى» دېگەن ماقالىسىدە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مەدەنىيەتتە نەمۇنە ناھىيە قۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى.

مەملىكەت بويىچە قانات يايدۇرۇلغان «ئون مىڭ چاقىرىملىق چېگرا رايون مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشى» ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن «چېگرا رايون يىپەك يولى مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشى» دەپ ئاتىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئومۇمىي ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى [1995] 111 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت چۈشۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە يىپەك يولى چېگرا رايون مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشى پىلانى» نى تەستىقلاپ تارقىتىپ، ئاپتونوم

رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى قاتارلىق ئوتتۇز تارماق ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە يىپەك يولى چېگرا رايون مەدەنىيەت كارىدورىنى بىرلىكتە قۇرۇش توغرىسىدىكى پىكرى» نى ماقۇللىدى ھەمدە بۇ خىزمەتكە مەخسۇس رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇردى. مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «5 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەت بويىچە ئون مىڭ چاقىرىملىق چېگرا رايون مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشى نەق مەيدان يىغىنى» نى بۇ يىل 9 ـ ئايدا قەشقەر ۋىلايىتىدە ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلدى.

بالىلار ئاممىۋى مەدەنىيىتى بويىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان «مامكاپ پىلانى» ئاپتونوم رايونىمىزدا «قار لەيلىسى بالىلار مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى» دەپ ئاتىلىپ، سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى. بۇ ئۈچ چوڭ يېزا مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى مەدەنىيەت ساھەسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئومۇمىي ھۆكۈمەت ھەرىكىتىگە، ئورتاق ئېلىپ بارىدىغان جەمئىيەت ھەرىكىتىگە ئايلىنىپ، يېزا ئاممىۋى مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىماقتا. بۇ ئۈچ چوڭ يېزا مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش جەريانىدا قىلىدىغان خىزمەتلەر ئىنتايىن كۆپ ۋە مۇشەققەتلىك. مەدەنىيەتتە ھالقىش سەۋىيىگە يېتىش نىشانى بويىچە ئۈچ چوڭ قۇرۇلۇش تەرەققىيات پىلانىغا ئاساسەن تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى كۈچەيتىش لازىم.

1. 9 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە «ھەممە ناھىيىدە مەدەنىيەت يۇرتى ۋە كۇتۇپخانا بولۇش، ھەممە يېزىدا مەدەنىيەت پونكىتى بولۇش، ھەممە كەنتتە مەدەنىيەت ئۆيى بولۇش» نى جەزمەن ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم. بۇ بىر مۇھىم ۋەزىپە. ئاپتونوم

www.uyghurkitap.com

رايونىمىزدا تېخى 46 ناھىيە ( شەھەر ) دە كۇتۇپخانا قۇرۇلمىدى ، مەدەنىيەت پونكىتلىرى ئىچىدە پونكىت قۇرۇلۇش كۆلىمى دۆلەت ئۆلچىمىدە بەلگىلەنگەن ئەڭ تۆۋەن چەك ( 200 كۋادرات مېتىر) دىن ئاشىدىغىنى ئومۇمىي سانىنىڭ 40 پىرسەنتىگىمۇ يەتمەيدۇ. شۇڭا ، كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ يېزىلاردىكى مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش لازىم . بولۇپمۇ يېزا - بازار مەدەنىيەت ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشىنى يېزا - بازار ئومۇمىي قۇرۇلۇش ئۆلچىمى بويىچە ئېلىپ بېرىش كېرەك . بۇ قۇرۇلۇشقا سەل قاراشقا ، ئېغىزدا سۆزلەپ قويۇپ ئەمەلىيەتتە قىلماسلىققا قەتئىي بولمايدۇ .

2 . يېزىلاردا ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيىتىنى گۈللەندۈرۈپ ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇش ، ئۇلارنى تېخىمۇ كۆپ مەنىۋى ئوزۇق بىلەن تەمىنلەش كېرەك . بۇ ، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىلىرىدىن بىرى .

ئاپتونوم رايونىمىزدا ھازىر 57 ناھىيىدە سەنئەت ئۆمىكى بار . بۇ ، يېزا مەدەنىيىتىدە زور قوشۇن ، ئەلۋەتتە . ناھىيە ( شەھەر ) دەرىجىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرىنى ياخشى باشقۇرۇپ ، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىدىكى تايانچلىق رولىنى تولدان جارى قىلدۇرۇش لازىم . ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نۇرغۇن يېزىلاردا ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئەترەتلىرى بار . بۇ خىل سەنئەت ئەترەتلىرىنى كېڭەيتىش ، تولۇقلاش ، مۇستەھكەملەش لازىم . ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ « مەشرەپ » ، « ئاقىنلار ئېيتىشىشى » ، « نادام بايرىمى » قاتارلىق ئەنئەنىۋى سەنئەتلىرىنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ ، ئۇنى ساغلام ، مۇقىم تەرەققىيات يولىغا سېلىش لازىم .

مىللىي ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە سەنئەت تۈرلىرىنى ساقلاپ قالغان، تەرەققىي قىلدۇرغان يېزا، ناھىيىلەرگە مەخسۇس نام بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئەنئەنىۋى مىللىي سەنئەت تۈرلىرىنى قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇش لازىم. مەسىلەن، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى مەكىت ناھىيىسىگە «دولان مۇقامى ناھىيىسى» دەپ نام بەردى. مۇشۇ خىل باھالاش، نام بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق مىللىي، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىلھام بېرىش كېرەك.

كىنو ـ سەنئىتى دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىشتا ئالاھىدە رول ئوينايدۇ. خادىملارنىڭ شتات كۆرسەتكۈچى، كىنو ئاپپاراتى، قاتناش قوراللىرى قاتارلىقلار ھەل بولغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كىنو قويۇش ئەترەتلىرى دېھقان ـ چارۋىچىلار رازى بولغان ئەھۋالدا بېلەت سېتىپ كىنو قويۇش، ئومۇمىي كىرىمدىن مەخسۇس مەبلەغ ئاجرىتىش، ھۆددىگە ئېلىپ كىنو قويۇپ بېرىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ئۇلارنىڭ كىنو كۆرۈش تەس بولۇش قىيىنچىلىقىنى ھەقىقىي تۈردە ھەل قىلىشى لازىم.

3. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىغا يۈزلەندۇرۇشتە چىڭ تۇرۇش لازىم. كەسپىي سەنئەت ئۆمەكلىرىنى دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىغا بېرىپ ئويۇن قويۇشقا تەشكىللەش، ئەڭ ياخشى ئويۇن (نومۇر) لار بىلەن دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ مەنىۋى تەشنالىقىنى قاندۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىش ـ تەشكىللەش، يىللىق ئويۇن قويۇش ۋەزىپىسىنىڭ 60 پىرسەنتىنى يېزا ـ قىشلاقلاردا ئويۇن قويۇش ئارقىلىق ئورۇنداشنى بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمىتىنىڭ يۆنىلىشى قىلىش كېرەك. مەدەنىيەت يۇرتلىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك ئاممىۋى

سەنئەت يۇرتلىرى، كۇتۇپخانىلار ئۆز خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر يىلى مەخسۇس ۋاقىت ئاجرىتىپ دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا مەدەنىيەت ـ سەنئەت پائالىيەتلىرىنى تەشكىللىشى، يېزا ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت خادىملىرىغا كەسپىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىشى لازىم.

4. مەدەنىيەتتە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم. ئاپتونوم رايونىمىزدا يەنە بىر مىليوندىن ئارتۇق خەلقنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش قىيىنچىلىقى تېخى ھەل بولمىدى. مەدەنىيەت جەھەتتە تېخىمۇ نامرات. شۇڭا، پۈتۈن جەمئىيەتنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، مەبلەغ، ئىقتىسادىي سىياسەت جەھەتتە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، يېزىلاردا مەدەنىيەتتە نامراتلىقتىن قوتۇلۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم. ھازىر پۈتۈن مەملىكەت جۇملىدىن ئاپتونوم رايونىمىز مىقياسىدا يېزىلارغا كىتاب تەقدىم قىلىش، سىستېمىلار بويىچە ھۆددىگە ئېلىپ ياردەم بېرىش قاتارلىق پائالىيەتلەر يولغا قويۇلۇپ ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. بۇ خىل ئەمەلىي ئۈنۈمى زور تەدبىرلەرنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە ئۇنى جەمئىيەتكە ـ ھەر قايسى ئىدارە ـ ئورگان، شىركەت، جامائەت تەشكىلاتلىرى، ئاممىۋى تەشكىلاتلارغىچە كېڭەيتىپ ۋە يۈزلىنىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ دېھقان ـ چارۋىچىلارغا بولغان غەمخورلۇقىنى يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەتتە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ھەقىقىي تۈردە ياردەم بېرىشىمىز لازىم. بۇ خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەشتە، دۆلەتنىڭ تۈرلۈك مەدەنىيەت ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش مەبلىغىنى مەدەنىيەتتە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقىمۇ ئىشلىتىش لازىم.

## 6 . بىر قولدا گۈللەندۈرۈشنى ، بىر قولدا باشقۇرۇشنى چىڭ تۇتۇپ ، مەدەنىيەت بازىرىنى ساغلام راۋاجلاندۇرۇش لازىم

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ، ئىسلاھات ، ئىچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ، بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى قۇرۇلمىسىنىڭ تەدرىجىي ئورنىتىلىشىغا ئەگىشىپ ، تىجارەت خاراكتېرلىك ئويۇن قويۇش ، ماھارەت كۆرسىتىش ، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى ، كىتاب ، گېزىت ـ ژۇرنال قاتارلىق نەشر بۇيۇملىرىنى تارقىتىش ، توپ ۋە پارچە سېتىش ، ئىجارىگە بېرىش ، ئۈن ـ سىن بۇيۇملىرىنى توپ ۋە پارچە سېتىش ، ئىجارىگە بېرىش ، ئاڭلىتىش ۋە كۆرسىتىش ، كىنو فىلىملىرىنى تارقىتىش ۋە قويۇش ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ، گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى تىجارىتى ، تىجارەت خاراكتېرلىك مەدەنىيەت ـ سەنئەت كۆرگەزمىسى ۋە مەدەنىيەت ـ سەنئەت كۇرسلىرى ، مەدەنىيەت ۋاستىچىلىكى ، چەت ئەللەر بىلەن تىجارەت خاراكتېرلىك مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش قاتارلىق كۆپ خىل مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ، دۆلەت ۋە كوللېكتىپنى ئاساس قىلىپ ، شەخسلەر بىلەن بىرلىكتە باشقۇرىدىغان مەدەنىيەت بازىرى شەكىللەندى ۋە تەرەققىي قىلدى . مەدەنىيەت بازىرى ئېلىمىز ئومۇمىي سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بازىرى سىستېمىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم قىسمى . مەدەنىيەت بازىرىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشى ، مۇنەۋۋەر مىللىي مەدەنىيەتنى جارى قىلدۇرۇش ، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىش ، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى

www.uyghurkitap.com

مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ، مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئورۇنلىرىنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتىنى ياخشىلاشتا مۇھىم رول ئوينىماقتا .

مەدەنىيەت بازىرىدا سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنى ئالماشتۇرۇش ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ . بۇنىڭدا ئېسىل ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ئاساس قىلغان ھالدا ھەر خىل ئاممىباپ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىمۇ بىللە راۋاجلاندۇرۇش لازىم . ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەھسۇلاتلىرى بازار ئىگىلىكىگە يۈزلەندۈرۈلگەندىن بۇيان ئاممىباپ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئالاھىدە تېز تەرەققىي قىلدى . ئۇ ، خېرىدارلىرى كۆپ ، تارقىلىش دائىرىسى كەڭ بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ كۆپ قاتلاملىق مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ، مەدەنىيەت بازىرىنى گۈللەندۈرۈش ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئوينىدى . شۇنداقلا ، ئەممىباپ ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مەيدانغا چىقتى ، بۇنى ئەلۋەتتە مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىم . لېكىن ئاممىباپ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىمۇ سۈپىتى ناچار ، مۇقامى چۈشكۈن ، مەزمۇنى ساغلام بولمىغان ، تەقلىد قىلىنغان ، سەنئەت جەھەتتە پىشمىغان ئەسەرلەرمۇ ئاز ئەمەس . بۇنىڭغا نىسبەتەن سىياسەت ، قانۇن ۋە تەربىيە ئارقىلىق يېتەكلەش ، باشقۇرۇش ئارقىلىق ئاممىباپ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ساغلام راۋاجلىنىش يولىغا سېلىش لازىم .

ئېسىل ، ئەنئەنىۋى ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسىنىڭ بەلگىسى ، ئۇزۇن تارىخىي مەزگىللىك مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ مېۋىسى ، دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان تۆھپىسىدۇر . ئۇ ، مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ، ئېستېتىك تۇيغۇسىنى ئۇرغۇتۇشتا ئالاھىدە رول

ئوينايدۇ . ئېسىل ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىشنى ئاساس قىلىشتىن مەقسەت ـــ دەۋر ۋە مىللەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان سەنئەت گۆھەرلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ ، مەدەنىيەت تارىخى خەزىنىسىنى بېيىتىشتىن ئىبارەت . مىللەتنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان مۇنداق ئېسىل ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۆھەرلىرىنى دۆلەت مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئائىت نۇقتىلىق تۈرلەر قاتارىدا ئاسرايدۇ ، يۆلەش سىياسىتىنى يولغا قويىدۇ .

ئېسىل ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن ئاممىباپ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتىكى ئورنى ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىكى ئورنى ، مەدەنىيەت بازىرىدىكى رولى ئوخشىمايدۇ . شۇڭا ، بۇ ئىككى خىل ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ ، تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش پرىنسىپى بويىچە ، ئوخشىمىغان باشقۇرۇش تەلىپى ، ئوخشىمىغان سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىپ ، ئېسىل ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى بىلەن ئاممىباب ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ، ئورتاق تەرەققىي قىلىدىغان ، بىر ـ بىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ، خەلق ئاممىسى ھەر ئىككىسىدىن تەڭ ھۇزۇرلىنىدىغان ئاۋات مەنزىرىنى شەكىللەندۈرۈش لازىم .

مەدەنىيەت بازىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ ، خەلق ئۈچۈن ، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش ، ئىدىيىۋى مەزمۇنى ساغلام ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق مەنىۋى مەھسۇلاتلار ۋە مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى تەشەببۇس قىلىش ، مۇنەۋۋەر مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە جارى قىلدۇرۇش ، يەرلىك

www.uyghurkitap.com

تۇسكە ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە مەدەنىيەت تىجارەتلىرىگە ئىلھام ـ مەدەت بېرىش كېرەك . دۆلەتنىڭ ئىززەت ـ غۇرۇرىغا داغ تەگكۈزىدىغان ، مەزمۇنى ئەكسىيەتچىل ، شەھۋانىي بولغان ، فېئودال خۇراپاتلىق ، قاتىللىق ، زوراۋانلىق ، قىمارۋازلىق تەرغىب قىلىنىدىغان ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ۋە تەرەققىياتقا پايدىسىز بولغان ھەر قانداق مەدەنىيەت تىجارىتى مەنئى ۋە بىكار قىلىنىدۇ . دېمەك ، مەدەنىيەت بازىرىنى باشقۇرۇشتا بىر قولدا گۈللەندۈرۈشنى ، بىر قولدا مەنىۋى ئەخلەتلەرنى تازىلاشنى چىڭ تۇتۇش ، ھەر ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش كېرەك .

شىنجاڭنىڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 16 ـ سانلىق يىغىنىدا : « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى » ماقۇللاندى ۋە « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئۈن ـ سىن بازارلىرىنى باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش چارىسى » يولغا قويۇلۇپ ، مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇش قانۇن يولىغا سېلىندى . بۇ « نىزام » دا ، مەدەنىيەت بازىرىنىڭ خاراكتېرى ، يېتەكچى ئىدىيىسى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ ، مەدەنىيەت بازىرىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئېنىق بېكىتىلدى ؛ مەسئۇلىيەت ، ھوقۇق ، مەجبۇرىيەت ئايدىڭلاشتۇرۇلدى . « نىزام » نىڭ ماقۇللىنىشى مەدەنىيەت بازارلىرىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇش ، باشقۇرۇش ، ساغلام راۋاجلاندۇرۇشتا چوڭ رول ئوينايدۇ .

مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇشتا « نىزام » نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ، ھەر خىل ئىقتىسادىي سىياسەتلەر ۋە باج سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىپ ۋە تەتقىق قىلىپ ، مەدەنىيەت بازىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ياخشى ئىقتىسادىي مۇھىت بىلەن تەمىنلەش لازىم .

## 7 . شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشتىكى ئاچقۇچ ـ يەنىلا مەدەنىيەت ـ سەنئەت ساھەسىدىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى بايقاش ، تەربىيىلەش ، يېتىشتۈرۈش ، ئىجادىيەت قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە

پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ شانلىق نۇرىدا ئازادلىقتىن بۇيان ، بولۇپمۇ ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرىدا غايەت زور تەرەققىيات ۋە گۈللىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى . ھەر قايسى مىللەتلەردىن بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئىجادىيەتچىلەر ، كومپوزىتورلار ، رېژىسسورلار ، ئارتىسلار مەيدانغا كېلىپ خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىش ، شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى گۈللەندۈرۈشتە قالتىس زور تۆھپە قوشتى . ئۇلارنىڭ تۆھپىسىنى خەلق ئۇنتۇمايدۇ ، تارىخ ئۇنتۇمايدۇ . نەتىجىلەر سۆزلەنگەن ۋاقىتتا شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى ، نۆۋەتتە ، سەنئەتنىڭ ھەر قايسى تۈرلىرىدە يەنىلا خەلق ئاممىسىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن ، ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش روھىغا ئىگە تالانتلىق ئىجادىيەتچىلەر ، كومپوزىتورلار ، رېژىسسورلار ، ئورۇندىغۇچىلار كەمچىل بولماقتا . كۆپلىگەن سەنئەت ئۆمەكلىرىدە كونىلار بىلەن يېڭىلارنىڭ ئورۇن ئالمىشىشى بىلەن كېلىپ چىققان ئۈزۈكچىلىك مەسىلىسى ھەل قىلىنغىنى يوق . شۇڭلاشقا ، ھەر قايسى سەنئەت تۈرلىرىدىكى ئەسىر ھالقىيدىغان ياش ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش نۆۋەتتىكى ئىنتايىن جىددىي ۋەزىپىمىز بولۇپ تۇرماقتا . ياش ئىختىساسلىق سەنئەتكارلار سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ كېلەچىكى ، ئۈمىدى ۋە ۋارىسى . بىز

سەنئەت تەربىيىسىنى زور كۈچ سەرپ قىلىپ ياخشى يولغا قويۇشىمىز، كۆپ خىل تۈر، كۆپ خىل قاتلام، كۆپ خىل يول، كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق زور بىر تۈركۈم ئىختىساسلىق سەنئەتكارلار — مۇنەۋۋەر كىنو، تىياتىر ئەسىرى يازغۇچىلىرى، كومپوزىتورلار، رېژىسسورلار، ئارتىسلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن مەدەنىيەت تارماقلىرىدا مۇئەييەن پىلان، كۆڭۈلدە سان بولۇشى، ھەر خىل يوللار بىلەن تەربىيىلەشكە ماھىر بولۇشى، ئىختىساس ئىگىلىرىنى ھۆرمەت قىلىش، قەدىرلەش، ئاسراشنى بىلىشى لازىم.

سەنئەت كۆپ ھاللاردا شەخسنىڭ ئەمگىكى بولۇپ شەكىللىنىدۇ. سەنئەتتە شەخسىي تالانت زور رول ئوينايدۇ. تالانت ئىگىلىرى خەلق ئىچىدە بولىدۇ. شۇڭا تالانت ئىگىلىرىنى بىخ - مايسا ھالىتىدە بايقاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنىغا داۋاملىق يېڭى قان تولۇقلىشىمىز لازىم. مەدەنىيەت - سەنئەت تارماقلىرى ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە، ئاكتىپ تۈردە ھەرقايسى جايلاردىن ئىختىساس ئىگىلىرىنى كىرگۈزۈشى ۋە قوبۇل قىلىشى لازىم. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بەزى ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى مەدەنىيەت تارماقلىرى بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق شەھەرلەردىن ئىختىساس ئىگىلىرىنى كىرگۈزۈپ، ئۇلارنى ئۇستاز تۇتۇپ سەنئەتتە نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى ياراتتى. ئۇلار ھاسىل قىلغان بۇ ياخشى تەجرىبىنى تۈزۈمگە ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم.

ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشتە ئەڭ مۇھىمى يەنىلا ھەر قايسى مىللەتلەر چارە - تەدبىر تېپىپ، ئۆزىنىڭ ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش يولىدا مېڭىشى لازىم. ئۇلاردىن كىلىپ

چىقىقان تالانت ئىگىلىرىنىڭ ئاممىۋى ئاساسى كۈچلۈك بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئاساسىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن، تەرەققىيات ئىستىقبالى زور. سەنئەت ئۆمەكلىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك سەنئەت مەكتەپلىرىدە نىشانلىق تەربىيىلەش، جايلارنىڭ يەرلىك سەنئەت ئالاھىدىلىكى، سەنئەت تۈرلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساسەن ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش، بىر - بىرىنىڭ كەم جايلىرىنى تولۇقلاش تالانت ئىگىلىرىنى تەربىيىلەشتىكى بىر ئۈنۈملۈك ئۇسۇلدۇر.

تالانت ئىگىلىرىنى تەربىيىلەشتە، بىز يەنە دۆلىتىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، خەنزۇ ئەدىب - سەنئەتكارلىرى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدىب - سەنئەتكارلىرىنىڭ ئۆزئارا ئۆگىنىشى، تەجرىبە ئالماشتۇرۇشى، بىر - بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىپ بىرلىكتە ئىجاد قىلىشىنى تەشەببۇس قىلىشىمىز لازىم. ئۆزئارا ئۇستاز تۇتۇش ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈشتىكى مۇھىم تەجرىبە بولۇپلا قالماي، ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەشتىمۇ ئەڭ ئىشەنچلىك، ئۈنۈملۈك چارىدۇر. بىز بۇنى ئاڭلىق تۈردە تۈزۈمگە ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم. تالانتلىق سىنارىست - دراماتۇرگلار، ئەدىبلەر، كومپوزىتورلار، رېژىسسورلار، داڭلىق ئارتىسلار شۇ دەۋردىكى ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ ۋەكىلى، دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بايلىقىدۇر. ئۇلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىشىمىز، بولۇپمۇ ياشلاردىن دەۋر ھالقىيدىغان ئاتاقلىق ئىجادىيەتچىلەر بىلەن سەنئەتكارلارنى تەربىيىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز ۋە بۇ خىزمەتنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشىمىز لازىم. سەنئەت قوشۇنىنى داۋاملىق يېڭىلاش، يېڭى قان كۆپەيتىش، سەنئەت تۈر -

شەكىللىرى بويىچە نۇقتىلىق تەربىيىلەشتە بالىلار ئىچىدىن تاللاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش ، ئاقسۇ ، قەشقەر ، كۆيۈنۈگلاردىكى سەنئەت مەكتىپى ۋە سەنئەت سىنىپلىرىنى ۋە شىنجاڭ « ئاق تېرەك » ئۆسمۈرلەر سەنئەت ئۆمىكىنى ياخشى باشقۇرۇش ؛ تالانت ئىگىلىرىنى ۋاقتىدا بايقاش ۋە نۇقتىلىق تەربىيىلەشتە ئۇلارنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك . مەدەنىيەت ـ سەنئەت خىزمىتى جەريانىدا ، بىلىمگە ، ئىختىساس ئىگىلىرىگە ، سەنئەتكە ، سەنئەتكارلارغا ھۆرمەت قىلىدىغان ، ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ كۆپلەپ يېتىلىشىگە كەڭ يول ئاچىدىغان كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈش لازىم . مىللىي مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا تۆھپە قوشقان ئىجادىيەتچى ـ سەنئەتكارلارنى تەقدىرلەش ، ئۇلارنىڭ ئۆز تالانتىنى جارى قىلدۇرۇش يولىدا كۆرسەتكەن ئىجابىي تىرىشچانلىقىنى زور كۈچ بىلەن قوللاش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش لازىم . ھەر خىل ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى يولغا قويۇپ ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش ، ھازىرقى مەدەنىيەت ـ سەنئەت قوشۇنىمىزنى مۇقىملاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، تالانت ئىگىلىرىنىڭ سىرتقا ئېقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم . ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش ، ئىختىساس ئىگىلىرىنى كىرگۈزۈش ، ئىختىساس ئىگىلىرىنى ھۆرمەت قىلىش ، ئاسراش ئارقىلىق ھەر مىللەتنىڭ زور بىر تۈركۈم تالانت ئىگىلىرى قوشۇنىنى شەكىللەندۈرگەندىلا ، زور قوشۇن ئەۋزەللىكى بىلەن روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ، يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيەتكە ئىگە نادىر سەنئەت ئەسەرلىرىنى كۆپلەپ يارىتىپ ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى يېڭى ۋە يۇكسەك پەللىگە كۆتۈرگىلى ، شۇ ئاساستا مەملىكەتكە ۋە دۇنياغا يۈزلەندۈرگىلى بولىدۇ .

## 8 . ھەر مىللەت مەدەنىيەت ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ــ مەدەنىيەت ـ سەنئەت خىزمىتى تەرەققىياتىنىڭ تۈپ كاپالىتى

سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ـ سەنئەت خىزمىتى ــ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئىشى ، مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ھەر مىللەت مەدەنىيەت ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى . ئاپتونوم رايونىمىزدا تېخىمۇ شۇنداق . ئىتتىپاقلىقتىن ئۇيۇشۇشچانلىق ، جەڭگىۋارلىق ، ئەقىل ـ پاراسەت ، ئىجادچانلىق بارلىققا كېلىدۇ . ھەر مىللەت مەدەنىيەت ـ سەنئەت خادىملىرى بىردەك ئىتتىپاقلاشقاندىلا ، مەدەنىيەت ـ سەنئەت سېپىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ ، زېھنىي ـ كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغىلى ، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ ، تارىخ ۋە ئەجدادلارنىڭ بىزدىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلىغىلى بولىدۇ .

نۆۋەتتە ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر ئىچىدە باش كۆتۈرۈپ قالغان گۇرۇھۋازلىق ، يۇرتۋازلىق ، بىر ـ بىرىنى كۆرەلمەسلىك ، ھەسەتخورلۇق ، تۆھپىكارلارغا توغرا مۇئامىلە قىلماسلىق . . . تەك ئىللەتلەر مەدەنىيەت ـ سەنئەت سېپىنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا تەسىر يەتكۈزمەكتە .

شىنجاڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئىنتايىن مۇھىم . تارىختىن بۇيان ھەر مىللەت خەلقى تەقدىرداش ، قەلبداش بولۇپ ، ئۆزئارا ئۆگىنىش ، ئالماشتۇرۇش ، تولۇقلاش ئاساسىدا شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنى ياراتقان . ئازادلىقتىن

بۇيان ،مەدەنىيەت ـ سەنئەت ساھەسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن شانلىق نەتىجىلەر ئالدى بىلەن ھەر قايسى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ خەنزۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى بىلەن ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ دوستلۇقى، ھەمجەھەتلىكى، ئىجادىي ھەمكارلىقىدىن بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن، مەشھۇر مۇقام ئۇستازى تۇردى ئاخۇن ئاكا بىلەن مۇزىكاشۇناس ۋەن تۇڭشۇنىڭ كەسپىي ھەمكارلىقى بولمىسا، يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ نوتىغا ئېلىنىشى، رەتلىنىشى، نەشر قىلىنىشى ۋە بۈگۈنكىدەك زور تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە بولۇپ، دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئىدى. بۇ بىر ئۆرنەك قىلغۇدەك ئاجايىپ جانلىق پاكىت، ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلىرى ئۆزئارا كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىش، ئارتۇقچىلىقلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ يېتەرسىزلىكلىرىنى تولدۇرۇش جەريانىدا چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم. بۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيەت ـ سەنئەت قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم تارىخىي تەجرىبىدۇر. بۇ خىل تارىخىي ئەنئەنىنى كەڭ جارى قىلدۇرۇش ھەر مىللەت مەدەنىيەت ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئۆزئارا ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك رايون، ھەممە مىللەت ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە. شۇڭا، بىز ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى ھۆرمەتلەيدىغان، دوستانە، دېموكراتىك، تىنچ ـ ئازادە كەيپىيات ۋە مۇھىت يارىتىپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقى

ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دادىل يېڭىلىق يارىتىپ، شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنىڭ تېخىمۇ زور گۈللەپ ـ ياشنىغان يېڭى باھارىنى كۈتۈۋالايلى.

www.uyghurkitap.com

# سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى — ئىجادىيەتتە

سەنئەت ئىجادىيىتى — سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى. بۇنى پۈتكۈل سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشنىڭ قانۇنىيىتى بەلگىلىگەن.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى يولداش جياڭ زېمىننىڭ «ھەر يىلى، خەلق ئاممىسى ياخشى كۆرىدىغان بىر تۈركۈم ئېسىل كىنو، تېلېۋىزىيە، تىياتىر، مۇزىكا، ئۇسسۇل، گۈزەل سەنئەت ۋە ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش لازىم. ئاساسىي مېلودىيىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مەنىۋى مەھسۇلاتلارنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ساغلام، يۇقىرىغا ئۆرلەيدىغان بولۇپلا قالماستىن، بەدىئىيلىكىمۇ كۆپ خىل، جانلىق، تېتىك، كامالەتكە يەتكەن بولۇشى، كۈچلۈك جەلپ قىلىش كۈچى ۋە تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە بولۇشى، مەدەنىيەت بازارلىرىدىكى رىقابەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدىغان بولۇشى كېرەك» دېگەن يوليورۇقىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى دەۋر روھىغا ۋە شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ساغلام مەنىۋى مەھسۇلاتلار بىلەن تەمىن ئېتىپ، خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى، گۈللىنىشىنى، مەدەنىيەتلىك بولۇشىنى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا مۇھىم تۆھپە قوشتى؛ نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر، ئويۇن (نومۇرلار) دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى چوڭ سەنئەت پائالىيەتلىرىدە مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، «ناخشا ـ ئۇسسۇل

ماكانى » بولغان شىنجاڭنىڭ شۆھرىتىنى نامايان قىلىپ ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۆچۈن شان ـ شەرەپ كەلتۈردى . يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ، « چەبىيات » مۇقامىنىڭ چەت ئەل سەھنىلىرىدە قالتىس ئالقىشلىنىپ دۇنياۋى شۆھرەتكە ئېرىشكەنلىكى ؛ ياش ئۇسسۇلچى دىلنار ئابدۇللا 1990 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەت بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك ئۇسسۇل مۇسابىقىسىدە« مۇز تاغدىكى ئوت » ناملىق ئۇسسۇلنى ئورۇنداپ 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ، ياش سىرك ماھىرى روشەنگۈل ئەبەيدۇللانىڭ 1991 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەت بويىچە 3 ـ نۆۋەتلىك سىرك مۇسابىقىسىدە « قارتا ئۇچۇرۇش » نومۇرىنى ئورۇنداپ « ئالتۇن شىر » ( 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپات ) مۇكاپاتىغا ، 1995 ـ يىلى 16 ـ مايدا مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ئۆتكۈزۈلگەن 5 ـ نۆۋەتلىك « مەدەنىيەتلىك جۇڭخۇا مۇكاپاتى » بويىچە سەنئەت نومۇرلىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى ئورۇندىغان « تەگرىتاغدىكى ھەسەن ـ ھۈسەن » ناملىق چوڭ تىپتىكى مىللىي مۇزىكىلىق ناخشا ـ ئۇسسۇل « مەدەنىيەتلىك جۇڭخۇا » يېڭى نومۇر مۇكاپاتىغا ، شۇ يىلى 15 ـ سىنتەبردىن 23 ـ سىنتەبرگىچە شىنياڭ شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك 4 ـ نۆۋەتلىك سىرك مۇسابىقىسىدە شىنجاڭ سىرك ئۆمىكى ئورۇندىغان « دارۋاز » ئويۇنى « ئالتۇن شىر » مۇكاپاتىغا، بۇ يىل 25 ـ ئىيۇل خارىبىندا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ئوپېرا كۆرىكىدە شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى ئورۇندىغان تارىخىي ئوپېرا « مۇقام ئەجدادلىرى » نىڭ يەتتە تۈردە مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكى بۇ پىكرىمىزگە بىر دەلىلدۇر .

نەتىجىلەر سۆزلەنگەن ۋاقىتتا شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت قوشۇنى

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ ، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ ، ئاز بولمىغان نادىر سەنئەت ئەسەر ، نومۇر ( ئويۇن ) لارنى ئىجاد قىلىپ ، شىنجاڭنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشقان بولسىمۇ ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ئۇ ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىش ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بەرپا قىلىش تەلىپىگە ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىغا ماسلىشالمايۋاتىدۇ . تۈرلۈك ژانىردىكى سەنئەت ئەسەر ، نومۇر ( ئويۇن ) لار سان ـ سۈپەت جەھەتتىن يەنىلا ئېھتىياجنى قاندۇرالمايۋاتىدۇ . بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب ، سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ئاجىز ھالقا بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىدا .

كۈنسېرى كەسكىنلىشىۋاتقان بازار رىقابىتىگە تاقابىل تۇرۇپ شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى ھەقىقىي گۈللەندۈرىمىز دەيدىكەنمىز ، مېنىڭچە ، « سەنئەت ئىجادىيىتىنى مەركەز قىلىش » ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇپ ، تۆۋەندىكى تۆت نۇقتىنى چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك .

1 . ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈشتە ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن ، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشى ۋە بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش ، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش فاڭجېنىدا ، ئاساسىي مېلودىيىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن تېمىنى كۆپ خىللاشتۇرۇشنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك .

پارتىيە 14 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا : « خەلق ئۈچۈن ، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت

قىلىشتا، بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش فاگچېنىدا چىڭ تۇرۇپ، خەلق ئاممىسى ياخشى كۆرىدىغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ئىجاد قىلىنىشىغا ئىلھام بېرىپ، خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىش كېرەك» دەپ كۆرسىتىلدى. بۇ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەردىن ئاساسىي مېلودىيىنى ئەستايىدىل جارى قىلدۇرۇپ، يۇقىرى ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

قانداق قىلغاندا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىدە ئاساسىي مېلودىيىنى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ؟

ئوخشاش بولمىغان دەۋر ئېسىل ئەسەرلەرگە مەزمۇن جەھەتتە ئوخشاش بولمىغان تەلەپلەرنى قويىدۇ. يولداش جياڭ زېمىن مەملىكەتلىك تەشۋىقات ـ ئىدىيە خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدە ھازىرقى زامان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىدە «ئاساسىي مېلودىيىنى جارى قىلدۇرۇش» تەلىپىنى قويدى. دەۋرىمىزنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسى دېگەن نېمە؟ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزم، سوتسىيالىزم ئىدىيىسى ۋە روھى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق بولغان ئىدىيە ۋە روھ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشىغا، خەلقنىڭ بەختلىك بولۇشىغا پايدىلىق بولغان روھ، ھالال ئەمگەك ئارقىلىق گۈزەل تۇرمۇش يارىتىدىغان ئىدىيە ۋە روھلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئالغا بېسىشىمىزغا ۋە تەرەققىي قىلىشىمىزغا تۈرتكە بولىدىغان ئاساسىي مېلودىيىدۇر.

ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت ـ سەنئەت تارماقلىرى خەلق

ئاممىنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، كىشىلەرنىڭ روھىغا، غەيرىتىگە ئىلھام بېرىش، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش تىنچى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئاساسىي مېلودىيىنى جارى قىلدۇرىدىغان ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشنى زور كۈچ بىلەن پىلانلىشى ۋە ياخشى ئۇيۇشتۇرۇشى؛ خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشى ۋە بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىشى، چوڭ ـ چوڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيەتلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئۇيۇشتۇرۇپ ئىجادىيەت سۈپىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشى؛ ھەر يىلى، خەلق ئاممىسى ياخشى كۆرىدىغان بىر تۈركۈم ئېسىل كىنو، تېلېۋىزىيە فىلىمى، ئەدەبىي ئەسەرلەر، تىياتىر، مۇزىكا، ناخشا ـ ئۇسسۇل، ئەلنەغمە ۋە گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرۈشى كېرەك.

سەنئەت ئىجادىيىتىدە ئاساسىي مېلودىيىنى جارى قىلدۇرۇش بىلە بىللە، كۆپ خىللاشتۇرۇشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بىز دەۋاتقان كۆپ خىللاشتۇرۇش بىر تەرەپتىن، ئاساسىي مېلودىيىنى جارى قىلدۇرىدىغان ئەسەرلەردىن تېما، شەكىل، ئۇسلۇب، ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ مول مەزمۇنلۇق، جانلىق بولۇشىنى، يەنە بىر تەرەپتىن، خەلق ئاممىسىنىڭ كۆپ تەرەپلىك، كۆپ قاتلاملىق مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. خەلق ئاممىسىنى تەربىيە ۋە ئىلھامغا ئىگە قىلىدىغان، كۆڭۈل ئېچىش ۋە گۈزەللىكتىن بەھرىمەن قىلىدىغانلىقى ئەسەرلەرگە تېگىشلىك ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ: «خەلق ئەدەبىيات ـ

سەنئەتچىلەرنىڭ ئانىسى ، ئەدەبىيات ــ سەنئەتچىلەرنىڭ سەنئەت هاياتى ئۇلارنىڭ خەلق بىلەن بولغان قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتىدە ياشايدۇ ، ئىسمىزدە بولسۇنكى ، بۇ خىل مۇناسىۋەت ئۈزۈلۈپ قالسا ياكى بۇ خىل مۇناسىۋەتكە سەل قارالسا ، سەنئەت هاياتىمىز نابۇت بولىدۇ . خەلق سەنئەتكە موهتاج ، سەنئەت خەلققە تېخىمۇ موهتاج . شۇڭا خەلق تۇرمۇشىدىن ماتېرىيال ، باش تېما ، سۇژېت ، تىل ، هېسسىيات ۋە گۈزەللىك ئېلىپ ، خەلقنىڭ تارىختىكى قەهرىمانە روهىنى يارىتىش ئارقىلىق خەلقنى تەربىيىلەش كېرەك ، بۇ ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ــ سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ تۈپ يولى » دەپ كۆرسەتكەنىدى . شۇڭا ، هەر مىللەت ئەدەبىيات ــ سەنئەتچىلىرى ئىدىيىدە يەنىمۇ ئازاد بولۇپ ، كۆزقاراشىنى يېڭىلاپ ، يېڭى تارىخىي دەۋردىكى خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ، تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلى قاتارلىقلاردا بارلىققا كەلگەن ئۆزگىرىشلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇشى ؛ قايناق تۇرمۇشقا تېخىمۇ چوڭقۇر چۆكۈپ ، جانلىق ، تەسىرلىك بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئىسلاهات ، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى مەدھىيىلەيدىغان ، مول ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ۋە خەلقنىڭ روهىي دۇنياسىنى ، دەۋر رىتىمىنى ، تارىخىي تەرەققىياتنىڭ يۈزلىنىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بەدىئىي جەزبىلىككە ئىگە مەنىۋى مەهسۇلاتلارنى تېخىمۇ كۆپ ئىجاد قىلىپ ، مەزمۇنى مول ، كۆپ قاتلاملىق ، خىلمۇ خىل ئەدەبىيات ــ سەنئەت ئەسەرلىرى بىلەن هەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇش ئېهتىياجىنى قاندۇرۇشى كېرەك . شۇنداق قىلغاندىلا ، هەر مىللەت خەلقىنىڭ يۈرەك ساداسىنى هەقىقىي ئىپادىلەيدىغان ، هەر مىللەت خەلقى ياقتۇرىدىغان ، يۇقىرى ئۆلچەم ، يۇقىرى سۈپەتكە ئىگە

بولغان، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئاساسىي مېلودىيە جارى قىلدۇرۇلغان ياخشى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغىلى بولىدۇ.

2. كۈچلۈك دەۋر روھىغا، روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە، يۇقىرى بەدىئىي سۈپەتكە ۋە تەسىرچانلىققا ئىگە بىر تۈركۈم بۆسۈش خاراكتېرىدىكى نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىش، دائىم يېڭى نومۇرلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، يېڭى تارىخىي دەۋر ۋە ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى تەرەققىياتىغا ماسلاشتۇرۇش — سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش - راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى.

جەمئىيەتتە ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى شىددەت بىلەن كۆپەيگەن؛ خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ كۈندىن - كۈنگە كۆپ خىللىشىشى بىلەن كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىغا نىسبەتەن تاللىشىنى مىسلىسىز دەرىجىدە كۈچەيتكەن؛ كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت ئىستېمالى يېڭىلىققا يۈزلىنىش، ئۆزگىچىلىككە ئىنتىلىش بولۇۋاتقان؛ سەنئەت ئۆمەكلىرى ۋە سەنئەتكارلاردا سەھنە، ئېكران، بازار ھەم خېرىدار تالىشىدىغان جانلىق رىقابەت مۇھىتى ھەقىقىي تۈردە شەكىللەنمىگەچكە بىرمۇنچە سەنئەت ئۆمەكلىرى، ھەتتا داڭلىق سەنئەت ئۆمەكلىرىمۇ خەلقتىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقان، مۇھىمى، سەنئەت ئۆمەكلىرى ئېغىر ۋەزىيەتكە دۇچ كېلىۋاتقان ھازىرقى پايدىسىز ۋەزىيەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سەنئەت ئىشلىرىنى ھەقىقىي گۈللەندۈرىمىز، پۈتكۈل زېھنىي كۈچىمىزنى يىغىپ بازار رىقابىتىگە توغرا تۇرىمىز، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىغا ماسلاشتۇرىمىز دەيدىكەنمىز، ھەر مىللەت

ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى ئىقتىسادىي كۆرەش مەركەز قىلىنغان رېئال تۇرمۇشقا ھەرۋاقىت كۆز تىكىپ، دەۋر دولقۇنىغا ئاتلىنىپ، يېڭى تېمىلارنى ئىجاد قىلىپ، ئىدىيىۋىلىك بىلەن بەدىئىيلىك، مەزمۇن بىلەن شەكىل بىرلەشتۈرۈلگەن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن، ھەرمىللەت خەلقى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان، ھەر مىللەت خەلقىغە ياقىدىغان، خەلققە، تۇرمۇشقا يېقىن، بەدىئىي سېھرىي كۈچكە ئىگە نادىر سەنئەت ئەسەر، نومۇر ( ئويۇن ) لارنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىپ، ھەر مىللەت تاماشىبىنلىرىنىڭ ئېستېتىك زوقىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىپ، ئۇلار ياقتۇرىدىغان بەدىئىي شەكىللەرنى تېپىپ چىقىپ،يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت ۋە سۈپەتلىك ئويۇنلىرىمىز بىلەن تاماشىبىنلارنى جەلپ قىلىشىمىز، تاماشىبىنلار سېپىنى كېڭەيتىشىمىز، مەدەنىيەتنىڭ ئىستېمال ئۈنۈمى ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

3. سەنئەت ساھەسىدىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى بايقاش، تەربىيىلەش، يېتىشتۈرۈش، ئىجادىيەت قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئىجادىيەتچىلەرنى قايناق تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى مەدھىيىلەيدىغان، بەدىئىي جەزبىلىككە ئىگە مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى تېخىمۇ كۆپ ئىجاد قىلىپ، مەزمۇنى مول، كۆپ قاتلاملىق، خىلمۇ خىل سەنئەت ئەسەرلىرى ئارقىلىق ھەرمىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارغا ئىنتىپاقلاشقان، دېموكراتىك، دوستانە، تىنچ ـ ئازادە كەيپىيات ۋە مۇھىت يارىتىپ بېرىش كېرەك.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭدىكى ھەر قايسى

مىللەتلەردىن بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئىجادىيەتچىلەر، كومپوزىتورلار، رېژىسسورلار، ئارتىسلار — سەنئەت ساھەسىدىكى ئىختىساسلىقلار يېتىشىپ چىقتى، بۇ ئىش بىزنى ئىنتايىن خۇشال ۋە ئۈمىدۋار قىلىدۇ. لېكىن ھەر قايسى سەنئەت تۈرلىرىدە يەنىلا خەلق ئاممىسىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن، ۋەكىللىك خاراكتېرىگە، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش روھىغا ئىگە تالانتلىق ئىجادىيەتچىلەر، كومپوزىتورلار، رېژىسسورلار، ئارتىسلار كەمچىل بولماقتا. كۆپلىگەن سەنئەت ئۆمەكلىرىدە كونىلار بىلەن يېڭىلارنىڭ ئورۇن ئالمىشىشىدىن كېلىپ چىققان ئۈزۈكچىلىك مەسىلىسى ھەل قىلىنغىنى يوق. شۇڭلاشقا، ھەرقايسى سەنئەت تۈرلىرىدىكى ياش ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش نۆۋەتتىكى ئىنتايىن مۇھىم ۋەزىپىمىز بولۇپ تۇرماقتا. ياش، ئىختىساسلىق سەنئەتكارلار سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ كېلەچىكى، ئۈمىدى ۋە ۋارىسى. بىز سەنئەت تەربىيىسىنى زور كۈچ سەرپ قىلىپ ياخشى يولغا قويۇشىمىز، كۆپ خىل تۈر، كۆپ خىل قاتلام، كۆپ خىل يول، كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق زور بىر تۈركۈم ئىختىساسلىق سەنئەتكارلارنى — مۇنەۋۋەر كىنو - تىياتىر ئەسىرى يازغۇچىلىرى، كومپوزىتورلار، رېژىسسورلار، ئارتىسلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنى سەنئەت ئەمەلىيىتىدە تەربىيىلەشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىشىمىز، ئۇلارغا ھەرخىل كۆرەكلەرگە قاتنىشىپ ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىش پۇرسىتىنى يارىتىپ بېرىپ، تېزرەك تالانتىنى نامايان قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز لازىم.

يولداش جياڭ زېمىن مەملىكەتلىك تەشۋىقات - ئىدىيە خىزمىتى يىغىنىدا: «مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش — ئىنتايىن مۇرەككەپ ئەمگەك، بۇنىڭدا مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار ۋە

ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئىجادىي روھىنى جارى قىلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ جاپالىق ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلىشىمىز ۋە ئۇلارنىڭ جاپالىق ئەمگىكىنى ئاسرىشىمىز، ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە، بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىزدىنىش ۋە ئىجاد قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدىغان ياخشى مۇھىت ۋە كەيپىياتنى تىرىشىپ شەكىللەندۈرۈشىمىز لازىم» دەپ تەكىتلىدى. بىز سەنئەت قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىشىمىز، سەنئەتكارلارنىڭ ئىجادىي ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلىشىمىز، ئىجادىيەت ئەركىنلىكى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈشىمىز كېرەك. ئىجادىيەت قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت ئىجادىيەت خادىملىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشىمىز؛ كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، كىنو ـ تىياتىر ئەسىرى يازغۇچىلىرى، كومپوزىتورلار، رېژىسسورلارنى قايناق تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى مەدھىيىلەيدىغان، بەدىئىي جەزبىلىككە ئىگە نادىر ئەسەرلەرنى تېخىمۇ كۆپلەپ ئىجاد قىلىشقا ھەقىقىي ئىلھام بېرىشىمىز؛ ئۇلارنى تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈشكە رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن سىياسەت جەھەتتە كۈچلۈك قوللىشىمىز، ماددىي جەھەتتە ئوبدان ئېتىبار بېرىشىمىز، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ھەر خىل ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىشىمىز؛ ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارغا ئىتتىپاقلاشقان، دېموكراتىك، دوستانە، تىنچ ـ ئازادە كەيپىيات ۋە مۇھىت يارىتىپ بېرىشىمىز كېرەك.

شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك رايون ، ھەممە مىللەت ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە . ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ ، مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرغان ئاساستا باشقا قېرىنداش مىللەتلەر ، شۇنداقلا چەت ئەللەرنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى دادىل قوبۇل قىلىپ ۋە ئۇنى ئەينەك قىلىپ ، دادىل يېڭىلىق يارىتىپ ، سەنئەتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىشقا جۈرئەت قىلىپ ، كۈچلۈك دەۋر روھىغا ۋە روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ، يۇقىرى بەدىئىي سۈپەتكە ئىگە نادىر ئەسەر ، نومۇر ( ئويۇن ) لارنى ئىجاد قىلىپ سەنئەت بېغىنى رەڭمۇ رەڭ گۈل ـ چېچەكلەر بىلەن بېزىشىمىز لازىم .

4 . مەدەنىيەت ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ، كۆپ خىل يوللار بىلەن ئىجادىيەت فوندى توپلاپ ، نۇقتىلىق سەنئەت ئىجادىيىتى تۈرلىرىگە يار ـ يۆلەك بولۇش لازىم .

مەدەنىيەت ـ سەنئەت ساھەسىگە سېلىنىدىغان سېلىنمىنى داۋاملىق كۆپەيتىش ، ئاپتونوم رايوندا ۋە ھەر قايسى ۋىلايەت ، ئوبلاست ، شەھەرلەردە سەنئەت ئىجادىيەت فوندى قۇرۇپ نۇقتىلىق سەنئەت ئىجادىيىتى ۋە ئويۇن قويۇش تۈرلىرىگە يار ـ يۆلەكتە بولۇش ، جەمئىيەتكە ، زاۋۇت ، كان ـ كارخانىلار ، مەرىپەتپەرۋەر سودا ـ سانائەتچىلەرگە يۈزلىنىپ ، كۆپ خىل يوللار بىلەن مەبلەغ توپلاش ، پىلان ، مالىيە ، باج ، سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ، ئەمگەك ـ كادىرلار ئىشلىرى قاتارلىق تارماقلار بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ ، ئۇلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق سەنئەت ئىجادىيىتىگە سېلىنىدىغان زۆرۈر مەبلەغقە كاپالەتلىك قىلىش ، مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرىنى

راۋاجلاندۇرۇشنىڭ شەرت ـ شارائىتىنى يەنىمۇ ياخشىلاش، ئىسىل، نەپىس ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىگە، مىللەتنىڭ ئىسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان مىللىي سەنئەت جەۋھەرلىرىگە يار ـ يۆلەك بولۇش ۋە مەبلەغ جەھەتتىن نۇقتىلىق ياردەم بېرىش، سەنئەت مۇكاپاتى تۈزۈمىنى ياخشىلاپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈش، ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ، قەرەللىك ياكى قەرەلسىز ھالدا سەنئەت تۈرلىرى، سەنئەت مۇئەسسەسەلىرىنىڭ دەرىجە، قاتلاملىرى بويىچە تۈرلۈك باھالاش، مۇكاپاتلاش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش، ئىجادىيەتتە گەۋدىلىك نەتىجىگە ئېرىشكەنلەر، ئەسىرى (نومۇرى) مەلۇم دەرىجىدە ئىجتىمائىي ئۈنۈم ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتقانلارنى ئالاھىدە مۇكاپاتلاش لازىم.

责任编辑：巴力江·杜帕尔
封面设计：加拉利丁·巴合拉木
责任校对：吾买尔江

文学艺术与社会主义市场经济（维吾尔文）

（论文集）
买买提·租农　著

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码：830001）
新疆新华书店发行
新疆人民出版社微机室排版
哈密地区印刷厂印刷
787×1092毫米　32开本　6.625印张　2插页
1997年9月第1版　　1997年9月第1次印刷
印数：1——2000

ISBN7—228—04091—0/I·1514　定价：16.00元

مەسئول مۇھەررىرى :بارىجان زەپەر
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى :جالالىدىن بەھرام
مەسئول كوررېكتور : ئۆمەرجان

مەدەنىيەت ـ سەنئەت ۋە سوتسىيالىستىك
بازار ئىگىلىكى
( ئىلمىي ماقالىلەر )
ئاپتورى : مۇھەممەت زۇنۇن

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى كومپيۇتېر ئىشخانىسىدا تىزىلدى
قۇمۇل ۋىلايەتلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1092 × 787 مىللىمېتر 1/32
باسما تاۋىقى :10.125 قىستۇرما ۋارىقى : 2
1997 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1997 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 2000 ــــــ 1
ISBN7 - 228 - 04091 - 0/I • 1514
باھاسى : 16.00 يۈەن

www.uyghurkitap.com

ISBN 7—228—04091—0

I·1514（民文）定价：16.00元

ISBN 7-228-04091-0

9 787228 040919 >